# ئىسلام ئاساسلىرى

## ئەبۇ ئەلا مەۋدۇدى

# ئاپتۇرنىڭ تەرجىمھالى

سەييىد ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى ١٩٠٣-يىلى ٩-ئاينىڭ ٢٥-كۈنى ھىندىستاننىڭ دېكال ئۆلكىسىنىڭ ئارانگابادا دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىسلام دىنى مۇتەپەككۇرىنىڭ بىرى. ياق، ئۇ پەقەت مۇتەپەككۇرلا بولۇپ قالماستىن بەلكى يەنە كۈچلۈك پائالىيەتچى، ئۇنىڭ ئىددىيىسى ئىسلام دىنى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە تىخمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئىسلام دىنى روھىنى بۈگۈنكى زاماندىكى سياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ قاتلاملىرىغىچە سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى تىرىشىپ، بوشاشماي بىر نىشان- يەنى ئىسلام ئىنقىلابى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان.

١٩٤١-يىلى٨-ئاينىڭ ٢٦-كۈنى ئۆزى ئوخشاش يولدىكى ٧٥ ئادەمنى تەشكىللەپ، ئىسلام جامائىتىنى قۇرغان. بىر نەچچە يىلغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىتتا ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، باشقا پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالغان. ١٩٥٣-يىلى ٣-ئاينىڭ ٢٨-كۈنى خەلقنىڭ يۈكسەك قوللىشىغا ئېرىشكەن بۇ زات ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، قولغا ئېلىنغان. ٥-ئاينىڭ ١-كۈنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى پەيدا بولغان غايەت زور بېسىملارنىڭ تەسىرىدىن ھۆكۈمەت تەرەپ ئامال يوق ئىككى يىلدىن كېيىن ١٩٥٥يىلى ٤-ئاينىڭ ٢٩-كۈنى پاكىستان ئالىي سوت مەھكىمىسى <<جىسمانىي كاپالەتنامە>> بىلەن ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

بۇنداق كىچىك ئىزاھاتلار ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىشلىرىنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ١٩٧٩-يىلى ٥-ئايدا ئۇ كېسەل

سەۋەبى بىلەن ئامېرىكىغا داۋالانغىلى بارىدۇ. ٩-ئاينىڭ ٢٢-كۈنى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي يوروۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئۇ شۇ يىلى ٧٦ ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا بەش ئوغۇل، ئۈچ قىز پەرزەنتى بار ئىدى. ئۇ زاتنىڭ جەستى پاكىستانغا يۆتكەپ كېلىنگەندە ئايرودۇرۇمغا كۈتۈۋالغىلى كەلگەن كىشىلەر يۈز مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

مەن مۇنداق ئىش بىلەن ئۇنىڭ قەدىر قىممىتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمەن.

١٩٧٩- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى «فاھىد پادىشاھ مۇكاپاتى»نى ئۇنىڭغا بېرىشنى قارار قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا قوشقان تۆھپىسىنى تەقدىرلىگەن. بۇ مۇكاپات ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى مۇكاپات بولماستىن، بەلكى ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ ئابرۇيلۇق مۇكاپاتتۇر. ئۇنىڭ باھالاش ھەيئەتلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىسلام دىنى ئالىملىرىدىن تەركىب تاپقان. ھەيئەت رىياستىدىكى كۆپچىلىك بىردەك بۇ مۇكاپاتنى ئۇنىڭغا بېرىشكە قوشۇلغان. پادىشاھ خالىد بۇ مۇكاپاتنى بېرىشۋاتقاندا چاغدا ئۇنىڭغا :«بۇ مۇكاپات سىزگە بىر كىشىلىك شان - شۆھرەت بېغىشلاپلا قالماستىن، بەلكى سىزنىڭ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىڭىز بىزنىڭ بۇ فوندىمىزگە شان – شەرەپ ئېلىپ كەلدى» دېگەن.

ئۇنىڭ ھاياتىدا يازغان ئەسەرلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، مۇنداقلا ھېسابلىسا شەرىئەت قانۇنلىرىغا تەۋە بولغانلىرى ١٥ خىل (جەمئى ٤٨٧٦ بەت)، سىياسىي ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىگە دائىرلىرى ٧ خىل (جەمئى ٦٠٩٨ بەت)، ئۇندىن باشقىلىرى ٢٣ خىل (جەمئى ٧٤٩٧ بەت) بولۇپ، يەنە بىر نەچچىلىرى ھېسابقا ئېلىنمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغىنى ٣٥ خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «ئىسلامنى چۈشىنىش»

دېگەن كىتاب ٢٧ خىلغا تەرجىمە قىلىنغان (خەنزۇچىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇ كىتاب خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ٢- كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇشبۇ كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنىشىنى ئىزاھلىساق تۆۋەندىكىچە : ١٩٣٧-يىلى ئۇ ٣٤ ياشتا ئۇنىڭ تالانتى رەسمى نامايان بولۇشقا باشلىدى. ھەيدەر ئاباد ئوسمانىيە ئۇنىۋېرسىتتىدا ٨٠٠ رۇپىيەلىك ئىش ھەققى بىلەن پروفىسسۇرلۇققا تەكلىپ قىلىندى. شۇ ۋاقىتلاردا، لاھور شەھرىدە ھازىرقى زاماندىكى ئۇلۇغ پەلسەپىۋىلىك شائىر، دوكتۇر ئىقبال ئۇنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى بىرلىكتە زامانىۋى شەرىئەت دەستۇرىنى تۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ يۇقىرى پروفېسسورلۇق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، ١٩٣٨-يىلى ٣- ئايدا قاينام تاشقىنلىققا چۆمگەن ھەيدەر ئابادتىن ئايرىلىپ، ئائىلىسى بىلەن توي قىلغىلى تېخى بىر يىل بولمىغان ئايالىنى ئېلىپ، لاھورغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ يۈز رۇپىيەلىك ئىش ھەققى بىلەن پاتخانكوتا شەھرىنىڭ ئەتراپىدىكى جامالپور دېگەن كىچىك كەنتتە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئەمدىلا ئىشقا كىرىشەي دەۋاتقاندا، دوكتۇر ئىقبال تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى (١٩٣٨-يىلى ٤-ئاينىڭ ٢١-كۈنى). ئۇ ھەرگىزمۇ بوشىشىپ قالماي ، پاتخانكوتادا بىر «ئىسلام ئائىلىسى»نى (DARUL ISLAM) قۇرۇپ، مەخسۇس ئىسلام ئىنقىلابى ياشلىرىنى تەربىيىلىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ھەر جۈمە كۈنى جامالپۇر كەنتىنىڭ مەسچىتىدە جەمئى ٢٩ قېتىم «خۇتبە» تەشۋىق قىلىپ، مۇشۇ كىتابنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈردى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، جامالپور ئىنتايىن ئارقىدا قالغان كەنت بولۇپ، ناماز ئوقۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ساۋاتسىز دېھقانلار ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقى بولسا، سۆزلىرى ئاددى، چۈشىنىشلىك، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى زور بولۇپ، خەلقنى ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن. قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل

ئىچىدە بۇ نۇتۇق تېكىستى ٢٠ قېتىم نەشىر قىلىنغان ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان. ١٩٧٥-يىلى ئىنگلىزچە نەشرى دۇنياغا كەلگەن. ١٩٨٠-يىلىغا كەلگىچە جەمئى بەش قېتىم نەشىر قىلىنغان ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان. ئۇنىڭ نۇتۇق ۋە ئەسەرلىرى ساۋاتسىز دېھقانلارنى قايىل قىلىپلا قالماي، مىڭلىغان تەربىيە كۆرگەن ئەر – ئايال، قېرى – ياش زىيالىلارنىمۇ قايىل قىلغان. ئۇلار شۇ سەۋەپتىن ئۆزىدىكى غەرب ئىددىيىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھەقىقي يولغا قايتقان. چۈنكى ئادەم بۇ كىتابنىڭ ھەر بىر قۇرلىرىنى ئوقۇسا، ئىمانى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. مەن اللەدىن بۇ كىتابنىڭ مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىشىنى تىلەيمەن. ئامىن!

١٩٨٨-يىلى ٣- ئاي
پىل چىشى قىرغىقى

# مۇندەرىجە


## ١- بۆلۈم ئىمان ........................................................ ١

١. لىكسىيە مۇسۇلمانلار ھازىرلاشقا تىگىشلىك بولغان بىلىملەر ................. ١
اللهنىڭ بىزگە قىلغان ئەڭ چوڭ نىئمىتى ............................................... ١
اللهنىڭ بۇ نىئمىتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك؟ ........................... ١
مۇسۇلمان بولۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ............................................... ٢
مۇسۇلمان دېگەن بىر ئىرقنىڭ نامىمۇ؟ ............................................... ٢
ئىسلامغا بەيئەت قىلىشنىڭ مەنىسى .................................................. ٣
ئالدىنقى شەرت _ بىلىم .................................................................. ٤
بىلىمنىڭ مۇھىملىقى ........................................................................ ٦

٢. لىكسىيە مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ھەقىقي پەرقى ............................ ٧
مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرسىدا نېمە ئۈچۈن پەرق بولىدۇ؟ ................ ٧
بۇ پەقەت ئاتالغۇ جەھەتتىكى پەرقمۇ؟ ................................................ ٨
ھەقىقى پەرق _ ئىسلامغا كىرىش بىلەن ئىسلامغا كىرمەسلىكتە ............... ٨
پەرقنىڭ سەۋەبى _ بىلىم ۋە ھەركەتتە ................................................ ٩
مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنيادا جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرايدۇ؟ ........ ١١
چوكقۇرلاپ تەھلىل قىلىپ بېقىشقا تېگىشلىك ئىش ............................. ١٣
مۇسۇلمان دېگەن كىم؟ ..................................................................... ١٩
ئىسلامنىڭ مەنىسى ........................................................................... ١٩
مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيتى ................................................................. ٢٠
لا اله الا الله مخمد رسول الله ........................................................... ٢٢
نېمە ئۈچۈن شۇنداق چوڭ پەرق بار ..................................................... ٢٣
ئىمان كەلىمىسىنىڭ مەنىسى .............................................................. ٢٤
الله بىلەن بولغان ۋەدە ...................................................................... ٢٦

پەيغەمبەر كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلىش .......................................... ٢٧
قەسەم قىلغاندىن كېيىن ئۆتەيدىغان ۋەزىپە ................................ ٢٨
ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بىلەن اللهقا ياردەم بەرگىلى بولمايدۇ................ ٣٠
اللهنىڭ رەھمىتى ۋە بىزنىڭ ھەركىتىمىز........................................ ٣٣
ئىمان كەلىمىسى ......................................................... ٣٣
كۇفرى كەلىمىسى.......................................................... ٣٥
ئوخشىمىغان نەتىجە ....................................................... ٣٦
ئىمان كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت ................................................ ٤٣
ھەرقانداق ئىشتا بىر مەقسەت بولىدۇ.............................................. ٤٣
ئىمان كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت ................................................ ٤٤
ئاخىرەتتىكى نەتىجە ....................................................... ٤٤

## ٢- بۆلۈم ئىسلام ........................................................ ٥٠

١. لېكسىيە مۇسۇلمان دەپ كىمگە ئېيتىمىز؟........................................ ٥٠
ئۆچ تۈرلۈك خاتا يول ..................................................... ٥٣

٢. لېكسىيە ئىماننىڭ ئالتۇن تېشى ........................................................ ٥٧
مۇسۇلماننىڭ ھەقىقىي تەبىرى ................................................ ٥٨
پاسسىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۆز نەپسگە چوقۇنۇش ................................ ٥٨
ئۆرپ- ئادەتكە قارىغۇلارچە ئەگىشىش ........................................... ٥٩
باشقا ئەللەرنى دوراش ..................................................... ٥٩
(١) هاراقنى مەنئى قىلىش ................................................. ٦١
(٢) گۇناھقا تەۋبە قىلىش ................................................. ٦١
(٣) اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقتىن ۋازكېچىش......... ٦٢
(4) كونا ئۆرپ- ئادەتلەرگە ئەگەشكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىش........... ٦٣
اللهنى رازى قىلىشنىڭ يولى .................................................. ٦٤
بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ...................................................... ٦٥

٣.لېكسىيە ئىسلامنىڭ ھەقىقى مەنىسى ........................................... ٦٥
قانۇندىكى ئىسلام بىلەن ھەقىقىي ئىسلامنىڭ پەرقى ........................ ٦٦
ئىككى خىل مۇسۇلمان ......................................................... ٦٨
الله ياقتۇرىدىغان مۇسۇلمانلار........................................................ ٧٠
ئۆز- ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ................................................... ٧١

٤. لېكسىيە نىمە ئۈچۈن اللهقا ئىتائەت قىلىمىز؟................................. ٧٢
اللهتىن باشقىغا ئىتائەت قىلىش.................................................... ٧٤
توغرا يولغا يېتەكلەش اللهتىنلا كېلىدۇ ........................................ ٧٦
قانداق قىلغاندا اللهنىڭ يېتەكلىشىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟
................................................................................... ٧٧
اللهقا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ............ ٧٨

٥. لېكسىيە دىن ۋە شەرىئەت ...................................................... ٧٩
«دىن» نىڭ مەنىسى.................................................................. ٧٩
«شەرىئەت » دېگەن نىمە؟.......................................................... ٨٢
ھەر قايسى شەرىئەتلەر ئوتتۇرسىدىكى پەرىقنىڭ ئەھمىيىتى ............... ٨٣
ھەر قايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرسىدىكى پەرقنىڭ ماھىيىتى ..................... ٨٥
دىن بىلەن شەرىئەتنىڭ ئوتتۇرسىدىكى پەرقنى چۈشەنمەسلىكنىڭ زىيىنى
................................................................................... ٨٦
ئۆز- ئارا چەتكە قېقىشنىڭ زىيىنى.............................................. ٨٨

## ٣- بۆلۈم ناماز ........................................................ ٨٨

١. لېكسىيە ئىبادەت _ دىنى مەجبۇرىيەت ...................................... ٨٨
ئىبادەتنىڭ مەنىسى.................................................................... ٨٩
«ئىبادەت»نىڭ نەتىجىسى ھەققىدە ................................................. ٩١

٢-لىكسىيە ناماز .......................................................................... ٩٧

«ئىبادەت »ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ........................................ ٩٨
ناماز پايدىسى ........................................................................ ١٠١

## ٤- بۆلۈم روزا ........................................................ ١٠٤

١- لىكسىيە ھەر بىر ئۈممەت چوقۇم روزا تۇتۇشى كېرەك ...................... ١٠٤
روزا تۇتۇش نېمىشقا قانۇنلاشتۇرۇلىدۇ؟ .......................................... ١٠٥
ئۇنداقتا ئىبادەتنىڭ نەتىجىسى قەيەردە؟ ........................................ ١١٠

٢. لېكسىيە روزا تۇتۇشنىڭ ھەقىقىي مەقسىدى .................................. ١١١
ھەربىر ئىشتا مەقسەت بار ........................................................... ١١١
سىرتقى كۆرنۈشنى راست دەپ قاراشنىڭ ئاقىۋىتى ............................. ١١٢
روزا ئېيىدىن كېيىن .................................................................. ١١٣
«ئىبادەت»كە بولغان خاتا قاراشنىڭ ئاقىۋىتى ................................. ١١٤
ياخشى ئىشلارنى قىزغىنلىق بىلەن قىلىش ...................................... ١١٦
ئىپتار قىلدۇرۇشنىڭ پەزىلىتى ....................................................... ١١٧

## ٥- بۆلۈم زاكات ........................................................ ١١٧

١. لېكسىيە زاكاتنىڭ مۇھىملىقى ........................................................ ١١٧
زاكاتنىڭ مەنىسى ...................................................................... ١١٧
زاكات _ بىر خىل سىناق ............................................................ ١١٨
پەيغەمبەر ئۈممىتى سانالغان ئادەم چوقۇم زاكات تاپشۇرۇشى كېرەك ١١٩
زاكات بىرىشكە مۇسۇلمانلار چوقۇم رىئايە قىلىشى كېرەك ..................... ١٢٠
ئىشەنگۈچىنىڭ بەلگىسى ناماز ۋە زاكات ........................................... ١٢٢
ئىسلام دوستلۇقىنىڭ ئاساسى .......................................................... ١٢٢
اللەنىڭ ئۆز – ئارا ياردەم بىرىشتە بەلگىلىگەن شەرتلىرى .................. ١٢٣
مۇسۇلمانلارغا بىرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ........................................... ١٢٤

زاكات بەرمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى ..................................... ١٢٥

٢- لېكسىيە زاكاتنىڭ ھەقىقىي ئورنى ................................................ ١٢٦
اللهقا قانداق يېقىنلىشىش كېرەك؟ .............................................. ١٢٦
اللهنىڭ قوشۇنى تەلەپ قىلىدىغان پەزىلەتلەر ................................ ١٣٠

٣. لېكسىيە زاكاتنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇشتىكى ئورنى ........................... ١٣٧
اللهنىڭ شەپقەتلىكلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ........................................ ١٣٧
الله نىمە ئۈچۈن سەدىقە بېرىشنى سەمىمىيلىك بىلەن تاپلايدۇ؟ ......... ١٣٩
ھەل قىلىشنىڭ يولى .................................................................. ١٤٤

٤. لېكسىيە الله يولى ئۈچۈن تەقدىم قىلىش ...................................... ١٤٤
اللهنى سېغىنىشتىكى ئادەتتىكى يولىيۇرۇقلار .................................. ١٤٥
اللهنى سېغىنىشتىكى ئالاھىدە يولىيۇرۇقلار .................................... ١٤٦
«الله يولىدا تەقدىم قىلىش»نىڭ ئادەتتىكى يولىيۇرۇقلىرى ................. ١٤٧
«الله يولى ئۈچۈن تەقدىم قىلىش»نىڭ ئالاھىدە يولىيۇرۇقلىرى .......... ١٤٧
«تەقدىم قىلىش» نىڭ ئادەتتىكىچە يولىيۇرۇقىنىڭ قىسقىچە
چۈشەندۈرۈلىشى ...................................................................... ١٤٨
الله يولىدا تەقدىم قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ......................................... ١٥٠

٥-لىكسىيە زاكاتنىڭ ئالاھىدە يول يورۇقلىرى .................................... ١٥٦
زاكاتتىقا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ تۈرلۈك يول يورۇق ................................ ١٥٦
بىر قانچە تۈرلەردە زاكات ئېلىشنىڭ تۆۋەن چېكى ............................ ١٥٨
ئۈنچە-مەرۋايىتتىن ئېلىنىدىغان زاكات ......................................... ١٥٩
زاكاتنى كىم قوبۇل قىلىشى كېرەك؟ ............................................ ١٥٩
قانداق ئادەمگە زاكات بېرىش، قانداق ئادەمگە زاكات بەرمەسلىك
كېرەك؟ .................................................................................. ١٦١
كوللېكتىپ ھالدا زاكات يىغىش تۈزۈمى ........................................ ١٦٤

## ٦- بۆلۈم ھەج قىلىش ........................................ ١٦٥

١. لېكسىيە ھەج قىلىش ........................................ ١٦٦
ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى........................................ ١٦٦
ھەج قىلىشنىڭ پەيدا بولۇش مەنىسى ........................................ ١٦٦
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئەھۋاللار ........................................ ١٦٦
ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسى ........................................ ١٦٨
ئىبراھىمنىڭ چىگرىنى ئېنىق ئايرىغانلىقى توغرىسىدىكى خىتابنامىسى ........................................ ١٦٨
بالايى ئاپەت چۈشۈش ........................................ ١٧٠
كۆچۈش ........................................ ١٧١
بالىسىغا بولغان تەربىيە ........................................ ١٧٢
ئەڭ ئۇلۇغ سىناق ........................................ ١٧٣
ئىنسانلارنىڭ داھىيسى ........................................ ١٧٣
لوتنى ئىئوردانىيىدە تۇرۇشقا ئەۋەتىش ........................................ ١٧٤
ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى پەلەستىندە تۇرۇشقا ئەۋەتىش........................................ ١٧٤
ئىسمائىلنى ھىجازدا تۇرۇشقا ئەۋەتىش ........................................ ١٧٤
كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................ ١٧٥
ئىبراھىم ۋە ئىسمائىلنىڭ دۇئاسى ........................................ ١٧٦

2.لىكسىيە ھەج قىلىشنىڭ تارىخى........................................ ١٧٨
ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىنىڭ بۇتقا چوقۇنۇش ئادىتى ........................................ ١٧٨
ھەج قىلىش قانداق بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن؟ ........................................ ١٧٩
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ گۈللىنىشى ........................................ ١٨٢
ھەج قىلىشنى اللهنىڭ ئىرادىسى قىلىپ بېكىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ..١٨٨

٣. لېكسىيە ھەج قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ........................................ ١٨٩
ھەج قىلىشنىڭ ساياھەت قىلىش خارەكتىرى ........................................ ١٩٠

چىن دىل بىلەن ساۋابلىق ئىش قىلىش ........................................ ١٩١
پەرز كىيىمى(IHRAM) ........................................................ ١٩٢
تەلبىيەھ (ئاۋاز قوشۇش)........................................................ ١٩٣
كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ........................................................ ١٩٤
مېكىپ ئۆتۈش........................................................................ ١٩٥
(سافا ۋە مەرۋەر تېغىنىڭ ئوتتۇرسىدىن مېكىپ ئۆتۈش)..................... ١٩٥
منا ۋە ئەرافات................................................................. ١٩٦
تاش ئېتىش............................................................................ ١٩٦
ھەج قىلىشنىڭ شاپائىتى ۋە ئۆنۈمى............................................. ١٩٨
ھەج قىلىش كوللىكتىپ «ئىبادەت» قىلىشتۇر ................................ ١٩٩

٤ .لىكسىيە پۈتۈن دۇنيا خارەكتىرلىك ھەج قىلىش ............................ ٢٠٠
ھەج قىلىشنىڭ مۆۋەپىقيەتلىرى .................................................. ٢٠٠
ئىسلام قېرىنداشلار !مانا بۇ ھەج قىلىش.......................................... ٢٠٦
ھەج قىلىشنىڭ پايدىسىغا تولۇق ئېرىششنىڭ ئۇسۇلى ........................ ٢١٠

## ٧- بۆلۈم جىھاد .................................................... ٢١٣

١. لېكسيە جىھاد ................................................................ ٢١٣
ئىسلامنىڭ ھەقىقي نىشانى ...................................................... ٢١٤
جىنايەتنىڭ مەنبەسى _ چىرىك سىياسى تۈزۈم ................................ ٢١٤
ئىسلاھاتنىڭ بىرىنچى قەدىمى _ ھۆكمەتنى ياخشىلاش ........................ ٢١٧
پەسكەش سىياسي ھاكىميەتنىڭ ئاساسى _ ئادەمنىڭ ئادەمگە
ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر............................................................ ٢١٨
ئىسلاھاتنىڭ ئاساسي _ اللهنىڭ ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر
٢٢٠ ..........................................................................................
ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى _ مۇشەققەتلىك بىر يولدۇر............................. ٢٢١
«ئىبادەت» _ چېنىقىش دەرسلىكىدۇر.............................................. ٢٢٢

اللهقا ئىشەنگۈچىلەر باشقۇرغان ھۆكۈمەتكە شاپائەت بولىدۇ............٢٢٤

**٢- لېكسىيە جىھادنىڭ مۇھىملىقى.................................................. ٢٢٦**
**بىر ئادەمدە ئىككى خىل دىن بولمايدۇ**.......................................٢٢٧
**ھەر بىر دىن ھوقۇقنى تەلەپ قىلىدۇ**......................................٢٢٩
**مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈش** .................................................٢٣٠
**جىھادنىڭ ئىسلام دىنىدىكى مۇھىملىقى**.......................................٢٣٣
**ھەقىقىي مۆئمىننى تونۇشنىڭ بەلگىسى جىھاد**...............................٢٣٦
**جىھاد قىلمىغۇچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ**..........................................٢٣٦

# ١- بۆلۈم ئىمان

## ١. لىكسىيە مۇسۇلمانلار ھازىرلاشقا تىگىشلىك بولغان بىلىملەر

مۇسۇلمان قېرىنداشلار:

### اللهنىڭ بىزگە قىلغان ئەڭ چوڭ نېئمىتى

ھەر بىر مۇسۇلمان اللهنىڭ مۇشۇ دۇنياغا قىلغان ئەڭ چوڭ نېمىتىنىڭ دەل ئىسلام ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ھەر بىر كىشى اللهقا تەشەككۇر ئېيتىدۇ ۋە ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ بىر ئۇممىتى ھېسابلايدۇ ھەم اللهنىڭ ئىسلام دىنىدەك مۇشۇ سائادەتنى ئاتا قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە اللهتاالله بەندىلىرىگە بەرگەن مۇشۇ ئەڭ چوڭ نېئمىتىنى ئېيتىپ ئۆتتى. «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» (سۈرە مائىدە ٣- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

### اللهنىڭ بۇ نېئمىتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك؟

سىلەر اللهقا جاۋاب بېرىشىڭلار كېرەك، چۈنكى ئۇ سىلەرگە بۇ نېئمەتنى ھەدىيە قىلدى، جاۋاب قايتۇرمىغان كىشى دەل اللهنىڭ نېئمىتىنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىدۇر. اللهنىڭ نېئمىتىنى ئۇنتۇيدىغان ئىشنى ئەڭ قىلدىغان ئادەم اللهنىڭ نېئمىتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان بولىدۇ.

ئەمدى سىلەر «بىز اللهقا قەرزدار ئىكەنمىز، ئۇنداقتا قانداق قىلىپ بۇنى قايتۇرىمىز؟» دەپ سورىساڭلار، مېنىڭ جاۋابىم شۇكى: گەرچە الله سىلەرنى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئۈممىتى قىلىپ ياراتقان ئىكەن، سىلەرنىڭ اللەنىڭ شاپائىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سادىق ئۈممىتى بولۇشتۇر. الله سىلەرنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى قىلىپ ياراتقان ئىكەن، سىلەرنىڭ بۇ شاپائەتكە جاۋاب قايتۇرىدىغان يولۇڭلار يەنىلا ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان بولۇشتۇر، اللەنىڭ تىخىمۇ چوڭ ھىدايىتىنى تىلەيدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا مۇ شۇ ئۇسۇلدىن باشقا يول بىلەن جاۋاب قايتۇرالمايسىلەر. ناۋادا سىلەر بۇ شاپائەتكە جاۋاب قايتۇرمايدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا سىلەرگە بەرگەن جازاسى ھەدىيەسىدەك شۈنچىلىك چوڭ بولىدۇ. ئى الله بىزنى بۇ جازادىن قۇتقۇزغىن، ئامىن!

## مۇسۇلمان بولۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى

ئۇنداقتا سىلەر بىر ئادەم قانداق قىلغاندا ھەقىقى بىر مۇسۇلمان بولالايدۇ؟ دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. بۇ مەسىلىنى مەن كېيىنكى ھەر جۈمە كۈنىدە تەرتىپ بويىچە كۆپچىلىككە تەپسىلىي چۈشەندۈرىمەن. بىراق بۈگۈن ھەر قايسىڭلارغا ئەڭ مۇھىم بولغان بىر باسقۇچنى سۆزلەپ بېرىمەن.

## مۇسۇلمان دېگەن بىر ئىرقنىڭ نامىمۇ؟

سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، مۇسۇلمان دېگەن بۇ نام زادى نېمە مەنا بېرىدۇ؟

ئىسلام ئادەم بىلەن تەڭلا ۋۇجۇتقا كەلگەنمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ ئەجداتلىرى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىمۇ مۇسۇلمان ھېسابلىنامدۇ؟ خۇددى بىراھمان ئەۋلادلىرى مەڭگۈ بىراھمان بولغاندەك، راجپۇت ئەۋلادلىرى مەڭگۈ راجپۇت بولغاندەك، سۇدرا ئەۋلادلىرى مەڭگۈ سۇدرا بولىۋەرگەندەك، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىمۇ مەڭگۈ مۇسۇلمان ھېسابلىنامدۇ؟ مۇسۇلمان دىگەن بۇ نام خۇددى ئىنگىلىز دىگەنگە ئوخشاش بىرەر مىللەت ياكى ئىرقنىڭ ئىسمىمۇ؟ ئىسلام جەمئىيەتىدە تۇغۇلۇپ، ياشاپ چوڭ بولغان كىشىلەرنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىساق

بولىۋېرەمدۇ؟ بۇ مەسىلىگە قارىتا سىلەر قانداق جاۋاب بېرىسىلەر؟ سىلەر چوقۇمكى: «ياق! بۇنداق ئادەملەر ھەرگىز مۇسۇلمان بولىۋەرمەيدۇ، بىر بىراھمان، بىر راجپۇت، بىر ئىنگلىز ياكى بىر جاترا پەقەت ئىسلام دىنىغا كىرسىلا ئۇ مۇسۇلمانىغا ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە، بىر ئادەم مەيلى ئۇ پەيغەمبەر ئەۋلادى ياكى پۇشتور (ھىندىستاننىڭ غەربى شىمالى ۋە ئافغانىستاندىكى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان مىللەت) بولسۇن ئۇ ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىپلا كەتسە، ئۇ قايتا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولالمايدۇ. باشقا ھەرقانداق تەبىقىدىكى بىر كىشى ئىسلامغا بەيئەت قىلىدىكەن ئۇ مۇسۇلمان بولغان بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىسىلەر. توغرا، ھەر قايسىڭىزلار مۇشۇنداق جاۋاب بېرىسىلەر، سىلەرنىڭ جاۋابىڭلاردىن بىز شۇنداق خۇلاسە چىقىرالايمىز: سىلەر بەھرىمەن بولىۋاتقان اللەنىڭ ئەڭ چوڭ نېئمىتى مۇسۇلمان بولىشىڭلاردۇر. مۇسۇلمانلىق ئاتا ـ ئاناڭلاردىن قالغان مىراس ئەمەس، سىلەر قولۇڭلارنى سوزۇپلا ئېرىشىدىغان ھەم پايدىلىنىدىغان بايلىق ئەمەس، بەلكى بۇ نېئمەتنى سىلەر ئۆز تىرىشچانلىقىڭلارغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرسىلەر. سەللا بىخەستە بولساڭلار ئۇنى باشقىلار ئېلىپ كېتىدۇ. رەببىمىز بۇ پالاكەتتىن ئۆزۈڭ ئامان قىلغايسەن!

## ئىسلامغا بەيئەت قىلىشنىڭ مەنىسى

سىلەر سۆزلىگەن «بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولىشى ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بولىدۇ» دېگەننى بىز داۋاملىق مۇھاكىمە قىلايلى. بۇ يەردىكى مەسىلە «ئىسلامنى قوبۇل قىلىش» دېگەننىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ بىر ئادەم ئېغىزدىلا «مەن مۇسۇلمان» دەپ قويسىلا ئۇ مۇسۇلمان بولامدۇ؟ ياكى ئۆزىنىڭ چۈشەنمەي تۇرۇپ بىر نەچچە ئەرەبچە سۆزنى ئوقىسىلا مۇسۇلمان بولۇپ قالامدۇ؟ سىلەر بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلەمسىلەر؟ ئەلۋەتتە، سىلەر جاۋاب بېرىپ شۇنداق دەيسىلەركى، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى ـ بىر ئادەم ئاڭلىق بىلىپ تۇرۇپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ھاياتى

پائالىيەتتە بولسا ۋە مۇشۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، ئۇ بىر مۇسۇلماندۇر. كىمكى بۇنى ئورۇنلىيالمايدىكەن، ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس.

## ئالدىنقى شەرت _ بىلىم

جاۋابىغلاردىن بىز شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، ئىسلام بولسا بىر بىلىمنىڭ ئىسمى، بەلكى شۇ بىلىمنى جارى قىلدۇرۇش (ئەمەلدە كۆرسىتىش) جەريانىنىڭ نامىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىر بىراھمان ئۆز دىنى ھەققىدە ھېچنىمىنى بىلمىسىمۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىراھمان ھېسابلانماي قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ تۇغۇلغاندىلا بىر بىراھمان ھەم ئەبەدى بىراھماندۇر، بىراق مۇسۇلمانلار ئۇنداق بولمايدۇ: مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان بولۇش _ بولالماسلىقنى بىلىشتە ئۇنىڭ ئەجدادىغا قارىمايمىز. بەلكى ئۇنىڭ بىلىمگە قارايمىز. ئەگەر بىر كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىملىرىنى بىلمىسە ئۇ قانداقمۇ ئۆز ئېتىقادىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلىسۇن؟ ھەم قانداق قىلىپ ئۆز دىنىنى ئەمەلدە كۆرستەلىسۇن؟ ئەگەر ئۇ ئۆز ئېتىقادىغا بىر نەرسە دىيەلمىسە ھەم ئۇنى تولۇق چۈشەنمىسە، ئۇ ئۆزىنى قانداقسىگە مۇسۇلمان دەپ ئاتىسۇن؟ بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، بىلىمسىزلىك ئەھۋالدا مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ. بىر كىشى مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، مۇسۇلماننىڭ ئىسمىدىن بىرنى ئۆزىگە قويۇپ، مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش كىينىۋېلىپ، ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىۋالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. ھەقىقىي مۇسۇلمان بولسا اللهنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدۇ ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىدۇر. بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر كاپىر (اللهقا ئىشەنمەيدىغان ئادەم) نىڭ ھەقىقى پەرقى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىسمىدا ئەمەس. ئابدۇللاھ (اللهنىڭ قۇلى) ئىسىملىك ئادەملەرنى مۇسۇلمان دىگىلى بولمايدۇ. رام، پارساد ئىسىملىكنى كاپىر دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. ئوخشاشلا كىيىمدىكى پەرققە قاراپ مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ. مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ھەقىقى پەرقى بىلىم، بىر ئادەم الله بىلەن ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن

ۋە ئۆزى بىلەن اﷲنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن، شۇنداقلا بۇ دۇنيادا اﷲنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشنى، توغرا تۇرمۇش يولىدا ياشاشنى بىلمىگىنى ئۈچۈن كاپىردۇر. ئەگەر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئادەم بۇ تەرەپلەرنى بىلمىگەن، ھەممىنى بىلگەن بولسا، ئۇنىڭ كاپىر بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟ شۇنداق تۇرۇپمۇ سىلەر نېمىشقا بۇ مۇسۇلمان، ئۇ كاپىر دەپ يۈرىيسىلەر؟

ھەرقايسىڭلار دېگەنلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغايسىلەر ۋە مەن تەكىتلىمەكچى بولغان بۇ نۇقتا ئۈستىدە قايتا _ قايتا پىكىر قىلغايسىلەر، سىلەر تېگى _ تەكتىدىن شۇنى چۈشىنىشىڭلار كېرەككى _ سىلەر اﷲنىڭ سىلەرگە قىلغان نېمىتىگە مىننەتتارلىق بىلدۈرىدىغانلار، بىراق سىلەرنىڭ بۇ نېمەتكە ئېرىشىش _ ئېرىشەلمەسلىكىڭلار پۈتۈنلەي سىلەرنىڭ بىلىمىڭلارغا باغلىق، ئەگەر سىلەردە بىلىم بولمىسا، بۇ نېمەتكە ئېرىشەلمەيسىلەر. گەرچە بۇ نېمەتكە ئېرىشتىم دېگەندىمۇ بەلكى بىلىمسىزلىكىڭلاردىن بۇ قىممەتلىك سوۋغىنى يوقۇتۇپ قويىسىلەر، بۇ سوۋغىغا ئېرىشكەن كىشى ئوي _ پىكرىنىڭ ئاددىيلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان ئەمەس. ئىسلام بىلەن كۇفرىلىقنىڭ، ئىسلام دىنى بىلەن كۆپ ئىلاھلىق دىن (شىرىكلىك) نىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغان ئادەم خۇددى قاراڭغۇ زۇلمەتتە يول يۈرگەنگە ئوخشاش، ئۆزى كېتىۋاتقان يولنى تۈز دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ يولدىن چەتنەپ باشقا بىر يولغا چىقىپ قالغان بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. ئېھتىمال ئۇ بىر ئالدامچىغا يولۇقىشى، ئۇ ئالدامچى ئۇنىڭغا: «كەل بالام، سەن قاراڭغۇدا يولدىن ئازدىڭ، مەن سىنى كۆزلىگەن جايىڭغا باشلاپ باراي» دېيىشى مۇمكىن. قاراڭغۇلۇقتىكى بۇ بىچارە يولۇچى قايسى يولنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكىنى كۆرەلمەي سەۋەبلىكىدىن ئالدامچى قولىغا چۈشۈپ قېلىشى ۋە يامان يولغا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ يولۇچى شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق خەتەرگە يولۇققانكى، چۈنكى نۇر (ئىمان) يوق، شۇڭا تۈز يول

تېپىپ ئىلگىرلىيەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇنىڭدا يورۇقلۇق بولسا ئىدى، ناھايىتى رۇشەنكى ئۇ يولدىن ئازمىغان، باشقىلار تەرىپىدىن يامان يولغا باشلاپ كېتىلمىگەن بولاتتى. يۇقارقى ئوخشىتىشلاردىن سىلەر شۇنى كۆرۈۋالىسىلەركى، ئۇ بولسىمۇ مۇسۇلمانلار ئۆچۈن ئەڭ چوڭ خەتەر دەل ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە قارىتا بىلىمسىزلىكى، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەسلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە قالدۇرغان ھەدىس _ نەسىھەتلىرىنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرالماسلىقتۇر. بىلىمنىڭ كەمچىللىكىدىن ئۇ زۇلمەت ئىچىدە تېڭىرقايدۇ ۋە ئالدامچى (شەيتان) تەرىپىدىن يامان يولغا باشلىنىپ كېتىدۇ. بىراق ناۋادا ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ نۇرى بولسا ھاياتىدا ئىسلامنىڭ داغدام يولىنى كۆرەلەيدۇ. كۇفرلىق، شېرىكلىك ۋە دىنسىزلىقنىڭ ناتوغرا يولىنى بايقاپ ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنالايدۇ، ھاياتلىق يولىدا ئۇ بىرەر قايمۇقتۇرغۇچىغا يولۇققان ۋاقىتتا بىر نەچچە ئېغىز پاراڭ بىلەنلا بۇنىڭ بىر ئىبلىس (شەيتان) ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ھەرگىزمۇ ئۇ تەرەپكە ماڭمايدۇ.

## بىلىمنىڭ مۇھىملىقى

مۆھتەرەم قېرىنداشلار:

سىلەر ۋە سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇش _ بولماسلىقى، شۇنداقلا مەڭگۈ مۇسۇلمان بولالىشى پۈتۈنلەي بىلىمگە باغلىق بولىدۇ. مەن ھەرقايسىڭلارغا بۇ بىلىمنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. بۇنى بىز ئادەتتىكى بىر مەسىلە دەپ قارىغىنىمىزدا سىلەر يەر تېرىغان، سۇغارغان، يەر ئوتىغان ۋە ئىنەك ساغقان چاغلىرىڭلاردا قىلچىمۇ بىخەستەنلىك قىلمايسىلەر. چۈنكى ئېھتىيات قىلمىساڭلار ئاچ قالىسىلەر، شۇنىڭ بىلەن ھاياتلىقتىن ئىبارەت قىممەتلىك نەرسىدىن ئايرىلىپ قالىسىلەر.

سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلار: سىلەرنى مۇسۇلمان دېگەن نامغا ئىگە قىلىدىغان ھەم مەڭگۈ ئۆزگەرمەس بىلىمگە شۇنداق سەل قارىساڭلار بولامدۇ؟ ئەجىبا بۇ سىلەرنى

ناھايىتى قىممەتلىك بولغان ئىماندىن چىقىپ كېتىشنىڭ خەتىرىگە ئۇچىراتامدۇ؟ ئەجىبا ئىمان ھاياتلىقتىنمۇ قىممەتلىك ئەمەسمۇ؟ ئەجىبا سىلەر تۇرمۇشۇڭلاردا سەرپ بولغان ۋاقتىڭ ھەم ئەمگەك كۈچىنىڭ ١٠ دىن بىرىنى سەرپ قىلىپ بولسىمۇ، ئىمانىڭلارنى قوغدىيالامسىلەر؟

مەن سىلەرنى ھەرگىزمۇ موللا بولۇپ، ١٠-٢٠ يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ بېشىڭلار ئاقارغىچە ئوقۇڭلار دېمەكچى ئەمەسمەن. بىر مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ئۇنچە كۆپ كىتابلارنى ئوقۇش ھاجەت ئەمەس. مەن پەقەتلا ھەر بىرىڭلاردىن ٢٤ سائەت ۋاقتىڭلارنى ئۆز لايىقىدا سەرپ قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. مەيلى ئۇ ئەر _ ئايال، قېرى _ ياش بولسۇن ھەممىسى دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندا، ئاندىن «قۇرئان كەرىم» نىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭ نازىل بولىشىدىكى مەخسەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلەيدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگەندىكى ۋەزىپىسىنىڭ نېمىلىكىنى، ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ نېمىلىكىنى، اللهقا ئىشەنگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ نېمىلىكى قاتارلىق بىلىملەرنى ئىگەللەشكە ئۇنچىۋالا كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ.

ئەگەر سىز ئىماننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قىممەتلىكلىكىنى بىلسىڭىز، ھەر كۈنى پەقەت بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلسىڭىزلا ئۇنى ئاسانلا ئىگەللىيەلەيسىز.

## ٢. ئىكىسىيە مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ھەقىقى پەرقى

## مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرسىدا نېمە ئۈچۈن پەرق بولىدۇ؟

ھەر بىر مۇسۇلمان (سىزنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغان ھالدا) مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنىنىڭ كاپىرلارنىڭ ئورنىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. الله مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، كاپىرلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مۇسۇلمانلارنى

نىجاتلىققا ئېرىشتۈردۇ، كاپىرلارنى ئۇنداق قىلمايدۇ. مۇسۇلمانلار جەننەتكە كىرىدۇ، كاپىرلار بولسا دوزاخقا كىرىدۇ. مەن بۇ گەپنى ھەر قايسىلاردىن تەپسىلىي ئويلىنىپ بېقىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. كاپىرلارمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئادەم. ئۇلارنىڭمۇ سىلەرگە ئوخشاش پۇت ـ قول، كۆز ـ قۇلاقلىرى بار، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ، ئوخشاش سۇنى ئىچىدۇ، ئوخشاش زېمىندا ياشايدۇ. سىلەرنى ياراتقان الله ئۇلارنىمۇ ياراتقان. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئورنىدىن سىلەرنىڭ ئورنىڭلار يۇقىرى بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سىلەر جەننەتكە كىرىسىلەر، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ؟

## بۇ پەقەت ئاتالغۇ جەھەتتىكى پەرقمۇ؟

بۇ بىر چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل پەرق، سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئابدۇللا ياكى ئابدۇراھمان بولىشى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ گەينى ياكى كارىجىنگى ھەم لوبوسۇن بولىشى ياكى سىزنىڭ گۆش يېيىشىڭىز، ئۇنىڭ گۆش يېمەسلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس، بارلىق ئىنسانىيەتنى ياراتقان قۇدرەتلىك الله پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەربىيچىسى، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزى ياراتقان ئىنسانلار ئارىسىدا يۇقىرىقى ئاساسىي مەقسەتكە مۇناسىۋەتسىز بولغان سەۋەبلەر بىلەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان ئەمەس، بەلكى بۇ سەۋەپ تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ قۇللىرىدىن (بەندىلىرىدىن) بىرنى ئېچىنىشلىق ھالەتتە قالدۇرۇپ دوزاخقا تاشلىسا، بىرنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

## ھەقىقى پەرق ـ ئىسلامغا كىرىش بىلەن ئىسلامغا كىرمەسلىكتە

شۇنداق بولغانىكەن ئۇنداقتا سىز ئويلاپ بېقىڭ. ھەقىقىي پەرق زادى نەدە؟ بىردىنبىر جاۋاب شۇكى: ھەقىقىي پەرق بولسا، ئىسلام ۋە كۇفىردۇر. «ئىسلام» نىڭ مەنىسى بولسا اللهقا بويسۇنۇش. «كۇفرى» نىڭ مەنىسى بولسا اللهقا قارشى

تۇرۇشتۇر. مۇسۇلمان بىلەن كافىر ئوخشاشلا ئادەم، ئوخشاشلا اللهنىڭ قۇللىرى، لېكىن بىرسى اللهنى ئېتىراپ قىلغان، اللهقا بويسۇنغان، اللهقا قارشى بىرسىچۇ؟ ئۆزىنىڭ ئىگىسىنى تونىمىغانلىقتىن، اللهنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئورنى تۆۋەن، شۇڭا الله مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، كاپىرلارنى ئۆچ كۆرىدۇ. مۇسۇلمانلارغا جەننەت ئاتا قىلسا، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايىغا دوزاخ هازىرلىغاندۇر.

## پەرقىنىڭ سەۋەبى _ بىلىم ۋە ھەركەتتە

بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئىككى ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ بىرسى بىلىم، يەنە بىرى ھەركەتتۇر. بىر ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى تونىشى، ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، بويسۇندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، نېمىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىشى لازىم. بۇنىڭ ھەممىسى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە ئۆزىنى اللهنىڭ چاكىرى دەپ قاراپ، اللهنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاۋايى _ ھەۋەسلىرىدىن ۋازكېچىشى كېرەك.

مەسىلەن: ئۇ ئۆزى قىلىشنى ئويلىغان، بىراق بۇ ئىش اللهنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ بولغان بولسا، ئۇ بۇ ھەۋىسىدىن ۋازكېچىشى كېرەك. بەلكى اللهنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىرەر ئىشنى ناھايىتى يۇكسەك دەپ قارىسا، لېكىن اللهنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش ناھايىتى پەسكەش دەپ قارالغان بولسا، ئۇ چوقۇم بۇ ئىشنى پەسكەش ئىش دەپ قارىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولۇپ زىيانغا ئۇچۇرىغىدەك بولسا، ئەمما الله بۇ ئىشنى قىلىشنى زۆرۈر دەپ بىلسە، ئۇنداقتا ئۇ جېنىنى ۋە مېلىنى سەرپ قىلىپ بولسىمۇ چوقۇم قىلىشى كېرەك.

اللهنىڭ بىر سادىق قۇلى بولۇش، اللهنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىش ۋە اللهنىڭ شان _ شەرىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر مۇسۇلمان چوقۇم بىلىشى

كىرەلەك. ئەكسىچە كاپىرلاردا بۇنداق بىلىم يوق. الله ئۇلارنى ئاسىي بەندىلەر دەپ قاراپ ئۇلارغا بېرىدىغان ئىنئامىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

سىلەر ئۆزەڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان بىر ئادەم پەس، چاكىنا كاپىرغا ئوخشاش قانداقتۇر ئوخشىمىغان ئىسمىنى قوللىنىپ، ئوخشىمىغان كىيىمنى كىيىپ، ئوخشىمىغان يېمەكلىك يەپ يۈرسە ئۇنى ئاشۇ يۈكسەك كىشىلەر بىلەن باراۋەر دېيىشكە بولامدۇ؟ ئۇ نېمىگە ئاساسەن ئۇ ئالەم ۋە بۇ ئالەمدە اللهنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلىسۇن؟ ئىسلام قەبىلە، مەزھەب، نەسەب دەپ ئايرىمايدۇ. بوۋىسى ئاتىسىغا، ئاتىسى بالىسىغا، بالىسى نەۋرىسىگە مىراس قالدۇرمايدۇ. (ھىندىلارغا ئوخشاش) ھىندى دىنىدا نەسەبلىك بىراھمانلارنىڭ باللىرى مەيلى ئۇ ئۇگەنسۇن ياكى ئۇگەنمىسۇن قانداقلا ئىش قىلسۇن، مەڭگۇ نەسەبلىك تەبىقە بولىدۇ. سۇدارلار بولسا مەڭگۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن الله «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ ١٣- ئايىتىنىڭ بىر قىسمىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر.»

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى: بىر ئادەم اللهنى تونىسا، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنسا، اللهنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ئورنى ھەممىدىن ئۈستۈن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام گەرچە كاپىر (دىنسىز) ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما اللهنى تونۇپ بويسۇنغان، شۇڭلاشقا الله ئۇنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىمامى قىلدى. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بولسا بىر پەيغەمبەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئىگىسىنى تونۇمىغان، اللهقا بويسۇنمىغان. شۇڭا اللهتالا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قارىماستىن ئۇنى جازالاپ، كىشىلەر ئارىسىدا مەسخىرە قىلغان. مەن كۆپچىلىكتىن اللهنىڭ نەزىرىدە ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى پەرقنىڭ پۈتۈنلەي بىلىم ۋە ئەمىلىي ھەركەت بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىشنى

ئۆمىد قىلىمەن. بۇ ئالەم ۋە ئۇ ئالەمدە الله ئۆزىنى تونۇغان، ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا ماڭغان، ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغان ئادەمنى پاناھىغا ئالىدۇ. ئۇنداق ئەخلاقى ئىگە بولمىغانلار ئىسمىنىڭ ئابدۇللا ياكى ئابدۇراخمان بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاشلا اللهنىڭ نەزىرىدە پەرقسىز بولۇپ، الله ئۇنى قوغدىمايدۇ.

## مۇسۇلمانلار نىمە ئۈچۈن بۇ دۇنيادا جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرايدۇ؟

قېرىنداشلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى مۇسۇلمان دەپ ئاتايدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا سىلەر اللهنىڭ مۇسۇلمانلارنى  قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىلەر؟ كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ قاراپ بېقىڭلار؟ الله سىلەرنى قوغدىدىمۇ _ يوق؟ كېيىنكى دۇنيادا قانداق بولىسىلەر؟ سىلەر كۆزۈڭلار بىلەن كۆرەلەيسىلەر، لېكىن سىلەر بۇ ئالەمدىكى ئازاپ _ ئوقۇبەتنى كۆرۈپ بېقىڭلار. ھىندىستاندا ۹۰ مىليۇن مۇسۇلمان بار سىلەر بۇنچە كۆپ ئادەم ھەر بىر ئادەم بىردىن تاش قويساڭلار بىر تاغ ھاسىل بولىدۇ. لېكىن مۇشۇنچىلىغان كۆپ مۇسۇلمان ئاممىنىڭ زېمىنى، ھوقوقى دىنسىزلارنىڭ قولىدا تۇرىۋاتىدۇ. سىلەرنى قايسى تەرەپكە قاراتقۇسى كەلسە، شۇتەرەپكە قارىتىدۇ. سىلەرنىڭ پەقەتلا اللهقا ئېگىلىدىغان بىشىڭلار نىشانىڭلارغا قاراپ ئىگىلىدۇ. سىلەر ئېرىشمەكچى بولغان شان _ شەرەپلەرنى چاڭ _ توزانلار بېسىۋالدى. ئەسلىدە مەغرۇر يۈرۈيدىغانلار كاپىرلارنىڭ قولىدا خارلىنىپ بىلىمسىزلىك، كەمبەغەللىك، مۇھتاجلىقنىڭ دەردىدە ھەممىلا يەردە خارلىنىۋاتىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن قۇلغا ئوخشاپ قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ ھالەت ئەسلى يۈز بەرمەسلىكى كېرەكتىغۇ؟ الله مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇسۇلمانلار قانداقمۇ بۇ ئالەمدە خارلانسۇن؟ ئەجىبا سىلەرنىڭ ئىگەڭلار رەھىمسىزمۇ؟ ئەگەر سەن ئۇنى تونۇساڭ، ئۇنىڭغا بويسۇنساڭ، ئۇ يەنە يات دوستلىرىنى ساڭا ھۆكۈمران

قىلىپ قويامدۇ؟ سىلەر ئۇلارغا بويسۇنساڭلار الله سىلەرنى جازالىيالامدۇ؟ ئەگەر سەن اللهنىڭ زالىم ئەمەسلىكىگە ئىشەنسەڭ، اللهنىڭ ئۆزىگە بويسۇنغۇچىلارنى خارلىقتا قالدۇرمايدىغانلىقىغا ئىشەنسەڭ، ئۇنداقتا سەن ئۆز خاتالىقىڭ ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرىشىڭ كېرەك. چوقۇم سىلەر مۇسۇلمانلاردا نۇرغۇن خاتالىقلار بار. گەرچە ھۆكۈمەت سىلەرنىڭ ئىسلام دىنى ئىسمىڭلارنى ھۆجەتكە يازغان بولسىمۇ، بىراق الله ھەرگىزمۇ ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ماتىرىيالىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقارمايدۇ. اللهنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆلچىمى، ئۆز ئالدىغا ھۆجىتى بار. سىلەر ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىسمىڭلارنى ئىزدەپ بېقىڭلار، ئۆزەڭلارنىڭ ئىسمى «بويسۇنغۇچى» ئارىسىدىمىكەن ياكى «بويسۇنمىغۇچى» ئارىسىدىمىكەن ئوبدان ئىزدەڭلار.

الله سىلەرگە «قۇرئان كەرىم» نى چۈشۈرۈپ بەردى. ئۇنى ئوقۇساڭلار ئىگەڭلارنى تونۇيسىلەر، ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى بىلىسىلەر. سىلەر ئىلگىرى «قۇرئان كەرىم» دە يېزىلغان «بويسۇنۇش» دىگەن نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئىزدەپ باققانمۇ؟ الله سىلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، مۇسۇلمان بولۇش يولىنى ئۆگەتمىدىمۇ؟ پەيغەمبەر يولىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭلارمۇ؟ الله سىلەرگە قانداق قىلغاندا ئىككىلا دۇنيادا بەخت _ سائادەتكە ئېرىشىش يولىنى كۆرستىپ بەردى. سىلەر بۇنى ئىجرا قىلدىڭلارمۇ؟ الله سىلەرگە قايسى ئىشنىڭ ئىنساننىڭ ئورنىنى ئىككىلا دۇنيادا پەسلەشتۈرىدىغانلىقىنى كۆرستىپ بەردىغۇ؟ سىلەر الله چەكلىگەن ئىشلاردىن ئۆزەڭلارنى چەتكە ئېلىپ باقتىڭلارمۇ؟ سىلەر بۇسۇۋاللهرغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار.

ئەگەر سىز «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»لەرنى ئېتىراپ قىلمىسىڭىز ھەم اللهنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ماڭمىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز قانداقمۇ مۇسۇلمان بولالايسىز؟ ئۇنىڭ مېھرى _ شەپقىتىگە قانداقمۇ ئېرىشەلەيسىز؟ سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا ئېرىشكەن جازا دەل جايىدا. ئۇنىڭدىن ئالدىغان ئىنئامىڭلارمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەن يۇقىرىدا بىلىم بىلەن ھەركەتتىن باشقا مۇسۇلمان بىلە كاپىر

ئوتتۇرىسدا پەرق يوق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئىش _ ھەرىكىتى كاپىر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالسا، بۇ پۈتۈنلەي يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ. كاپىر «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇمايدۇ، ئۇنىڭدا نىمىلەر سۆزلەنگەنلىكىنى ئۇقمايدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمانمۇ كاپىرغا ئوخشاش بولسا، ئۇ ئۆزىنى قانداقمۇ مۇسۇلمان دەپ ئاتىيالىسۇن. بىر كاپىر «ھەدىس»نىڭ قانداق نىمىلىكىنى، قايسى يولنىڭ اللهنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئوخشاشلا كاپىردەك بىلمىسە، ئۇ بىر مۇسۇلمان دەپ ئاتىلامدۇ؟

كاپىرلار ئۆزخاھىشى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئالاھقا بويسۇنمايدۇ، ئەگەر بىر مۇسۇلمان خۇددى ياۋا ئاتقا ئوخشاش اللهقا بويسۇنماي، ھەممە ئىشنى ئۆزخاھىشى بويىچە قىلىپ، ھاۋايى _ ھەۋەسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كەتسە، ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتاشقا نىمە ھەققى بار؟ كاپىر نىمىنىڭ ھارام، نىمىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ نەپسىگىلا تايىنىدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمان كاپىرغا ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا ئۇ كاپىردىن نىمە دەپ بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن كاپىر بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ؟ بىز بۇ ئىشنى ئەستايىدىل، سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەك.

## چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىپ بېقىشقا تېگىشلىك ئىش

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، سىلەر مىنى بىزگە ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ، مۇسۇلمانلىنىڭ دىنىغا ئىشەنمەيدىغان ئادەمكەن دەپ قالماڭلار! بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ شەخسى پىكرىم ئەمەس. مەن ئۆزۈم ئويلايمەن ھەم ھەر قايسىڭلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش خاتالىقلار ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرىشىڭلارنى ئۈمۈد قىلىمەن. الله نىمە ئۈچۈن بىزنى قوغدىمايدۇ؟ نىمە ئۈچۈن بىز ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قېلىپ، بالا قازاغا دۇچار بولىمىز؟ بىز كاپىر دەپ ئاتىۋالغانلار نىمە ئۈچۈن ھەممىلا يەردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ؟ بىز يەنە ئۆزىمىزنى اللهنىڭ چاكىرى دەپ يۈرگەنلەر نىمە ئۈچۈن

ھەممىلا يەردە بىسمىغا ئۇچراۋاتىمىز؟ ئويلىغانسىرى شۇنى چۈشەندىمكى، بىز بىلەن دىنىسىزلار ئوتتۇرىسىدا بىرلا ئىشتا ئوخشىماسلىق بار. ئۇ بولسىمۇ ئاتىلىش، بولمىسا بىز ئۇلارنىڭ كەينىدە قالمايتتۇق، اللهنى كۆزگە ئىلمايدىغان، اللهنى تونۇمايدىغان، اللهنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالمايتتۇق. ئەلۋەتتە بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە ئوخشىماسلىق بار، ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىش ساۋاپلىق ئىش بولمىغانلىقتىن بىز اللهنىڭ ھەرقانداق رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ كىچىككىنە ئوخشىماسلىق يېتەرلىك جازالاشقا يېتىدۇ. بىزنىڭ اللهنىڭ سۆزى «قۇرئان كەرىم» گە تۇتقان پوزىتسىيىمىز كاپىرلارغا ئوخشىمايدۇ. بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللهنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، ئەمما بىز كاپىرلارغا ئوخشاش ئۇ زاتنىڭ كەينىدىن ماڭمايۋاتىمىز.

بىز يەنە اللهنىڭ يامان سۆزلىگۈچىلەرنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى، پارا بەرگۈچىلەر ۋە ئالغۇچىلارنى دوزاخقا تاشلايدىغانلىقىنىمۇ بىلىمىز. بىز مانا مۇشۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، دىنىسىزلارغا ئوخشاش اللهدىن قورقماي، گۇناھ ئىشلارنى قىلىمىز. مانا شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ اللهنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەسلىكىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر. چۈنكى بىز باشقا دىندىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىز پەقەتلا سىرتقى كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان. شۇڭا بىز باشقا دىنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرىۋاتىمىز. ھەممىلا يەردە ئۇلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراۋاتىمىز. بۇلار اللهنىڭ بىزگە بەرگەن جازاسىدۇر. الله ئىسلامنى ئىنئام قىلىپ بەرسىمۇ، بىز ئۇنى قىلچە قەدىرلىمىدۇق.

ئەزىز قېرىنداشلار! بۈگۈن مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىم ھەرگىزمۇ سىلەرنى ئەيىبلىگەنلىكىم ئەمەس. مەن بۇيەرگە كېلىپ سىلەرنى ئەيىپلىمەكچى ئەمەسمەن. مېنىڭ مەقسىدىم سىلەر يۇتتۇرۇپ قويغان نەرسىنى تېزدىن تېپىپ چىقىشىڭلارغا ياردەم بېرىش. بىر ئادەم بىر نەرسىنى يۇتتۇرۇپ قويسا، ئۇ ناھايىتى قىممەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ئىگىسى تىزدىن تېپىپ چىقىشقا كىرىشىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ

سىلەرنى ئويغىتىشىمدىكى ئاساسىم. ئەگەر سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ ئىلگىرى ناھايىتى قىممەتلىك نەرسەڭلار بار ئىكەنلىكىنى ئۇقساڭلار، ئۇنى سىلەر چوقۇم تېپىپ قايتۇرۇپ كىلىسىلەر.

چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىش بىزنىڭ قۇرئانغا بولغان پوزىتسىيمىز.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ھازىر بىز قۇرئاننىڭ توغرا پوزىتسىيسىنى سۆزلەيمىز.

ئەسلىدە مۇسۇلمانلار دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەملەردىن بولۇشلىرى كېرەك ئىدى، چۈنكى بىزدە الله ئىنسانلارغا «نۇر» قىلىپ چۈشۈرۈپ بەرگەن، مۇكەممەل، بىرمۇ ھەرپىي ئۆزگەرتىلمىگەن، اللهنىڭ سۆزى «قۇرئان» بار ئىدى.

ئەكسىچە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا اللهنىڭ سۆزى «نۇر» بار تۇرۇپ خارلىنىۋاتىدۇ، ئېزىلىۋاتىدۇ. بىچارە ھالەتتە ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ.

اللهنىڭ قۇرئاننى نازىل قىلىشى _ ئىنسانلانىڭ ئۇنى چۈشۈنىشى ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىشى، ئۇنى (قۇرئاننى) ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى، ئۇنىڭغا تايىنىپ تۇرۇپ يەر شارىدا اللهنىڭ قانۇنى بويىچە ھايات كەچۈردىغان «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مانا بۇ قۇرئاننىڭ ئەسلى ماھىيىتى. اللهنىڭ قۇرئاننى نازىل قىلىشى ئىنسانىيەتنى ھۆرمەتكە، شان _ شەرەپكە ئىگە قىلىش ۋە كىشىلەرنى اللهنىڭ زېمىنى يەر شارىدا خەلىققە (ئىز باسار) قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت قۇرئان ھۆكۈمى بىلەن ئىش قىلغاندىلا قۇدرەت تېپىپ، ھەقىقى ئىمانغا ئەگە بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا رەھبەرلىك قىلغىلى بولىدۇ.

قۇرئان پەقەت كىشىلەرگە ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەن، ئەمما باشقىلارنى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە تۈرلۈك سۈيىقەستلەر بىلەن ئۇرۇش _ مالىمانچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرمىگەن.

بىراق بۈگۈنكى ئەھۋال قانداق بولىۋاتىدۇ؟ ئۇلار اللهنىڭ «نۇر» قىلىپ چۈشۈرۈپ بەرگەن مۇبارەك قۇرئاننى زىننەت بۇيۇمى قىلىپ ساقلاۋاتىدۇ. قۇرئان

ئىچىدىكى ئومۇمىي مەزمۇن ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزمەي، بىرەر ھەرىپى ئۇستىدە تالاش _ تارتىش قىلىشۋاتىدۇ. تۇرمۇشتا ئۇنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىش _ ھەرىكەت قىلماستىن، بەلكى ئۆز خاھىشى ۋە ياكى ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئىش قىلىشۋاتىدۇ. قۇرئاندىن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئىزلىمەيۋاتىدۇ.

بىزنىڭ ئىشىنىدىغىنىمىز نېمە؟ ئىشلىرىمىزنى قانداق ئىشلىشىمىز كېرەك؟ ۋەزىپىمىز نېمە؟ ئۆزنى قانداق ئورۇنلايمىز؟ دوستلىرىمىزغا قانداق مۇئامىلىدە بولىشىمىز كېرەك؟ دوستلىرىمىزنىڭ بىزگە قانداق _ قانداق ھوقۇقى بولىدۇ؟ بىزنىڭ ئۆزىمىزگە نىسبەتەنچۇ؟ كىمگە بويسۇنىشىمىز كېرەك؟ كىمگە بويسۇنماسلىقىمىز كېرەك؟ بىز قانداق كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ دوستلىشىمىز؟ قانداق كىشىلەر بىلەن دوستلاشمايمىز؟ دۈشمىنىمىز كىم؟ دوستىمىز كىم؟ قانداق جايدا شان _ شەرەپكە، بەختكە ۋە مېھرىبانلىققا ئىگە بولالايمىز؟ قانداق جايدا بەختسىزلىككە، ئازاپ _ ئوقۇبەتكە دۇچار بولىمىز؟ مانا مۇسۇلمانلار مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئويدان ئويلانماستىن تاشلاپ قويدى.

ئۇلارغا بىز دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمەي كەلدۇق. شۇڭا بىز زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتۇق. ئەڭ ئېچىنارلىق يېرى شۇكى: بىز ئىش قىلغاندا ئىمانسىزلاردىن تەلىم ئېلىپ، شەخسىيەتچى شەيتانلارغا بويسۇنۇپ كەتتۇق. اللهنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلماي باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولدۇق. بىز گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، جىنايەتلەردىن ئۆزىمىزنى قەتئىي ساقلاپ، ئىمانسىزلارنىڭ ئىش _ ھەرىكەتلىرىگە ماسلاشمىغاندىلا مۇسۇلمان بولالايمىز. مانا بۇ مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا. سىلەر قۇرئاننىڭ بارلىق ياخشىلىقىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار ئاز بولمىغان ياخشىلىقلارغا ئىگە بولالايتتىڭلار. ئۇ سىلەرگە بىرىدۇ، ئەگەر سىلەر قۇرئاندىن پەقەت ئۇششاق _ چۈششەك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، شەيتاننىڭ ئۆزۈڭلاردىن يىراق قىلىنىشىنى، كىچىك كېسەللىكلەرنى

داۋالاشنى ياكى كەسپى خادىم بولۇشنى ۋە ياكى ئازراق پايدىغا ئېرىششنى ئويلىساڭلار، پەقەت شۇنىڭغىلا ئېرىشەلەيسلەر. ئەگەر يەر شاردىكى ئىنسانلارغا رەھبەر (باشلامچى) بولۇشنى ۋە ياكى ئىنسانلارغا ئۇستاز بولۇشنى تەلەپ قىلساڭلار ئۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلەيسلەر. پەقەت سىلەر تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭلەرلا ئۇلارنى ئۆز كۆرنىشڭلاردىن كۆرىۋالالايسلەر.

قېرىنداشلار!

سىلەرگە دىگىنىزدىكى بىر _ ئىككى تامچە سۇ كىرەكمۇ ياكى بارلىق دىڭىز ئوكيانلاردىكى سۇمۇ؟

قىنى ئۆزۈڭلار تاللاڭلار، كۆپچىلىك! اللهنىڭ كىتابلىرى بىلەن چاقچاقلىشىش ئاجايىپ قاملاشمىغان، ئەخمىقانە ئىش.

ئەگەر سىلەر باشقىلاردەك چاقچاق قىلدىغان بولساڭلار مۇقەرەر ھالدا ئازغۇنلاردىن بولۇپ اللهنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىسلەر. ئەگەر بىر ئادەم دوختۇرنىڭ رېتسىپىنى ئوقۇپ قويۇپ ياكى تاملارغا ئىسىپ قويۇپ، دورىنىڭ ئىسمىنى چىرايلىق ئوقۇپ كىسىلىمنى داۋالايمەن دىسە، ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ سىلەر ئۇ ئادەمنىڭ ھالىغا قاراپ ئەخمەق ئىكەن دىمەمسىلەر؟ ئەگەر داڭلىق بىر دوختۇر سىلەرنىڭ كىسىلىڭلارنى داۋالايمەن دەپ داڭلىق دورا قەغىزى _ قۇرئاننى سىلەرگە بەرسە قوبۇل قىلاسىلەرمۇ؟ دەل سىلەرنىڭ قوبۇل قىلماسلىقىڭلار بىلەن كىشلەرنىڭ كۆلكىسىگە قېلىپ كېسىلىڭلار ساقايمايدۇ.

شۇنداق، ئەگەر بىر ئادەم كېسەل بولسا دەستە _ دەستە تېببىي كىتابلارنى ئوقۇسام كېسىلىم ساقىيدۇ دىسە سىلەر قانداق ھىس قىلىسىلەر؟ قۇرئان ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇ. سىلەر قۇرئاننى ئوقۇپلا بارلىق كىسىلىمىزنى داۋالايمىز، ھەممىنى كىتابتا دىگەندەك قىلىمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ دىسەڭلار، قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان زىيانلىق ئىشلاردىن ساقلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق دىسەڭلار، ئۇنداقتا يۇقىرىقى دوختۇرلۇق كىتابلىرنى ئوقۇپلا كېسىلىمنى داۋالايمەن دىگەن كىشىدىن نەرىڭلار پەرىقلىنىدۇ؟

سىلەر تىجارەت قىلىش جەريانىدا سىلەرگە ئازراق مەنپەئەت بار چەتئەل يېزىقىدىكى خەتنى كۆرسەڭلار، ئۇنى ئوقۇيالايدىغان ئادەم تېپىپ ئوقۇتۇپ ئاڭلايسىلەر. ئۇ خەتكە بەك ئەھمىيەت بېرىسىلەر. بىراق اللهنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن خېتى قۇرئانغا سەل قارىدىڭلار. بۇنىڭدىكى مەقسەتنى چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرمىدىڭلار. بۇ ئىش بىزنى قانداقمۇ چۆچۈتمىسۇن؟

بىز قۇرئانغا مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتساق بولامدۇ؟

مەن يۇقارقى گەپلەرنى چاقچاق ئاساسىدا قىلغىنىم يوق. بىزنىڭ قۇرئانغا تۇتقان پوزىتسىيىمىزنى ھەممە كىشى ئېنىق بىلىۋېلىشى لازىم. الله قۇرئاننى ئازاپ _ ئوقۇبەتتە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرسۇن دەپ نازىل قىلغان ئەمەس.

الله بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن نازىل قىلمىدۇق.» (سۈرە تاھا ٢- ئايەت). كۆپچىلىك ئەسلەپ بېقىڭلار! قۇرئان بارلىق خۇشال _ خۇراملىقنىڭ مەنبەسى، ھەرگىزمۇ ئازاپ _ ئوقۇبەتنىڭ مەنبەسى ۋە بەختسىزلىكنىڭ مەنبەسى ئەمەس. ھەقىقەت شۇكى، قۇرئان ھۆكۈمى بويىچە ياشىغان مىللەت ھەرگىزمۇ ئازابلانمايدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئەركىن - ئازادىچىلىك ئىچىدە ئۆتىدىكى، ھەرگىزمۇ قەپەزگە سولانغان قۇشتەك ئۆتمەيدۇ. قۇرئاندىن ئايرىلغان مىللەت خۇددى ئىسرائىل ئەۋلادىدەك بولىدۇ. الله مۇداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان باشقا كىتابلارغا ئەمەل قىلسا ئىدى، ئۇلار باشلىرىدىن ۋە ئاياقلىرىدىن يەر ئىدى (يەنى ئۇلارغا ئاسمان _ زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى.) (سۈرە مائىدە ٦٦- ئايەت). لېكىن ئۇلار ئىلاھى كىتابلارغا قارشى ھەركەتتە بولىدۇ.

تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى:

«ئۇلار خارلىققا، مۇھتاجلىققا قالدى، اللهنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ اللهنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق

ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ اللهغا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولدى.» (سۈرە بەقەرە ٦١- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

شۇنىڭدەك بىر مىللەت اللهنىڭ كىتابلىرىنى ساقلاپ قالدى. بىراق كىتابدىكىدەك ھايات كەچۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالدى. ئۆزلىرىنىڭ يامانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئازاپقا ۋە خارلىققا قالدى. اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەيدىغان بولساق بۇنىڭ بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ اللهنىڭ كىتابىغا قايتىش ۋە ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئىبارەت. ئەگەر سىلەر جىنايەتلەردىن قولۇڭلارنى يىغماي، يېزىلاردا ئالى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، بالىلىرىڭلارنى ئالىي مەلۇماتقا ئىگە قىلساڭلارمۇ، نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولساڭلارمۇ، سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلاردا قىلچىلىك ئۆزگىرىش بولمايدۇ. خۇددى يەھۇدى ۋە ناسارالارغا ئوخشاش.

## مۇسۇلمان دېگەن كىم؟

ئۇنداقتا قانداق ئادەم ھەقىقى مۇسۇلمان بولىدۇ؟ ئۇنىڭ قانداق مەنىسى بار؟

بىر ئادەم، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقىنى بىلمىسە، ئۇنىڭ ھەركىتى تەبىئى ھالدا ھايۋاننىڭ ھەركىتىدىن پەرىقلەنمەيدۇ، ئەگەر بىر مۇسۇلمان _ «مۇسۇلمان» دېگەن سۆزنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسىنى بىلمىسە، ئۇنداقتا ئۇ كاپىردىن پەرىقلەنمەيدۇ. ئۇ كىشى مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ھەرگىزمۇ شان _ شەرەپ كەلتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا ھەر بىر مۇسۇلمان، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ھەركەتلىرىمىزدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇشلىرى كېرەك؟ بىزنىڭ قانداق مەجبۇرىيەتلىرىمىز بار؟ ئىسلامنىڭ بىزگە قويغان چەكلىمىسى نېمە؟ دىگەندەك مەسىلىلەرنى چوقۇم بىلىشلىرى كېرەك.

## ئىسلامنىڭ مەنىسى

ئىسلامنىڭ مەنىسى: ﷲقا بويسۇنۇش، ﷲ يۈكلىگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ﷲنىڭ دىنى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىش، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتنى ﷲنىڭ دىنى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش، ﷲقا سادىق بولۇشتىن ئىبارەت.

ئۆزىنىڭ بارلىقنى ﷲقا تاپشۇرغان ئادەم مۇسۇلمان بولالايدۇ. ئۆز خاھىشى، ئۆز ھېسسىياتى بىلەن ئىش قىلغان ئادەم مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ھەممە ئىشلىرىنى ﷲقا تاپشۇرۇش دېگەنلىك _ ﷲنىڭ كىتابىغا ئەگىشىش، ﷲنىڭ كۆرسەتمىسگە بويسۇنۇش، ﷲنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. قۇرئانغا ئەگىشىش: قۇرئاندا دېيىلگەنلەرنى شەك قىلماستىن ئىجرا قىلىش دېگەنلىكتۇر. قۇرئانغا قارشى ھايات كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلغاندا مۇسۇلمان دېگىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇخىلدىكى ئادەم ئۆزىنىڭ بارلىقنى ﷲقا تاپشۇرىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئادەم ﷲنىڭ بەلگىلىمىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلسا، ئىلگىرىكى ئەجداتلىرىنىڭ خاتا تۇتقان يولنى تۇتۇپ ھايات كەچۈرسە ياكى قۇرئاندا سۆزلەنگەن بەزى ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ بىزنىڭ مەزھىبىمىزگە ۋە دۇنيا ئىقىمغا، ھازىرقى شارائىتقا ... ماس كەلمەيدىكەن بۇنى قوبۇل قىلمايمەن دېسە ۋە ياكى مېنىڭ ئەجداتلىرىم بۇنداق قىلمىغان دەپ قۇرئانغا سەل قارىسا، كۆپچىلىك ئويلاپ بېقىڭلار! بۇنداق ئادەملەرنى مۇسۇلمان دېيىشكە بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان بولسا ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ.

## مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيتى

ئەمدى بىز مۇسۇلمانلار قانداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتۈشىمىز كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز.

سىلەر «ﷲدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ﷲنىڭ ئەلچىسى» دېگەن جۈملىنى ئېيتقان چېغىڭلاردا، سىزگە ﷲنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇن يوق،سىزنى پەقەت ﷲلا باشقۇرىدۇ.

سىلەر اللهنىڭ بۈيرۈقى قۇرئان كۆرسەتمىسىنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇنداق دېگەنلىك سىلەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۆزخاھىشىڭلار بويىچە ئىش قىلىشتىن پۈتۈنلەي ساقلىنىڭلار دېگەنلىكتۇر.

سىلەردە قۇرئان بار، سىلەرنىڭ ھەرقانداق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشىڭلارغا يول يوق. سىلەرنىڭ پائالىيىتىڭلار قۇرئان ھۆكمى بويىچە بولىشى كېرەك. قۇرئاننى ئىجرا قىلىشىڭلار كېرەك. ئەمدى سىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتىشىڭلارغا يول يوق. سىلەر بىر جەھەتتىن ئۆزەڭلارنى مۇسۇلمان دەپ يۈرۈپ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزەڭلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئىلاھى قانۇنىيەت تەربىيسى ئىچىگە كىرگۈزمەي يۈرسەڭلار، اللهنى ۋە پەيغەمبەرنى ئالدىغان بولىسىلەر.

بىر ئادەم اللهنى ھەقىقى تونۇماي ئۆزىنى ماختاپ، مەن مۇسۇلمان دەپ يۈرسە ياكى باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ئىسلام تەربىيسىنى تاشلاپ قويسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۆزىنى مۇسۇلمان دېيىشىگە ھەققى يوق. ئۆزى مۇسۇلمان بولۇشنى خالىمايدىغان ئادەمنى ھېچكىم زورلاپمۇ ئىمانغا كىرگۈزەلمەيدۇ. نىمىگە ئېتقاد قىلىشى ئۆزىنىڭ ئىشى، بىراق ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتايدىكەن، مۇسۇلمانلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ھازىرلىشى، ئىسلام دائىرىسى ئىچىدە ياشىشى كېرەك. قۇرئاننى ھەقىقەت دەپ تونۇيدىكەن، قۇرئاننى ھەق يولدا ياشاشنىڭ باش پروگراممىسى قىلىش كېرەك.

قۇرئان ۋە ھەدىسنى يالغان دېمەسلىكى كېرەك، مانا بۇنداق كىشىلەر مۇسۇلمان بولىدۇ.

ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ شان _ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇيقۇسىنى ئېچىشى كېرەك. ئۆزىنى بىلىشى كېرەك، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالماسلىقى كېرەك.

الله مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.» (سۈرە مائىدە ٤٤ – ئايەتنىڭ بىرقىسمى).

«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار.» (سۈرە ھەشر ٧ – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:

«مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم. ئەگەر سىلەر ئۇنى چىڭ تۇتساڭلار، مەڭگۇ ئازمايسىلەر. ئۇلارنىڭ بىرسى اللهنىڭ سۆزى قۇرئان، بىرسى مېنىڭ سۈننىتىم (ئىش ھەركىتىم).»

## لا اله الا الله محمد رسول الله

بۇنىڭ مەنىسى:

ئىسلامى قېرىنداشلار! سىلەر بىر ئادەم ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتسا مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر.

ئىمان كەلىمىسى بىرقانچە ھەرپتىن تەركىپ تاپقان قىسقا ئەمما مەنىسى چوڭقۇر سۆز بولۇپ «اللهدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى» دېگەندىن ئىبارەت.

ئىمان كەلىمىسى ئېيتقان ئادەمدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. كاپىردىن مۇسۇلمانغا، نىجىسلىقتىن پاكلىققا، الله ئۆچ كۆرىدىغان ئادەمدىن الله ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە ئۆزگىرىپ، ئەسلىدە دوزاخقا كىرىدىغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ.

ئىمان كەلىمىسنى ئېيتىش ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنى ئېيتقانلار بىر ئۇممەت بولىدۇ، ئېيتمىغانلار باشقا ئۇممەت بولىدۇ.

ئەگەر ئاتا _ بالا ئىككىسىدىن ئىماننى بالىسى ئېيتسا، ئاتىسى ئېيتمىسا، بۇچاغدا ئاتا _ بالىلىق مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ. بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ ماللىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقوقى بولمايدۇ.

ئەگەر چەتئەللىك بىر ئادەم ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان ئايال بىلەن توي

قىلسا، ئۇ ئائىلىنىڭ مال _ مۈلكىگە ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەكسىچە مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بالا ئىسلامدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى مۇسۇلمان ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ قان _ قېرىنداشلىقىنىمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن شۇنداق چوڭ پەرق بار

ئىسلام قېرىنداشلار!

سىلەر ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار! نېمە ئۈچۈن ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بۇنچە چوڭ پەرق بولىدۇ؟ ئىسلامغا كىرىش دېگەن نېمە؟ بىر قانچە ھەرپتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنى باغلاشتۇرۇپ ئوقۇسا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بۇنداق چوڭ پەرقنىڭ بولىشىنىڭ تەسىرى زادى قەيەردە؟

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئاسمان _ زېمىن پەرق بولىدۇ.

ھەر قايسىڭلار ئوبدان ئويلىنىپ باقىدىغان بولساڭلار جاۋابىنى تاپالايسىلەر. پەقەت ئېغىزدا بىر قانچە ھەرپنى ئوقۇپ قويسىلا بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسى بار.

سۆزنىڭ تەسىردىن قارىغاندا، مەنىسىز بولسا ئىدى، بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولمايتتى. ئەگەر بۇ سۆز سىلەرنىڭ ئىدىيەڭلەرگە، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىڭلارغا ۋە ئىش ھەرىكەتلىرىڭلارغا تەسىر كۆرسىتەلمىسە، ئېغىزدا ئېيتىپ قويغاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايتتى.

بۇنى ئاددىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرىمەن. ئەگەر سىلەر زېمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قاتتىق سوغۇقتا توڭلاپ كەتسەڭلار، كۈن بويى ۋارقىرساڭلارمۇ سوغۇق بوشىمايدۇ. بۇنداق چاغدا سىلەر قېلىن كىيىم ياكى ئوت ئىزدىشىڭلار تۇرغانلا گەپ. سىلەر دەرھال قېلىن كىيىم كەيمىسەڭلار توڭلاپ قالىسىلەر.

تومۇز ئىسسىقتا ئۇسساپ كېتىپ كۈن بويى سۇ ... سۇ دەپ ۋارقىرساڭلارمۇ

ئۇسسۇزلۇقلار پەسەيمەيدۇ. ۋارقىراشنىڭ ئورنىغا، بىر ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچسەڭلار ئۇسسۇزلۇقلارنى پەسەيتىدۇ.

مانا بۇ ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. ئەگەر سىلەر بىر قانچە ھەرپنى ئوقۇپ قويساڭلار كاپىرلىقتىن مۇسۇلمانلىققا، الله ئۆچ كۆرىدىغان ئادەمدىن الله ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە ئايلىنالمايسىلەر. يۇقىرقى مىساللار ئارقىلىق بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئىسلامغا كىرگەن ۋاقتىتا، اللهنىڭ سىلەرگە قويغان چەكلىمىسىنى ۋە يوليورۇقنى بىلىشىڭلار كېرەك.

سىلەر ئىسلام ئىلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئىسلامنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىپ، قانداق جايدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قىلغان ئىشلىرىڭلار ئىسلامغا زىت بولسا، ئۆزۈڭلارنى سوتلىشىڭلار كېرەك. ئىسلامنى تۇرمۇشۇڭلارغا يېتەكچى قىلىشىڭلار كېرەك.سىلەرنىڭ ھەركىتىڭلار كاپىرلارنىڭكىگە ئوخشىماسلىقى كېرەك. چۈنكى سىلەر ئىسلام چەكلىگەن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىش قىلىشىڭلار كېرەك.پەقەت يۇقىرقىدەك قىلغاندىلا ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالايسىلەر. شۇنداق قىلغاندىلا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا شۇنداق چوڭ پەرق بولىدۇ.

## ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى

بىز ھازىر ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى ۋە بىر ئادەم چىن كۆڭلىدىن ئىمان ئېيتسا نېمىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى كېرەك؟ نېمىلەرنى ئىنكار قىلىشلىرى كېرەك؟ مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن قانداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتىشى كېرەك؟ دېگەنلەرنى چۈشەندۈرىمىز.

ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى _ «بىر اللهدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى» دېگەندىنلا ئىبارەت.

بۇ جۈملىدىكى «الله» ھەقىقىي ئىگە، بارلىق كائىناتنىڭ باشقۇرغۇچىسى، ھەممە شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، ۋە تەربىيەلەپ ئۆستۈرگۈچىسى. الله بىزنىڭ

تىلەكلىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. بىز چوقۇنۇشقا تېگىشلىك ئىلاھ اللهدۇر. سىلەر «بىر اللهدىن باشقا ئىلاھ يوق» دېدىڭلار.

بۇ ئالدى بىلەن كۆچلۈك ئىنكاردىن كېيىن كۈچلۈك مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇ ئىككى نۇقتىنى ئىپادىلەيدۇ.

(١) بۇ جۈملىنىڭ بېشىدىكى «لا اله» بولسا بارلىق ئاتالمىش ئىلاھلارنى يوققا چىقىرىدۇ. «لا» يوق دېگەن مەنىدە.

(٢) پەقەت بىر اللهلا پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى، ياراتقۇچىسى، باشقۇرغۇچىسى دېگەنلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. سىلەرنىڭ ئىنكار قىلدىغىنىڭلار دۇنيادىكى ئاتالمىش ئىلاھلار، مۇئەييەنلەشتۈردىغىنىڭلار پەقەت بىر اللهدۇر. سىلەر ئېرىشكەن بارلىق نەرسىلەر ھەم دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر اللهقا تەۋە ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر ئېرىشكەن بارلىق نەرسىلەر اللهنىڭ رەھمىتىدىن، قولدىن كەتكۈزۈپ قويغىنى اللهنىڭ ئىرادىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا بىز ئۇنى ئۇلۇغلىشىمىز، تەقۋادارلىق قىلىشىمىز، ئارزۇ _ تىلەكلىرىمىزنى اللهدىن تىلىشىمىز كېرەك.

پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئېھتىياجلىرىمىزنى قامدىيالايمىز. ئەھۋاللىرىمىزدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بىزنىڭ باش ئىگىشىمىزگە پەقەت بىر الله ئەرزىيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىزنىڭ ئىگىمىز بولۇشقا سالاھىيتى يوق.

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز مۇتلەق ھالدا اللهقىلا بويسۇنۇش، ھەممە تەرەپتىن ئۇنىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىش، مانا بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيتىمىزدۇر. مەن سىلەردىن سوراپ باقاي: بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بىشى قانچىلىك قىممەتلىك؟ بەدىنىمىزدە يەنە قانچىلىك قىممەتلىك نەرسىلەر بار؟ سىلەر بۇلارنى ئىنكار قىلالامسىلەر؟

چۈنكى ئۇلار اللهقا مەنسۇپ، بۇ ئادەم قىممىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئەمەسمۇ؟

بىزنىڭ شەخسىيەتتىن خالىي بېشىمىز، ساغلام بەدىنىمىز پەقەت اللهقا ۋە ئىسلامغا مەنسۇپ.

## الله بىلەن بولغان ۋەدە

سىلەر «بىر اللهدىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن ئىكەنسىلەر، الله بىلەن كېلىشىم تۈزگەن بولىسىلەر.

شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەر گۇۋاھ بولىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلساڭلار، ئاسمان _ زېمىندىكى ھەممە نەرسە ھەتتاكى سىلەرنىڭ بەدىنىڭلاردىكى بىر تال تۈكمۇ سىلەر بىلەن توختاملىرىنى بىكار قىلىدۇ.

ئۇلار الله ئالدىدا سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىلەر ياردەمدىن ئايرىلىسىلەر. ھېچكىممۇ سىلەرگە ياردەم بەرمەيدۇ. الله ئالدىدا ھېچكىممۇ سىلەرنى ئاقلىيالمايدۇ. چۈنكى بۇدۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيا ئوخشىمايدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر دۇنيادىكىدەك ئالدامچىلىق ۋە يالغان ئىسپات بېرىپ قۇتۇلالمايسىلەر.

بۇ دۇنيادا سىلەر جىنايىتىڭلارنى ساقچىلاردىن يوشۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكىنىڭلار بىلەن، «الله» ئالدىدا يوشۇرالمايسىلەر.

بۇ دۇنيادىكى ساقچىلار پارا ئالغىنى بىلەن، «الله» پارا ئالماي ئادىل سوت قىلىدۇ. بۇ دۇنيادىكى گۇۋاھچىلار يالغان گۇۋاھلىق بەرگىنى بىلەن، «الله» نىڭ ئالدىدىكى كۇۋاھچىلار راستلىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلار ئادىللىقنى تاشلاپ قويىدۇ. لېكىن «الله» ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. «الله» تەرىپىدىن دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم چوڭقۇر ھاڭغا كىرىپ كېتىدۇ. بىر ئېغىز گەپ قىلغاندا، «الله» نى ئىنكار قىلغان ئادەم ھەقىقىي دۆت ئادەم. چۈنكى سىلەر الله بىلەن توختام تۈزگەندە بارلىق نەرسىلەرنى ئويلىشىڭلار، ئارقىدىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەركەت قىلىشىڭلار كېرەك ئىدى.

بىر ئامال قىلىپ « الله» بىلەن تۈزگەن توختامنى ساقلاپ قېلىشىڭلار لازىم.

بولمىسا بەك چوڭ زىيان تارتىپ قالىسلەر، قىلغان ئىشىڭلاردىن ياخشى ئۈنۈم كۆرۈلمەيدۇ.

## پەيغەمبەر كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلىش

بىز تۆۋەندە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئاخىرقى بىرىنچى قىسمىنى سۆزلەيمىز. سىلەر «لا اله الا الله» دەپ الله بىلەن توختام تۈزگەندىن كېيىن «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى» دەيسىلەر.

بۇ دېگەنلىك، الله ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ قانۇنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىنسانلار ئىچىدىن تاللاپ ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دېگەنلىك. سىلەر اللهنىڭ سىلەرنى باشقۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدىڭىز ئىكەنسىلەر، اللهنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇپ، الله رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىڭلار، الله غەزەپلىنىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشىڭلار كېرەك.

بىز قايسى ئىشلارنى قىلىپ اللهنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيمىز؟ قايسى ئىشلارنى قىلىپ جازاسىدىن قۇتۇلالايمىز؟

اللهنىڭ پەيغەمبەرلەرنى تەيىنلىشى دەل مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئىنسانىيەتكە چۈشەندۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈندۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا اللهنىڭ كۆرسەتمىسىگە تايىنىپ ياشىدى. ئۇ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى، چۈنكى ئۇنىڭ بارلىق ئىش ھەرىكەتلىرى قۇرئاننىڭ روھى ئىدى.

شۇڭا بىز «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى» دېگەندە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن كۆرسەتمىسى ۋە تۈزۈمى بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك.

سىلەر ئىسلامغا كىردىڭلار، بىراق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن كۆرسەتمە بويىچە ئىش قىلماي، ئۆز خاھىشىڭلار بويىچە ئىش قىلساڭلار، سىلەر بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقمۇ پەرق بولسۇن؟

سىلەر ئىسلامغا كىردىڭلار، پەيغەمبەرگە كەلگىنى اللهنىڭ كۆرسەتمىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۇنىڭغا سادىق بولىشىڭلار كېرەك. سىلەر شۇنداق تونىساڭلار، مۇسۇلمان قېرىنداش بولىسىلەر. سىلەر مۇسۇلمان ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە ۋارىسلىق قىلالايسىلەر، سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار سىلەرنىڭ قانۇنلۇق ماللىرىڭلارغا ۋارىسلىق قىلالايدۇ.

مۇسۇلمان بىلەن ئۆز ـ ئارا ئالاقە قىلىپ توي قىلالايسىلەر، سىلەر بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، زاكاتتىن بەھرىمان بولالايسىلەر، سىلەرنىڭ ئابروييۇڭلار، مال ـ مۈلۈكىڭلار ۋە ئىنسانى شەرىپىڭلار قوغدىلىدۇ.

بىراق سىلەر شۇنىڭغا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەدەڭلەردە تۇرمىساڭلار، قىنى دەپ بېقىڭلار، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ يالغانچىلىق بارمۇ؟ ئەگەر سىلەر ئىمان كەلىمىسىنى چۈشەنگەن بولساڭلار، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭلار بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىڭلار، شۇنداق قىلالىساڭلار قانداق شارائىت بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، اللهنىڭ قانۇنىغا ھۆرمەت قىلىسىلەر. الله بىلەن تۈزگەن توختامنى بىكار قىلىش ئانچە مۇھىم ئەمەس دەيدىغان كىشىلەرمۇ بار.

چۈنكى دۇنيادا اللهنىڭ ساقچىلىرىنى ۋە سوراق مەيدانىنى، دوزاخنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە دۇنيانىڭ بىر پارچىسىلا، خالاس. سىلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭلار كېرەككى، بىر ئادەم يالغان قەسەم بىلەن «الله» نى، دۇنيانى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئالدىماقچى، بىراق ئۇ ئۆزىنىلا ئالدايدۇ.

## قەسەم قىلغاندىن كېيىن ئۆتەيدىغان ۋەزىپە

**مۇسۇلمان قېرىنداشلار!**

بىز ھازىرلا ئىمان كەلىمىسىنى چۈشەندۈردۇق. ھازىر مەن سىلەرگە تىخىمۇ مۇھىم بولغان يەنە بىر تەرەپنى سەمىڭلارغا سالماقچى، بۇ قەسەم قىلغاندىن كېيىنكى ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت. سىلەر اللهنىڭ سىلەرنىڭ ۋە بارلىق كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدىڭلار.

بۇ دىگەنلىك، سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار ئۆزەڭلارنىڭ ئەمەس، بەلكى اللەنىڭ، سىلەرنىڭ كۆز، قۇلاق ۋە باشقا بارلىق ئەزالىرىڭلار سىلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى اللەنىڭ، سىلەر تېرىپ پايدىلىنىۋاتقان يەرلەر، بېقىۋاتقان ھايۋانلار ۋە ھاياتىڭلاردا پايدىلىنىۋاتقان بارلىق نەرسىلەر اللەقىلا مەنسۇپ.

چۈنكى، يۇقىرىقى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى الله سىلەرنىڭ ۋاقىتلىق پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بەرگەن. يەنە ئۇنى اللەقا قايتۇرىسىلەر. سىلەر ئۇنى چۈشەنگەندىن كېيىن، يەنە ھايات مېنىڭ دېيەلەمسىلەر؟

ئەگەر سىلەر ھەممە نەرسىنىڭ اللەقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەنسەڭلار، تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنى قىلىشىڭلار كېرەك.

ھەممە نەرسە اللەقا مەنسۇپ، ئۇ نەرسىلەرنى الله سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. سىلەر ئۇ نەرسىلەردىن ياخشى پايدىلىنىشىڭلار كېرەك. اللەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىشىڭلار كېرەك. ئەگەر سىلەر اللەنىڭ كۆرسەتمىسىنى تاشلاپ قويۇپ ئۇ نەرسىلەردىن ياخشى پايدىلانمىساڭلار، ئۇنداقتا بىر ساختىپەز بولىسىلەر. سىلەرنىڭ اللەنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ سىرتىدا پۇت _ قولۇڭلارنى ئىشلىتىش ھوقوقۇڭلار بولمايدۇ. سىلەرنىڭ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىش ھوقۇقۇڭلار بولمايدۇ. سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بولسا، ئۇ اللەنىڭ سىلەرگە قىلغان ئىنئامى، شۇڭا ئۇلارغا اللەنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىڭلار كېرەك. بۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتسەڭلار زالىملاردىن بولىسىلەر. بىر كىشى باشقىلارنىڭ مال _ مۈلۈكىنى خالىغانچە ئىگىلىۋالسا، ئۇنى كىشىلەر زالىم دەيدۇكى ھەرگىز سەممىي ئادەم دېمەيدۇ. سىلەر اللەنىڭ مۈلۈكلىرىنى ئىگىلەپ شەخسىي خاھىشىڭلار بويىچە ئىشلەتسەڭلار زالىملاردىن قانداقمۇ پەرقلىنىسىلەر؟ ئەگەر سىلەر چوڭ زىيانغا ئۇچراپ كەتسەڭلارمۇ چوقۇم الله يولىدا مېڭىشىڭلار كېرەك. سىلەر ئەزىيەتلەرگە دۇچار بولساڭلار ئەنسىرىمەڭلار، چۈنكى مال ئىگىسى ماللىرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قۇربان بولىشىنى خالايدۇ. بۇ باشقىلارغا ئەمەس.

مال، دەل ئۆز ئىگىسىگە خاس بىر ئىش.

ئەگەر سىلەر رەببىڭلارنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىساڭلار چوقۇم جازالىنىسىلەر.

ئەگەر سىلەر اللهنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىساڭلار، زىيانغا ئۇچرىمايسىلەر، ئۇنداقتا زور مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر.

ئويلاپ بېقىڭلار! اللهنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ سىرتىغا چىقىش نېمە دېگەن نومۇس ـ ھە!!!

ئادەمنىڭ ھاياتى نېمە دېگەن قىممەتلىك.

مەسىلەن: ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش ـ ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغانلىق. يەنە مۇنداق پەسكەش ھاياتلارمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن: ئۆزىنىڭ شەخسىي ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىش بولسا، پەسكەش ھاياتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇنداق كىشىلەر مۇشۇ دۇنيادىكى ئازغىنە مەنپەئەتنى دەپ ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ. شۇ ئىشلار ئارقىلىق ئاخىرەتتىكى چوڭ پايدىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بىز ئاخىرەتكە ئىشىنىدىكەنمىز، ئاخىرەتتىكى پايدىغا قىزىقىشىمىز ۋە شۇ پايدا ئۈچۈن قۇربان بېرىشىمىز كېرەك.

بۇ دۇنيادا قانچىكى كۆپ نەرسىنى يوقاتساق، ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغىنىمىز شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار قانچە كۆپ نەرسىگە ئىگە بولسا شۇنچە كۆپ ئازابلىنىدۇ.

## ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بىلەن اللهقا ياردەم بەرگىلى بولمايدۇ

«الله» سىلەرگە سان ـ ساناقسىز نەرسىلەرنى ئىنئام قىلدى. ئەمدى سىلەر ئۇ

الله ئۇچۇن ياخشىلىق قىلىشقىلار كېرەك. بۇ سىلەرنىڭ بىر كىمگە قىلغان ياردىمىڭلار ئەمەس. اللهقا قىلغان ياردىمىڭلار تىخىمۇ ئەمەس. بۇ پەقەت ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر. ئەگەر سىلەر الله ئۈچۈن بارلىق نەرسەڭلارنى قۇربان قىلساڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى.

شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ، اللهقا ياخشىلىق قىلغان بولمايسىلەر، سىلەر شۇنچىلىكمۇ قىلالمىدىڭلار. ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت اللهنىڭ مېھرىبانلىقىغا قايتۇرغان كىچىككىنە ياخشىلىقتىنلا ئىبارەت خالاس. چۈنكى ئىمان ئادەمنى ياخشىلىقتىن مەڭگۈ ئايرىمايدۇ. بۇلارنى بىلدىڭلار، ئويلىنىپ بېقىڭلار، بۇزۇق ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئۆزىنى مۇسۇلمان ھېسابلىيالامدۇ؟ يەنى، ئىماندىن سۆز ئاچالامدۇ؟ مۇسۇلمان دېگەن ئازراق ئىشلارنى قىلىپ نەتىجىگە ئېرىشىپ مەغرۇرلانماسلىقى، ئۆزىنى ماختىماسلىقى ۋە ئۆزىنى قالتىس چاغلىماسلىقى كېرەك. بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن مۇنداقچە ئېيتقاندا ناماز ئوقۇش، ئۇخلاش ئوخشاشلا بىر ئىش.

سىلەر ئويلىنىپ بېقىڭلار؟ تاماق يېگەنلىكىدىن پەخىرلىنىدىغان ئادەم بارمۇ؟ ئىمان دېگەن ھەركەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ناماز ئوقۇمىغان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس.

نامازنىڭ ئەھمىيىتى _ الله بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا خوجايىن بىلەن قۇلنىڭ مۇناسىۋىتىدەك ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. مۇناسىۋەتنى مانا مۇشۇنداق تىكلەش كېرەك. مۇسۇلمان پەقەت اللهنىڭ قۇلى.

بىزنىڭ ناماز ئارقىلىق قۇللۇقىمىز ئىپادىلەنسە، بىز يەنىلا اللهنىڭ سادىق قۇلى ھېسابلىنامدىمىز؟

ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، بىز باشقا نەرسىلەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالدۇق. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەر ئەمەل ئىبادەتكە بەكمۇ سەل قاراپ ناھايىتى خەتەرلىك يوللارنى بېسىپ كەلدى. ئۇلار ئىمان قەلبىمىزدە بولسا بولىدىغۇ دەپ الله بۇيرۇغان ئىشلارنى كەينىگە تارتىپ ئىجرا قىلمايۋاتىدۇ. بۇمۇ

ئىمانىمۇ؟

ئىمان ئىنسانلار ھاياتىنى تەشكىل قىلغۇچى، ئۇ ئەمەلىي ھەركەتلەردە ھەقىقىي تاللىنىپ، بىزلەرنى تۇرمۇش ئېھتىياجلىمىزغا قاندۇرۇپ تەربىيەلەيدۇ. بىراق كىشىلەر ئەمەل ئىبادەتلەرنى ۋاقتىدا قىلماي تاشلاپ قويىۋاتىدۇ. ئۇلار اللهنىڭ ھەقىقىي قۇلى بولۇشنى خالىمايۋاتىدۇ.

خۇددى يولۇچى يولنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ماڭمىغاندەك، ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە ئىسلامى چۈشەنچىسى خاتا.

قارىماققا ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلماندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇ خىل كىشىلەر نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىشلاردىن قانچىلىكى اللهقا ئەرزىيدۇ؟ بۇنى ئۇلار ئويلىمايدۇ. بىز اللهنى ۋە ئۆزىمىزنى ئالداۋاتىمىز. ئادەم كۆپ بولسا كۈچ كۆپ بولۇشى ناتايىن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئازراق ئادەممۇ يەر شارىنىڭ يېرىمىغا رەھبەرلىك قىلالىغان ئىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

چۈنكى ئۇلار ئىماننى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن تونۇغان ھەم ئىماننى ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

ئىسلامى قېرىنداشلار! ئۆزەڭلارنىڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولغان ۋاقتىڭلارنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان اللهنىڭ بۇيرۇقىنى ئازراق ئىجرا قىلىپلا خۇشاللىنىپ كەتمەسلىكى ۋە مەغرۇرلانماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئادەم اللهنىڭ باشقا بەندىلىرى ئىگە بولالمىغان نەرسىلەرگە ئىگە بولۇپ اللهنىڭ مېھرىبانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە اللهنىڭ نۇرغۇن ئىنئاملىرىغا ئىگە بولدى ئەمەسمۇ؟

مەغرۇرلۇق ئىماننى سۇسلاشتۇرىدۇ، بىر ئادەم قىلغان ئىشى ئارقىلىق مۇشۇ دۇنيادا مەنپەئەتلىنىشنى ئويلاپ مەنپەئەتلىنىدىكەن، ئاخىرەتتە ھېچ نەرسىگە

ئىگە بولالمايدۇ.

چۈنكى بىر نەرسە ساتقان ئادەممۇ ئۇنى بىر قېتىمدىلا ئالىدىغۇ؟ پۇلنى بىرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە پۇل دىسە، بېرىپ بولدۇم دىمەمسىز؟

## اللهنىڭ رەھمىتى ۋە بىزنىڭ ھەركىتىمىز

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! الله سىلەرگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى بىلەن ئىنئام قىلدى. ئۇ بەرگەن نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولۇپ، ئۇنى قاچان خالىسا شۇ ۋاقىتتا ئېلىپ كىتىدۇ. الله مۇنداق دەيدۇ: «الله مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى.» (سۈرە تەۋبە ١١١-ئايەت)

مانا بۇ اللهنىڭ بىزلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى.

ھازىر سىلەرنىڭ ھەركىتىڭلاردىن قارىغاندا، الله سىلەرگە بەرگەن نەرسىلەرنى باشقىلارغا ساتتىڭلار. الله ئۇ نەرسىلەرنى سىلەردىن سېتىۋىلىشنى ئېيتقان ئەمەسمۇ؟ سىلەر باشقىلارغا سېتىش بەدىلىگە دۇنيادا ئازراقلا پايدىغا ئېرىشىسلەر، يەنى كىيىم _كېچەك، يىمەك _ ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي قاتارلىقلارغا ئېرىشىسلەر.

بىراق سىلەر ئويلانمىدىڭلار، سىلەر قانچىلىك نەرسىنى يوقتىپ، يەنە قانچىلىككە ئىگە بولدۇڭلار؟ سىلەر ئەخلاقىڭلارنى، توغرا تۇرمۇش يولۇڭلارنى، خاتىرجەم ھاياتىڭلارنى ھەم ئاخىرەتتىكى خاتىرجەم ھاياتىڭلارنى، جەننەتنى يوقتىپ دۇنيادىكى ئازغىنە پايدا بىلەن كۆڭۈلسىز تۇرمۇشقا ئىگە بولدۇڭلار. سىلەر خىيالىڭلاردا دۇنيادىكى سوتچىلارنى ئالدىغاندەك اللهنىمۇ ئاخىرەتتە ئازغىنە سەدىيقەڭلار بىلەن ئالدايمىز دەپ ئويلامسىلەر؟ بۇلاردىن نومۇس قىلمامسىلەر؟

## ئىمان كەلىمىسى

ئىمان كەلىمىسى دېگەن نېمە؟

مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

بىز ئىمان كەلىمىسى توغۇرلۇق كۆپ سۆزلىدۇق. ئەرەب تىلىدا ئىمان كەلىمىسى «ياخشى سۆز» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ مەنىسى: «تولۇق ئىشىنىش» تىن ئىبارەت. ئۇ ئىسلامنىڭ يىلتىزى، شۇنداقلا ئىمانىنىڭمۇ يىلتىزى.

ئىمان يەنى گۇۋاھلىق سۆزى: «ھەممىگە ئىشىنىش»، «شەك قىلماي ئىشىنىش» لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى: اللهقا ئىشىنىش. بۇ ئىتقادنىڭ مەنبەسى. بىز ئالدى بىلەن ئىمان كەلىمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز ئىمان كەلىمىسى توغۇرلۇق بىر قىسىم مىساللارنى كەلتۈردۇق. بۇنىڭدىكى سەۋەب بىزنىڭ ئىمانىمىز كۈچلۈك بولالمىدى. بىز يەنە ئىمان كەلىمىسىنى بىر ئادەمنىڭ كىيىم كىيىشى ۋە تاماق يېيىشىگە ئوخشىتىپ چۈشەندۈرەيلى.

بىر ئادەمنىڭ دۇنيادا ياشىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتى _ تاماق ۋە كىيىم. تاماق يىمىسە، كىيىم كەيمىسە ياشىيالمايدۇ. مۇسۇلمانمۇ ئالدى بىلەن ئىمان كەلىمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرمىسە، خۇددى تاماق يېمەي ئاچ قالغان، كىيىم كېيمەي توڭلاپ قالغانلىققا ئوخشاش بولمامدۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا بىز يەنە ھاللىق تۇرمۇشتىن گەپ ئاچالايمىزمۇ؟ بىر ئادەم ئىمان كەلىمىسىنى تولۇق چۈشەنمىسە، ئۇنى تۇرمۇشقا يېتەكچى قىلمىسا ۋە ھاياتقا تەسىر قىلدۇرمىسا، بىز يەنە ئۇنى مۇسۇلمان دەيمىزمۇ؟

ئويلاپ بېقىڭلار، بىر ئادەم كىيىم كىيىشنىمۇ خالىمىسا، تاماق يېيىشنىمۇ خالىمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟ الله قۇرئاندا ئىمان كەلىمىسىگە مۇنداق تەبىر بەردى:

«اللهنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە

(يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى _ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. الله كىشىلەرگە ۋەز _ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ.» (سۈرە ئىبراھىم ٢٤-، ٢٥- ئايەت). بۇ يەردە ئىمان كەلىمىسى ئېسىل بىر دەرەخكە ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى يەرنىڭ تېگىگە مۇستەھكەم بېكىتىلگەن، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى بۆك _ باراقسان بولۇپ بۇلۇتقا تاقاشقان ھەم اللهنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ۋاقتى _ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ياخشى دەرەخكە ئوخشىتىلغان.

## كۇفرى كەلىمىسى

كۇفرى كەلىمىسى دېگەن نېمە؟

كۇفرى كەلىمىسى بۇزۇق بىر ئەقىدە بولۇپ، سۈپىتى ناچار بىر دەرەخكە ئوخشىتىلغان. ئۇ دەرەخ يىلتىز تارتىپ ئۆسمەيدىغان، دائىم بوران _ چاپقۇنغا ئۇچرايدىغان، ئىغاڭلاپ ئاخىرىسدا يەردىن قومۇرۇپ تاشلىنىپ ھېچنەرسىگە كېرەككە كەلمەيدىغان ناچار دەرەختۇر. الله مۇنداق دەيدۇ: «يامان سۆز (يەنى كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ.» (سۈرە ئىبراھىم ٢٦- ئايەت).

«الله مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. الله زالىملارنى (يەنى كۇفارلار) نى گۇمراھ قىلىدۇ، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ.» (سۈرە ئىبراھىم ٢٧- ئايەت). كۆپچىلىك! بىز بۇ مىسالنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلساق بۇنىڭدىن ناھايىتى ياخشى تەربىيۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولىمىز. بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككى تۈپ دەرەخ تۇرۇپتۇ. بىر ئەي ئەننەھ دەرىخى بولۇپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ناھايىتى ئېگىز ئۆسكەن، شاخ يوپۇرماقلىرى بۆك _ باراقسان ئۆسكەن، مېۋىلىرى ئىنتايىن مول ياخشى دەرەخ.

بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ياخشى بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئېسىل،

يىلتىزى يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا بېكىتىلگەن، سۇ، ھاۋا، يەر، كۈندۈزنىڭ ئىسسىقلىقى، كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەرەخنىڭ ياخشى ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا يۇقارقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ دەرەخ شۇنداق كۆركەم ئۆسكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنى ياخشى دەرەخ دېيىشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى كېچە _ كۈندۈزنىڭ ئارلىقىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ ياخشى ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. يەر شارىدىكى بارلىق نەرسىلەر ۋە ئۇنىڭ مەقستى شۇ دەرەخكە ياردەم بىرىش. يۇقارقىلارنىڭ ئەكسىچە يەنە بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ يىلتىزى يوق، ئاجىز، يوپۇرماقلىرىمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۇرۇقىمۇ ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان كۈچمۇ يوق. بۇنىڭ كىشلەرگە مېۋە بېرەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. تۇپراق يىلتىز تارتقۇزمايدۇ، سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايدۇ، ھاۋا ياخشى ئۆستۈرمەيدۇ.

چۈنكى زېمىندا زەھەرنىڭ تۇرۇشنى كىممۇ خالىسۇن! ئەگەر ئۇلار كۆپەيسە ھاياتلىققا زەھەردىن باشقا نەرسە بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر قانچە كۈنلا ياشايدۇ خالاس.

## ئوخشىمىغان نەتىجە

يۇقۇرقى مىساللاردىن ئىمان كەلىمىسى بىلەن كۇفرى كەلىمىسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقنى بىلۋالدۇق. ئۇنداقتا ئىمان كەلىمىسى دېگەن زادى نېمە؟

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولغان بارلىق پەندى _ نەسىھەتلەردىن ئىبارەت. ھەقىقەتنى دۇنيادىكى بارلىق نەرسگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ھەقىقەت ئېيتىدۇكى:

«كائىناتنىڭ ئىگىسى يالغۇز بىر اللەدۇر». پەقەت بىر الله كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى باشقۇرۇش كۈچىگە ئىگە.

كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر اللەنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ئىسپاتى، ئىنسانلار، جانلىقلار، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز ... ھەتتا كىچىككىنە زەررىمۇ اللەنىڭ ياراتقان

نەرسىسى. بۇلارنىڭ ھەممىسى اللهنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

اللهتىن باشقا كىممۇ ئۇ نەرسىلەرنى يارىتالىسۇن؟! الله ھەممە نەرسىنى ياراتقان. الله كائىناتنىڭ مېھرىبان تەربىيەچىسى. بىز دۇنيادا اللهدىن باشقا ھېچقانداق كۈچ ئۇنىڭغا قادىر ئەمەس دەپ سۆزلىگىنىمىزدە، كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر: «شۇنداق، توغرا دېدىڭ، بىز سىنىڭ مۇتلەق توغرا بولغان بۇ سۆزلىرىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمىز» دېيىشىدۇ.

بۇ سۆز، اللهقا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى بارلىق ھوقۇقلارنى ئىنكار قىلىدۇ. سىلەر اللهقا سەجدە قىلغاندا بارلىق شەيئىلەر سىلەر بىلەن بىللە سەجدە قىلىدۇ. چۈنكى قاتناشقۇچى بارلىق نەرسىلەر اللهقا بويسۇنىدۇ ئەمەسمۇ؟

سىلەرنىڭ قەلبىڭلار بويسۇنسا بارلىق نەرسىلەر بويسۇنىدۇ.

ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەركىتى، تۆت پەسىلنىڭ ئالمىشىشى قاتارلىقلار اللهنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولىدۇ.

مۇشۇنىڭغا قارىغاندا كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر يەنى اللهنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭىدىغانلار مۇسۇلماندۇر. ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ئۆزىنى جانلىقلارنىڭ خوجايىنى دەپ ھېساپلايدىغان قارا نىيەت كىشىلەر، كۈچىنىڭ بارىچە اللهنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، بارلىق نەرسىلەرنى اللهنىڭ ياراتقانلىقىنى ۋە كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى اللهنىڭ باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلماقتا.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر تامچە سۇدىن يارىتىلغانلىقىنى ئۇنۇتتى. ھەتتاكى ئۆزىنىڭ پاشىغا چاغلىق بىرەر نەرسە بارلىققا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يەنى زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ اللهنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېتراپ قىلماسلىقىدىكى سەۋەپ _ ئىنساننى ئىنسانغا قۇل قىلىشتىن ئىبارەت. اللهنىڭ كائىناتتىكى كۈچ قۇدرىتىنى تونىماي، كىشىلەرنى ھورۇنلۇق بىلەن ياشاش، جىنايەت ئۆتكۈزىشكە يېتەكلەپ، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق جەمئىيەتنى بۇزۇپ چىرىتىشتىن ئىبارەت.

بۇ نۇقتىلارنى ھەقىقىي چۈشەنمىسە، ھەقىقەتنىڭ چىنلىقىغا ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ھەقىقىي ئىنساندەك ياشىيالمايدۇ. قېرىنداشلار! سىلەر اللهنىڭ يولىدا مېڭىپ، تۇغقانلىرىڭلاردىن، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى دوستلىرىڭلاردىن ئايرىلساڭلارمۇ، ئۆزۈڭلارنى يالغۇز ھېس قىلماڭلار، ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى دۇنيادىكى سانسىزلىغان جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلار، سىرداش دوستىڭلار، سىلەر اللهنىڭ قۇلى، ئۇلارمۇ شۇنداق.

بىر خوجايىننىڭ ئىككى قۇلى ئۆز ـ ئارا ياردەملەشكەندەك بارلىق نەرسىلەر ياردەمدە بولىدۇ.

ئۇلاردىن باشقا كائىناتتا تەڭداشسىز كۈچكە ئىگە مېھرىبان اللهمۇ سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلار.

ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھەم باي، بىلىملىك بولغان ياردەمچىسىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن كىشى ئۆزىنى ھەرگىزمۇ بىچارە دەپ ھېسابلىمايدۇ.

گەپنىڭ مېغىزىنى قىلغاندا، سىلەرمۇ مۇشۇ مەزمۇننى ئوبدان چۈشەنسەڭلار، كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىمان كەلتۈرمىسنى قوللاۋاتقانلىقىنى چۈشۈنۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىدىن كېيىنكى سىلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىسىلەر.

بەخىت سىلەرنى كۈتمەكتە ھەم چاقىرماقتا!!! بىز تۆۋەندە كۇفرى سۆزى دېگەن نېمە؟ بۇ مىسالغا قاراپ باقايلى! كۇفرى دېگەن ـ («الله ساقلىسۇن») الله يوق، الله بىر ئەمەس «نۇرغۇن»، ئىلاھلىق ھوقۇقى بىر الله بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ ... دېگەندىن ئىبارەت.

كۆپچىلىك ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار! الله بىر ۋە بار. دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر اللهنىڭ دېيىش كېرەك ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ الله يوق دېگەن سۆزى

**بىلەن ئىكىلىنىپ قالساق بولامدۇ؟ اللهقا ئىشەنمىگۈچىلەر بولسا الله بىر ئەمەس دېيىشىدۇ. بارلىق نەرسىلەر بۇنداق يالغانچى ئەبلەخنى ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنى ۋە بارلىق شەيئىلەرنى الله ھەتتاكى ئۇلارنىڭ يالغان گەپ قىلغان تىلىنىمۇ الله ياراتقان تۇرسا؟ كۆپ ئىلاھلىقلار، ئەھلى كىتاب، مۇشرىكلار اللهنىڭ ئىلاھلىق ھوقۇقىغا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلىشىدۇ. شېرىك قىلغان نەرسىسىنى (بىزگە بەخت) يارىتىدۇ دەپ قارىشىدۇ.**

**ھەتتاكى ئۇ نەرسىلەرنى بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار زالىملاردىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ تۈزۈپ چىققان بۇزۇق قانۇنلىرىنى اللهنىڭ زېمىنىدا ئىجرا قىلىدۇ ھەم بويسۇنىدۇ. سىلەر ئويلىنىپ بېقىڭلار! بارلىق يارىتىلغان نەرسىلەر ياراتقۇچى بىلەن باراۋەر بولامدۇ؟ بۇ ئىككى خىل ئەقىدىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ ئىمان سۆزى كىشىنى دۇنيادىكى تىنىچ، خاتىرجەم، ئەركىن، پاكىز، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ... قاتارلىق تۇرمۇش مۇھىتىغا باشلاپ ئىنساننى گۈزەللىككە، ئادالەتلىك مۇھىتقا باشلاپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ قورقۇنچىسىدىن خاتىرجەم قىلىدۇ.**

**كۇفرى سۆزىگە ئىشىنىش _ يەنى بۇزۇق ئېتىقاد، ئىنسانى خارلىققا، مەينەتچىلىككە، ۋە قورقۇنچاقلىققا... باشلايدۇ.**

**بۇ سۆزگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ئوزۇقى قانچىكى كۆپ بولسا، ئۇلارنىڭ ئالغان ئوزۇقى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدىن ئاقىدۇ. سىلەر كۆزۈڭلارنى ئوبدان ئېچىپ بېقىڭلار!**

**كۇففارلىققا، مۇشرىكلىككە، خۇداسىزلىققا پېتىپ كەتكەن بۇ دۇنيادا كىشىلەر دەم ئالماستىن بىر بىرىنى قىرغىن قىلىپ، ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمران بولۇش، قۇل قىلىش ئۈچۈن زەھەرلىك گاز ۋە ئاتوم بومبىلىرى ۋە قىرغىن قىلىش قۇراللىرىنى ياساپ قىرغىن قىلماقتا.**

**بىراق ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئىنتايىن ئېچىنارلىق ھالەتكە بېرىپ قالدى. ئۇلار**

ھەر خىل جىنسى (ئالاقە قىلىش) مۇناسىۋەت، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، قىمار ئويناش... قاتارلىق بۇزۇقچىلىقلارنى قىلدى.

ھازىر ئىنسانىيەت لىمفا (ئۆپكە تۇبېركۇليوز)، سىفلىس، ئەيدىس كېسلى ۋە ھەرخىل نېرۋا كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ ئازابلانماقتا.

بايلار كەمبەغەللەرنى قۇل قىلماقتا. كەمبەغەللەرنىڭ قان تەرى بايلارنىڭ قان تومۇرى ئىچىدە ئاقماقتا.

نەچچە مىليون پۇللارنى ھاراق، پاھىشىۋازلىق، قىمار ۋە ھەددىن زىيادە تويلۇق بىلەن تۆكمەكتە.

ئۇلارنىڭ خىيالىدا كەمبەغەللەر يوق. ئۇلار سەدىقە قىلىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەخلاق قارشى بىلەن قىممەت قارشى قۇرۇق نەزىرىيە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قانۇنى ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزەلمىدى. بۇ ئىشلارغا قارىتا ھەممىگە قادىر الله مۇنداق دەيدۇ: «الله مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تۇرغۇزىدۇ. الله زالىملار (يەنى كۇففارلار) نى گۇمراھ قىلىدۇ، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ.» (سۈرە ئىبراھىم ٢٧- ئايەت). بۇ ئىمان سۆزىنىڭ تەبىرى بولۇپ يەنى (مۆمىنىنىڭ) اللهنىڭ ئۇنى مۇستەھكەم تۇرغۇزىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىككىلا دۇنيادا ساغلام ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بىراق كۇفرى سۆزىگە ئەگەشكەنلەر باشقىلارنى ئېزىشنى، ئالىي يېيىشنى ۋە كىيىنىشنى، جىنسىي ئالاقە قىلىشنىلا ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھالى ياخشى ئەمەس، روھى خاتىرجەم ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغاچقا، ئىككىلا دۇنيادا ئازاب ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ياشاشقا ئىرادە قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھى جەھەتتىن چۈشكۈنلىششى، اللهنىڭ ئۇلارنى مۇشۇ دۇنيادا ئازابلىغانلىقىدىن ئىبارەت.

قېرىنداشلار! سىلەر ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئوخشىمايدىغان پەرقىنى ۋە ئۇلاردىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىسىنى چۈشۈنىۋالساڭلار. بەزى ئادەملەر بىز

ئىمان ئېيتتۇق، ئەمما تەرەققى قىلالمىدۇق، ئاجىز بولۇپ قالدۇق، كۆچلىنەلمىدۇق، بىراق ئىمانسىزلار تەرەققى قىلدى، كۈچلەندى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىگە مېنىڭ جاۋاب بېرىش مەسئۇلىيىتىم بار، ئەمما مېنىڭ جاۋابىمدىن خۇشال بولماسلىقىڭلارنى ھەم خاپا بولماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋابىمنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئويلاپ بېقىڭلار.

سىلەر بىز ئىمان ئېيتىپ تەرەققى قىلالمىدۇق دېسەڭلار تامامەن خاتا، ئىمان دېگەن ئېغىزدىلا ئېيتىپ قويسا بولىدىغان قۇرۇق نەزەرىيە ئەمەس. بەلكى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن ئىمان ئېيتىپ، ئىمان كەلىمىسىگە زىت بولغان ئارزۇ _ ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىپ، ئىماننىڭ چاقىرىقى بويىچە ئىش قىلىشىڭلار كېرەك. مۇسۇلمان قېرىنداشلار، الله ئۈچۈن شۇنداق قىلالىدىڭلارمۇ؟ سىلەر سەممىيراق گەپ قىلىڭلار، چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «دىن _ دېمەك ساداقەت دېمەك» دەپ تەلىم بەرگەن، بىراق سىلەرچۇ؟

قېرىنداشلار! بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇشرىكلاردەك، ئەھلى كىتابتەك قاراشتىكىلەر يامراپ كەتتى. بۇلار ئىمانغا زىت ئەمەسمۇ؟ مۇسۇلمانلار اللەدىن باشقا نەرسىلەرگە باش ئەگسە بولامدۇ؟ مۇسۇلمانلارنىڭ قورقىدىغىنى اللەمۇ ياكى باشقا نەرسىلەرمۇ؟ بىز ئالدى بىلەن اللەنىڭ سۆزىنى ئاڭلامدۇق ياكى باشقا ئىنسانلارنىڭكىنىمۇ؟ بىز اللەنىڭ قانۇنىغا بويسۇنىۋاتامدىمىز ياكى باشقىلارنىڭ نەپسى _ خاھىشىغىمۇ؟ كىشىلەر ئازراق پايدىنى كۆرۈپ اللەنىڭ كۆرسەتمىسىنى تاشلاپ قويىۋاتىدىغۇ؟ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر كاپىرلاردىن قورقۇپ اللەنى ئەسلەشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتىدىغۇ؟ مىڭلىغان كىشىلەر كاپىرلارنىڭ ھالىنىڭ ياخشىلىقى ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتىدىغۇ؟ اللەنىڭ ئىنئامىنى ئۇنتۇۋاتىدىغۇ؟ كۆپچىلىك ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار.

سىلەر يۇقارقىلارغا ئوخشامسىلەر ياكى ئوخشىمامسىلەر؟ ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولىدىغان بولسا، سىلەر يەنە «ئىمان ئېيتىپ تەرەققى قىلالمىدۇق»

دىيەلەمسىلەر؟ مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى بىزنىڭ ئىمانىمىزنى چىن دىلىمىزدىن قوبۇل قىلىپ، ئىمانىنى بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ يېتەكچىسى قىلىشتا. بىر تۈپ دەرەخنى يەرگە تىكىپلا قويسا، باشقا ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىسا، ئۇ دەرەخ قانداق مېۋە بەرسۇن. بىز اللهقا يالغان ۋەدە بەرمەيلى، ئى الله بۇنىڭدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، «ئامىن». ئۇنداقتا ئىمانسىزلار ھەقىقەتەن تەرەققى قىلىپ كۆچلىنىپ كەتتى؟ مېنىڭ جاۋابىم شۇكى:

بۇ ئادەملەر ئىلگىرىمۇ تەرەققى قىلالمىغان ھازىرمۇ شۇنداق، ھازىر نادان كىشىلەر باشقىلارنىڭ ماددى بايلىقىنىڭ كۆپ _ ئازلىقىغا ۋە سىرتقى جەھەتتىكى قىياپىتىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. بىراق كىشىلەر ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىغا قاراپ باققانمۇ؟ ئۇلار راستىنلا خاتىرجەملىككە ئىگە بولدىمۇ؟ راستىنى ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ سۆلەتۋازلىقى، راھەت پاراغەتكە بېرىلىشى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسى قۇرۇق قالدى. ھەقىقى بەختكە ئىگە قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ اللهنىڭ بەلگىلىمىسىگە بويسۇنماسلىقى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بىر دوزاخقا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بايلىقىم بار دەپ پۇللارنى كۆيدۇرۇشتە مۇسابىقىلەشكەنلەرنى باي دىگىلى بولامدۇ؟

ئاتالمىش تەرەققى قىلغان ياۋرۇپا ۋە ئامرىكىدىكى دۆلەتلەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدىغانلار، نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلار، ئۇزلۇكسىز كۆپىيىپ جەمىيەتنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى بۇزماقتا.

ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن ئۆلگەنلەر ھاراق، تاماكا، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ھەددىدىن ئارتۇق جىنسىي ئالاقە قىلىش بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى كۆنسايىن كۆپەيمەكتە (ھېسابسىز).

ئۇ دۆلەتلەردە ئۆز بەختىنى نابۇت قىلغۇچىلار نەقەدەر كۆپ _ ھە! ئۇلار ئاشلىقلارنى دېڭىزغا تۆكۈۋاتىدۇ، بىراق ئافرىقىدىكى قېرىنداشلار ئاچلىقتىن ئۆلىۋاتىدىغۇ؟

ئۇلار نەچچە مىليۇن قىممىتىدىكى ئوق _ دورىلارنى ئىشلىتىپ ئادەم

ئۆلتۈرۈشتە داڭ چىقاردى.

بىراق شۇ دۆلەتلەردە نەچچە مىليۇنلىغان كىشىلەر ھەم يېتىم باللار كىرگىلى ئۆي يوق زىمىستان قىشنى كوچىلاردا چىقارماقتا. يېگىلى تامىقى يوق ئاچلىقتىن ئوغىرلىق قىلماقتا ھەم ئۆلمەكتە. قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى تەرەققى قىلدى دېگىلى بولامدۇ؟ ياق! بۇ دېگەن جىنايەت، بۇ دېگەن كۇففارلارنىڭ يامان ھالى.

## ئىمان كەلتۈرۈشنىكى مەقسەت

قېرىنداشلار!

بىز ئالدىنقى مەزمۇندا ئىماننى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۇردۇق. ئىماننىڭ قانداق مەنىسى بار؟ ئىماننى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قانداق قىلغاندا ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ؟ دىگەنلەرنى چۈشەندۇردۇق. بىز ھازىر ئىككى مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىمىز.

ئىماننىڭ قانداق پايدىسى بار؟ نېمە ئۈچۈن ئىمان كەلتۈرىمىز؟ دېگەن مەسىلە.

## ھەرقانداق ئىشتا بىر مەقسەت بولىدۇ

كۆپچىلىك ھەممىسى بىرەر ئىشنى قىلىشتا چوقۇم بىر مەقسەتنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. مەقسەتسىز ھېچكىم بىر ئىش قىلمايدۇ. سىلەرنىڭ سۇ ئىچىشىڭلاردىن مەقسەت ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش. ئەگەر سۇ ئىچمىسەڭلار يەنىلا ئۇسسۇز قالىسىلەر. سىلەرنىڭ تاماق يېيىشىڭلاردىن مەقسەت بۇ ناھايىتى ئاددىي قورسۇقىڭلارنى تويغۇزۇپ، بەدىنىڭلارنى كۈچلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. تاماق يېيىش بىلەن يېمەسلىك ئوخشاش بولىدىغان بولسا، سىلەر ئۆزلىكىڭلاردىن تاماق يېمىسەممۇ بولىدىكەنغۇ دەپ ئويلايسىلەر. سىلەر كېسەل بولغاندا نېمە ئۈچۈن دورا يەيسىلەر؟ ئەگەر دورا يېگەندىن كېيىن يەنىلا ئوخشاش تۇرساڭلار

ئۇنۇمسىزكەن دەپ يىمەيسىلەر. دېھقانچىلىق قىلىشتىن مەقسەتلەر نېمە؟ ھوسۇل ئېلىپ ئېھتىياجىڭلارنى قامداش. ئەگەر سىلەر بىر ئېتىز يەرگە ئۇرۇق سېلىپ ھېچنەرسە ئۇنمىسە پەرۋىش قىلارسىلەرمۇ؟ ئەلۋەتتە، تاشلىۋېتەرسىلەر. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، «دۇنيادا قىلغان ھەرقانداق ئىشتا چوقۇم بىر مەقسەت بار».

ئەگەر كىشىلەر مەقسەتكە يېتەلىسە ئىشنى ياخشى قىلغان بولىدۇ. مەقسەتكە يېتەلمىسە ئىشنى ياخشى قىلغان بولمايدۇ.

## ئىمان كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت

شۇنىڭدەك بىزنىڭ اﷲقا ئىشىنىشىمىزدىمۇ بىر مەقسەت بولۇشى كېرەك.

مەن سىلەردىن مۇشۇ مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك سۇئاللەرنى سورىماقچى، ئەڭ مۇھىم بولغان بىرىنچى مەسىلە، نېمە ئۈچۈن اﷲقا ئىشىنىشىمىز كېرەك؟ ئۇنىڭ جاۋابى شۇكى، «مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنى ئايرىش، ياخشى كىشىلەر بىلەن يامان كىشىلەرنى ئايرىش». سىلەر دەپ بېقىڭلار! ئۇلارنىڭ قانداق ئوخشىماسلىقى بار؟ كاپىرنىڭ ئىككى كۆزى، مۇسۇلماننىڭ تۆت كۆزى بارمۇ؟ ياكى كاپىرنىڭ بىر بېشى، مۇسۇلماننىڭ ئىككى بېشى بارمۇ؟

سىلەر چوقۇم ياق، ئۇنداق ئەمەس دەيسىلەر. مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ پەرقى: مۇسۇلمان دۇنيادا اﷲنىڭ نۇر قىلىپ چۈشۈرۈپ بەرگەن كىتابىغا ئەگىشىپ ياشىغانلىقىدا، كاپىر بۇنىڭ ئەكسىچە ياشىغانلىقىدا. مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ھاياتى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. مۇسۇلمانلار دۇنيادا خاتىرجەم بولىدۇ. ئاخىرەتتە اﷲنىڭ جامالىنى كۆرۈپ جەننەتكە كىرىدۇ.كاپىرلار دۇنيادا ئازاب _ ئوقۇبەتكە، ئاخىرەتتە دوزاخقا دۇچار بولىدۇ.

## ئاخىرەتتىكى نەتىجە

سىلەرنىڭ جاۋابىڭلار توغرا. بىراق ئاخىرەت دېگەن نېمە؟ ئاخىرەتتىكى

راھەت بىلەن ئازاب قايسى؟ بۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرمەي سۆزلەۋەرسەك بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سۇئالغا ئاللىقاچان جاۋاب بېرىپ بولغان. «بۇ دۇنيا _ ئاخىرەتنىڭ تېرىلغۇ مەيدانى»، مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمى. بىز بۇ ئارقىلىق ئاخىرەت بىلەن بۇ دۇنيانىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالدۇق. ھاياتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بۇدۇنيا، مەقستى ئاخىرەت. بۇ سەپەرنى قانداق بېسىپ ئاخىرقى نۇقتىغا قانداق بېرىش ھەر بىر مۆئمىننىڭ ياخشى بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىشى.

بۇ ئىككى دۇنيا ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت _ تېرىقچى بىلەن مول _ ھوسۇل مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر سىلەر بۇغداي تېرىساڭلار بۇغداي ئالىسىلەر، ھېچ نەرسە تېرىمىساڭلار ھېچ نەرسە ئالالمايسىلەر. «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن». مانا بۇ ئۆزگەرمەس ھەقىقەت. بۇ دەل دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ كۆرىنىشى، بۇدۇنيادا بولسا يەرنى ئاغدۇرۇپ، ئاخىرەت ئۈچۈن ئۇرۇق چاچىمىز. ئاخىرەتتە ھوسۇلغا ئېرىشىمىز. بىز تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگۈچە بولغان بارلىق ۋاقتىمىزنى مۇشۇ يەرنى تېرىشقا سەرپ قىلىشىمىز لازىم.

بۇ دۇنيادا پەرۋىش قىلغان كۆچەت ئاخىرەتتە مېۋە بېرىدۇ. دۇنيادا الله ۋە پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ياشىغان كىشى، قىيامەتتە ئەڭ ئاۋال كۆرىدىغىنى كۆركەم بىر باغ بولىدۇ. ئۇ باغدا دۇنيادىكى جاپا _ مۇشەققەت يوق. ئۇ باغقا خالىغانچە كىرىپ چىقىپ دۇنيادىكى جاپانىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيسىلەر.

ھازىر ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان بەزى كىشىلەر دۇنيادا تىكەن دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىماقتا. ئىنسانلارغا زەھەرلىك بولغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ ھاياتى مەنىسىز ئۆتىدۇ. ئۇلارمۇ قىيامەتتە ئۆزى تېرىغان ئۇرۇقنىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندا ئەمدى ئۇرۇقنى تىكمەن دېسە تولىمۇ كېچىككەن بولىدۇ. ھەرگىزمۇ تىكەلمەيدۇ. مۇسۇلمان اللهنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ. كاپىر ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ

ئاخىرەتتىكى غەلبىسى ياكى مەغلۇبىيتى دۇنيادىكى ئىددىيە ۋە ھەركىتىگە باغلىق. كىشىلەر دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلمىسا، پۈرسەتپەرەسلىك قىلىپ ھاياتىنى ئۆتكۈزسە ئوچۇقتىن ئوچۇق ئازغان بولىدۇ. ئۇلار اللهنى ئالدىماقچى بولىدۇ _ يۇ لېكىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ. ئارىمىزدا نۇرغۇن ئادەملەر بار. بەك ئالدىراش ئۆتىدۇ. ئۇلار تاماقمۇ يېمەي، ئۇخلىماي ئالدىراش ئۆتىدۇ.

سىلەر دەپ بېقىڭلار! بىر ئادەمنىڭ جاپا تارتىپ پۇل تېپىشتىكى مەقستى نېمە؟ الله كۆپلىگەن كىشىلەرگە نۇرغۇنلىغان بايلىقلارنى بەردى. بىراق ئۇلار نېمىگە ئىشلەتتى؟ ئەجىبا ئۇ نەرسىلەرنى اللهقا قايتۇردىغانلىقنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىراشچىلىقى مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ئالدىراشلىقى ئەمەس. ھەتتاكى ئۇلار بىر قانچە پۇل ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ھالاك بولىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

كۆپچىلىك بۇ مەسىلىنى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار!

بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بايلار ۋە تىجارەتچىلەر! سىلەر الله بەرگەن نەرسىلەر بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرمەي، ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار. ئىمانىڭلارنى يېڭىلاپ كۈچەيتىپ تۇرۇڭلار.

ئەسلى گېپىمىزگە كىلەيلى! مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەركىتى كاپىرلارغا ئوخشاش بولسۇن، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئاخىرىدىكى نەتىجە ئەھۋالىمۇ ئوخشاش بولىدۇ.

كۆپچىلىك مەن سىلەردىن بىر سۇئال سوراپ باقاي، بىز نېمە ئۈچۈن ئىمان كەلتۈرىمىز؟ سىلەر جاۋاب بەرمىسەڭلار مەن جاۋاب بىرەي.

مۇشۇ مەسىلىدە مۇھىم بىر مەسىلىنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي. بىز ئىمان كەلتۈرگەندە ئىككى سۆزنى ئېسىمىزدە مۇستەھكەم ساقلىشىمىز كېرەك.

١) بىلىم. ٢) ھەركەت.

بىزنىڭ قۇرئان، ھەدىسنى ئۆگۈنىشىمىز «بىلىم» ئۈچۈن، قۇرئان ۋە ھەدىس

ئارقىلىق ھاياتىمىزنى كاپىرلار ھاياتىدىن پەرقلىق ئۆتكۈزۈشىمىز «ھەركەت» ئۈچۈن. مەن بۇ ئىككى سۆزنى كۆپچىلىكنىڭ ئوبدان ئويلىنىشنى ئۈمۈد قىلىمەن.

تۆۋەندە مەن سىلەرگە ئىمان بىزگە نېمە ئۆگەتتى؟ دېگەن مەسىلىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

## ١. اللهقا بويسۇنۇش

سىلەر ئىمان ئېيتقاندا سىلەر ئۆگىنىدىغان نەرسە _ سىلەرنىڭ ئىگەڭلار بىر الله ، ھەرگىزمۇ باشقا نەرسە ئەمەس.

مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا قارىشى. سىلەر مۇشۇ مەسىلىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، دۇنيادىكى بارلىق پائالىيەتلىرىڭلاردا سىلەرنىڭ ئىگەڭلار اللهنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشايسىلەر. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ئىگەڭلارنىڭ جازالايدىغانلىقىنى بىلىسىلەر

## ٢. پەيغەمبەرگە بويسۇنۇش

سىلەر ئىمان كەلتۈرگەندە، ئۆگەنگەندە ئىككىنچى سۆز «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى»، ئىنسانلارنىڭ ئۆلگىسى ئىكەنلىكىنى يەنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەلچى قىلىپ ئىنسانلارنى ئۆز تەرتىپىگە چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلسا بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىنى، ئەكسىچە قىلسا بەختسىز بولىدىغانلىقى ... لارنى بىلىسىلەر». مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا قارىشى.

## ٣. مۇسۇلمانلار رەھبەرلىككە بويسۇنۇش

بىز يەنە الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنغاندىن سىرت، مۇسۇلمانلار رەھبەرلىككە بويسۇنىشىمىز لازىم. قۇرئان ۋە ھەدىس بويىچە ئىش بىجىرگەن رەھبەرلەر بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز ھەم ئۇستازىمىز. مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە. بىزنىڭ مانا مۇشۇنداق رەھبەرلىرىمىز بارمۇ؟ ئەگەر يوق بولسا سەۋرچانلىق بىلەن

كۈتىشىمىز، ئاكتىپلىق بىلەن بارلىققا كەلتۈرىشىمىز، ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بار بولسا ئۇلارنىڭ تەربىيە كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

قېرىنداشلار! بىز بىلىم توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدۇق. ھازىر يەنە سۆزلەپ باقايلى.

الله ئەڭ بۇرۇن «ئوقۇ» ۋە «ياز» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. بىراق بىز قانچىلىك ئوقۇدۇق؟ قانچىلىك يازدۇق؟ بىلىملىرىمىز ئەمەلىيەتتە بولىشى كېرەك.

ئەگەر سىلەر ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىڭلارغا، ئاندىن قايتا تىرىلىپ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولىدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنسەڭلار، ئۆزەڭلارنى ئوبدانىراق تەربىيلىشىڭلار كېرەك. بۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۇرۇش ناھايىتى ئاسان. سىلەرنىڭ ئەمگەك قىلىشىڭلاردىكى مەقسەت ئاچلىقتىن قۇتۇلۇش، ئەگەر ئەمگەك قىلمىساڭلار ئاچلىقتىن ئۆلىسىلەر. مانا بۇ ئۆزىگە ئۆزى ھۆكۈم قىلغانلىق. سىلەر الله ۋە پەيغەمبەرگە، قىيامەتكە ئىشەنسەڭلار، بىراق اللهنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى تاشلاپ قويساڭلار خۇددى ئەمگەك قىلمىسا ئۆلىدىغان ئادەمگە ئوخشاپ قالىسىلەر.

مەن سىلەرگە بىر مىسالنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ۋەھىسىنى بىۋاستە قوبۇل قىلغان. دوستلىرىنى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئۆزى بىۋاستە تەربىيلىگەن. ئۆزىنىڭ ھەركىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولغان. ئۇ دەۋردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئاجايىپ كۈچەيگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىنتايىن ياخشى تەربىيلەر قوبۇل قىلىپ، ئىنسانىيەت ئىچىدىكى مەشھۇر كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. «الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!». بىراق كېيىنكى كىشىلەر بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشىغان ساھابىلەر ھايات پائالىيىتىنى ئوبدان بىلىدۇ. بىزنىڭ ئىمانىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئىمانىنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ تارىخ

جەريانىدا نۇرغۇن ياخشى كىشىلەر يوقالغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىن ئەۋلادلار ئازغۇن يوللاردا مېڭىپ ئىمانى بارغانسېرى ئاجىزلىغان. قىسقىسى بىزدە ئۆزىمىزنى رازى قىلغۇدەك ئىمان يوق. ئۆزىمىزنىڭ ھالىنى ئىسلاھ قىلغۇدەك روھمۇ يوق. بىز ئۆزىمىزدىن تۆۋەندىكىلەرنى سوراپ باقتۇقمۇ؟ سەن ئالدى بىلەن كىمگە بويسۇنىسەن؟ بىر اللهقا. الله دىن باشقىلارچۇ؟ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىڭلار كىم؟ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنىڭلارچۇ؟ ئارىمىزدا بەزى كىشىلەر باشقىلارغا بويسۇنىدۇ. ئۇ ئىلاھىي كۆرسەتمىگە زىت. بىز يۇقۇرقىدەك سورىساق راست گەپ قىلىدىغانلار بەك ئاز. قېرىنداشلار! ئىسلام بىر ئېتىز، تېرىقچى _ مۇسۇلمان. بىز ئالدى بىلەن كېرەكلىك نەرسىنى ھازىرلىشىمىز لازىم.

١) ئالىي سورتلۇق ئۇرۇق. بۇ ئۇرۇق (ئىمان) ئۇرۇقنى تېرىش ئۈچۈن يەرگە ياخشى ئىشلەش. ئۇرۇق ئۇنگەندىن كېيىن تاقلاش، ئوتاش، بوشتىش، سۇغۇرۇش، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ... قاتارلىقلار، مانا بۇ تەقۋالىقنىڭ جەريانى، تەقۋالىقنىڭ دائىرىسى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى سىلەرنىڭ ھەر بىر سۆز _ ھەركىتىڭلار شۇنىڭ ئىچىدە بولىشى كېرەك.

٢) مۇشۇ ئاساستا قانداق قىلغاندا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنى ئويلىشىش كېرەك. قۇرئان، ھەدىس قولىمىزدا بار. ئەگەر بىز ئۇنىڭدىن پايدىلانساق مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز. الله ۋە پەيغەمبەر بىزنىڭ ئۇستازىمىز بولماسمۇ؟

٣) سىلەر بۇ چاغدا جان _ جەھلىڭلار بىلەن ئۇلارنى قوغدايسىلەر، بۇ زىرائەتلەرنى قوغداش، كۈرەش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھاياتنىڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلىسى.

بىزدە بۇخىل كۈرەش ناھايتى كەمچىل. بىزنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئەھۋالىمىز %٠ بولۇپ كەلدى.

ئەگەر سىلەردە يۇقارقىدەك ئۈچ ئەھۋال يەنىلا كەمچىل بولىدىكەن،

سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلار دېگىنىز ئۇستىدىكى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ.

قېرىنداشلار! ئېھتىمال مىنىڭ گەپلىرىم سىلەرنى رەنجىتكەن بولىشى مۇمكىن. لېكىن سىلەرنى رەنجىتىش مەقسىدىم يوق، بەلكى سىلەرگە پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن كۆيىنىمەن. سىلەر مېنىڭ قېرىنداشلىرىم، قانداقمۇ كۆيىنمەي؟ مەن سىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشىڭلارنى ۋە توغرا بولغان ھايات يولىدا ياششىڭلارنى ئۈمۈد قىلىمەن.

مەن سىلەرگە ۋە بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا اللهدىن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە بەخىت سائادەت ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن. ئامىن! ئامىن! ئامىن!

ئى الله! بىزنى غەزىپىڭگە يولۇققان ۋە ئازغان كىشلەردىن قىلمىغىن. ئامىن! ئامىن! ئامىن!

# ٢- بۆلۈم ئىسلام

## ١. لېكسىيە مۇسۇلمان دەپ كىمگە ئېيتىمىز؟

ئىسلام قېرىنداشلار!

بۈگۈن مەن كۆپچىلىككە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق _ پەزىلىتى ئۇستىدە سۆزلىمەكچىمەن. بىر مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللىي شەرت نېمە؟ بۇ ئادەم ئەقەللىيسى قانداق قىلغاندا ئاندىن مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ؟ دېگەن مەسىلەر ئۇستىدە توختالماقچىمەن. يۇقارقى مەسىلەرنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن نېمىنىڭ كۇفرى، نېمىنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش كېرەك.

كۇفرى دېگەننىڭ مەنىسى: _ اللهنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلىش دېمەكتۇر.

ئىسلامنىڭ مەنىسى: _ بىر اللهقا مۇتلەق بويسۇنۇش دېمەكتۇر. يەنى اللهنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولغانلىكى بارلىق قانۇن _ تۈزۈم، ئەمىر _ پەرمانلارنى رەت قىلىش دېمەكتۇر.كۇفرى بىلەن ئىسلامنىڭ ئوخشىماسلىقى ھەققىدە الله قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بىلەن ھۆكۈم

قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.» (سۈرە مائىدە ٤٤- ئايەت) بۇ يەردىكىسى پەقەت سوت ئۇستىدە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆمرىدە قىلماقچى بولغان ھەر بىر ئىشىغا ھۆكۈم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سىز دائىم «پالانى ئىشنى قىلىش كېرەكمۇ يوق؟ بۇ ئىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك؟ قانداق مەسىلىگە ياتىدۇ؟» دېگەندەك ئەھۋاللارغا ئۇچراپ تۇرىسىز. بۇنداق ئەھۋاللارغا يولۇققاندا قانداق قىلىشىمىز ھەققىدە قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېنىق كۆرسەتمە بار. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەخسى خاھىش، ئەجداتلىرىمىزنىڭ قائىدىسى، ئىنسانلار تۈزگەن قائىدە _ تۈزۈملەرگە قارشى كۆرسەتمە بار دېيىلسە، ئەگەر بۇ كىشى الله بەرگەن قائىدە _ كۆرسەتمىدىن ۋاز كېچىپ باشقا ئۇسۇل قوللانسا، ئۇنداقتا بۇ كىشى كاپىرنىڭ يولىغا ماڭغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر ئۆمۈر شۇنداق قىلغان بولسا ئۇ چوقۇم كاپىر بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشى بەزى ئىشلاردا اللهنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇپ، بەزى ئىشلاردا شەخسى خاھىشقا، ئۆرۈپ _ ئادەتكە ياكى ئىنسان تۈزگەن قائىدە _ تۈزۈمگە بويسۇنسا، ئۇ كىشى بارا _ بارا كاپىرلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. بەزى كىشىلەر يېرىم كاپىر ھېسابلىنىدۇ. بەزىلىرى تۆتتىن بىر، بەزىلىرى ئوندىن بىر، بەزىلىرى يىگىرمىدىن بىر كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن كاپىرلىقنىڭ دەرىجىسى اللهنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئىسلام دىگەن باشقا نەرسە بولماستىن ، بەلكى پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اللهقا قايتىش، ئۆزىنى ھەرگىز ئۆزىنىڭ قۇلى، ئاتا- بوۋىسىنىڭ قۇلى، ئائىلىسى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ قۇلى دەپ ھېسابلىماسلىقى ۋە شۇنداق تۇتماسلىقى، سوتچى، پومشىكچى، باجگىر، ھاكىم- بەگ ياكى اللهنىڭ باشقا مەخلۇقنىڭ قۇلى دەپ تۇتماسلىقى كېرەك. الله مۇنداق دەيدۇ:

«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدى ۋە ناسارالار) پەقەت اللهقىلا ئىبادەت قىلىش، اللهقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، اللهنى قويۇپ بىر- بىرىمىزنى

خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە ) ئەمەل قىلايلى»دېگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە( يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): « ئى (يەھۇدىلەر ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار. » ( سۈرە ئال ئىمران ٦٤- ئايەت)

« ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) اللهنىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن ) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسماندىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە اللهقا بويسۇنغان تۇرسا، ئۇلار( قىيامەت كۈنى) الله تەرەپكە قايتۇرۇلىدۇ. » (سۈرە ئال ئىمران ٨٣- ئايەت)

يۇقارقى ئىككى ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش، يەنى اللهنىڭ دىنى، اللهقا بويسۇنۇش ۋە اللهقا قايتىشتىن ئىبارەت. اللهنى ھۆرمەتلەش پەقەت كۈندە بەش ۋاق نامازنى ئۆتەشنىلا كۆرستىپ قالماستىن، اللهنىڭ ئىبادىتىنى كېچە- كۈندۈز ھەر جاي، ھەر ۋاقىتتا ئىجرا قىلىش، الله چەكلىگەن ئىشلارنى قىلماسلىق، الله بۇيرىغاننى قەتئىي رەت قىلماي قىلىشنى كۆرستىدۇ. سىز ھەر بىر ئىشنى قىلماقچى بولسىڭىز، ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئويلايدىغىنىڭىز ھەرگىز ئۆزىڭىزنىڭ شەخسى ھەۋىسى، ئەجداتلىرىڭىزنىڭ قائىدىسى، تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى، چوڭ ئەپەندىلەرنىڭ دېگىنى، پالاننىڭ دېگىنى، پۇستانىنىڭ دېگىنى بولماستىن، بەلكى اللهنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇنمۇ – يوق؟ دېگەندىن ئىبارەت بولىشى كېرەك. سىز يۇقارقى تاپىلاشنى ئاڭلىماستىن، اللهنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلسىڭىز ھېلىقى كىشلەرنى اللهنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بولىسىز. پەقەت اللهلا چوقۇنۇشقا لايىق. ئۇ سىزنى ياراتتى، ئۇنىڭ بەرگەن رىزىقى بىلەن سىز ھايات ياشىيالايسىز. ئاسمان- زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر، مەۋجۇداتلار اللهقا خاس، ئۇلار اللهقا بويسۇنىدۇ. بىر پارچە تاش يەنە بىر پارچە تاشقا بويسۇنمايدۇ. بىر تۈپ دەرەخ يەنە بىر تۈپ دەرەخكە بويسۇنمايدۇ. بىر ھايۋان يەنە بىر ھايۋانغا بويسۇنمايدۇ. ۋاھالەنكى، ئىنسانلار اللهنى قويۇپ،

ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانغا بويسۇنىدۇ. سىز ئاشۇ تاش، دەرەخ، ھايۋانچىلىك بولالامسىز؟

## ئۈچ تۈرلۈك خاتا يول

ھازىر مەن كاپىرلىق نەدىن كېلىدۇ؟ نەدىن باشلىنىدۇ؟ بۇنى سۆزلەپ ئۆتمەكچى، قۇرئان بۇنىڭ ھەر تۈرلۈك مەنىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن:

١. ئۆز نەپسى- خاھىشىغا ئەگىشىش.

«الله ۋەھيي قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ الله ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. » (سۇرە قەسەس ٥٦- ئايەت) بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئىنسانىيەتنى خاتا يولغا باشلايدىغان ئەڭ چوڭ بىر ئامىل _ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز تىنىدىكى ۋەسۋەسىسى ( نەپسى خاھىشى).

ئەگەر بىر ئادەم ئۆز تىنىدىكى ۋەسۋەسىگە بويسۇنسا، اللهنىڭ بەندىسى بولالمايدۇ. ئۇ ھامان بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، بۇ ئىشتىن شۆھرەت قازىنالايمەنمۇ؟ بۇ ئىش ماڭا راھەت ئېلىپ كېلەلەمدۇ _ يوق؟ قانداق قىلسام ھوزۇرلىنالايمەن؟ دېگەننىلا ئويلايدۇ. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ مەخسەتكە يەتمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىشنى الله چەكلىگەن بولسىمۇ قىلىدۇ. ئەگەر مەخسەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىش بولسا، الله بۇيرىغان بولسىمۇ قىلمايدۇ.

شۇڭا بۇنداق كىشلەرنىڭ ئېڭىدىكى خۇدا «الله » بولماستىن بەلكى «ئۆزى» . ئەھۋالى شۇنداق تۇرسا ئۇ قانداقمۇ توغرا يولغا ماڭالايدۇ. يەنە بىر ئايەتتە بۇنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

« نەپسى خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە كەلسەك ( نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ھامىي بولالامسەن؟ ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان كىشلەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، ھەتتا

ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر.) » (سۇرە فۇرقان ٤٣-، ٤٤- ئايەت)

شۈبھىسىزكى، ئۆز نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلانغان ھايۋاندىنمۇ بەتتەردۇر، بىر ھايۋان ھەرگىز الله بەلگىلەپ بەرگەن چەكلىمىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ھەر بىر ھايۋان الله بەلگىلەپ بەرگەن نەرسىنى يەيدۇ، مىقداردىمۇ الله بەلگىلەپ بەرگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ھەر بىر ھايۋان پەقەت الله بەلگىلەپ بەرگەن ئىقتىدارىنىلا كۆرستەلەيدۇ. ئادەم نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالسا، ئالۋاستىنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان ھايۋانغا ئايلىنىدۇ.

٢. ئەجداتلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش

ئىككىنچى خاتا يول بولسا: ئاتا- ئانىسى قالدۇرغان ئۆرپ- ئادەتكە، ئېتىقادقا، قائىدە- يوسۇنلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش، بۇلارنى اللهنىڭ كۆرسەتمىسىدىنمۇ يۇقىرى بىلىش، باشقىلار اللهنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئاگاھلاندۇرسا، ئاتا- ئانىسىنىڭ، ئەجداتلىرىنىڭ قائىدىلىرىگە ئەگىشىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق نوقسانى بار ئادەم قانداقمۇ اللهنىڭ بەندىسى بولالايدۇ؟ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىلاھ ئاتا- بوۋىسى، ئائىلىسى، مىللىتى تۇرسا، ئۇلارنىڭ يەنە ئۆزىنى مۇسۇلمان دېيىشكە نېمە ھەققى بار؟

قۇرئاندا مۇنداق قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار:

« ھەر قاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا) : « الله نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى الله پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھيىگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار » دېيىلسە، ئۇلار « ياق، ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز » دېيىشىدۇ. ئاتا بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟» (سۇرە بەقەرە ١٧٠- ئايەت)

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۇلارغا الله نازىل قىلغان ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىڭلار دېيىلسە، ئۇلار «ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە»

دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ، (يەنىلا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلامدۇ؟). ئى، مۆئمىنلەر ئۆزەڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار! سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىلەر ھەممىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر. الله قىلغان ئەمەلىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ. » (سۈرە مائىدە ١٠٤، ١٠٥- ئايەت)

ھەر قايسى زاماندا ئۆتكەن بىلىمسىز كىشىلەر بۇ خاتا يولغا كىرىپ قالسا، پەقەت الله ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلا ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ. «موسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە، اللەنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىڭلار دەپ نەسىھەت قىلسا، سەن بىزنى ئاتا بوۋىمىزنىڭ دىنىدىن كەچتۈرمەكچىمۇ؟» دېگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە بۇتپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىشكە ئۈندىگەندە، «ئۇلار «ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. (يەنى ئاتا- بوۋىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ چوقۇنىمىز.» دېدى.» (سۈرە ئەنبىيا ٥٣٠ ئايەت). ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز ئۇممەتلىرى بىلەن يۇقارقى سۆزلەر ئارقىلىق مۇنازىرىلەشكەن. ئۇلار سىنىڭ ئېلىپ كەلگىنىڭ دەل بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىلەن قارىمۇ- قارشى ئىكەن، شۇڭا بىز قوبۇل قىلمايمىز دەيدۇ.

بۇنىڭدا قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:

«شۇنىڭدەك سېنىڭدىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇلارنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز. شەك شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز.» دېيىشتى. (ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە) «ئاتا- بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى كەلتۈرسەم يەنىلا ئاتا- بوۋىلىرىڭلارغا ئەگىشەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار «بىز سەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز.» دېيىشتى. بىز ئۇلارنى جازالىدۇق، (توغرا

يولنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن.» (سۈرە زۇخرۇف ٢٣-، ٢٤-، ٢٥- ئايەت)

ھەممىگە قادىر الله بۇ رىئاللىقنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «سەن ياكى ئاتا- ئاناڭنىڭ قائىدىسىگە ئەگەشكىن ياكى مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنغىن، ئىككىسى ھەرگىز بىرگە مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر سىلەر بىر مۇسۇلمان بولماقچى بولساڭلار، سىلەر بارلىق (كېرەكسىز) نەرسىلەردىن ۋازكېچىپ مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنىشىڭلار كېرەك.»

«ئەگەر ئۇلارغا : الله نازىل قىلغان نەرسە (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، بىز ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز»دەيدۇ. شەيتان ئۇلارنى دوزاخ ئازابىغا چاقىرغان تۇرسا، (ئۇلار يەنىلا ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشەمدۇ؟). ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن اللهقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىنىغا ئېسىلغان بولىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللهقا مەنسۇپتۇر، كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۇفرى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، ئۇلار ئاخىرى دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئۇلارغا (دۇنيادىكى) قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز. الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»(سۈرە لوقمان ٢١،٢٢،٢٣- ئايەت).

٣. اللهتىن باشقا كۈچلەرگە بويسۇنۇش

ئۈچىنچى تۈرلۈك خاتا يول بولسا خۇددى قۇرئاندا ئېيتىلغاندەك، بىر كىشى اللهنىڭ كۆرسەتمىسىنى كېرەك قىلماي، ھەر خىل جاھانگىرلار بىلەن باشقىلارغا بويسۇنسا، مەسىلەن: «پالانى ئۇلۇغ ئەرباب، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسام ياخشى بولىدۇ ياكى مەن پالانىغا تايىنىپ ياشايمەن، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىم كېرەك ياكى پالانىنىڭ چوڭ ھوقۇقى بار شۇڭا ئۇنىڭغا بويسۇنمىساق بولمايدۇ. ياكى پالانى مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، دوزاختا تاشلىيالايدۇ، شۇڭا پەقەت ئۇنىڭ دېگىنىلا توغرا ياكى پالانى دۆلەت ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان شۇڭا بىز

ئۇنى دورىشمىز كېرەك دىگەنلەردىن ئىبارەت. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىش بىلەن ئارىلىقى ئۇزۇلگەن بولىدۇ».

« ئەگەر سىلەر يەر يۈزىدىكى كۆپ سانلىق كىشلەرگە بويسۇنساڭلار ئۇلارداقتا بىز سىلەرنى ھەق يولدىن ئاداشتۇرىمىز». پەقەت اللهقا ئېتىقاد قىلغاندا توغرا يولدا ماڭغان بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم يۈز ئىلاھنى تېپىپ كىلىپ، بۇگۇن بۇنىڭغا، ئەتە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ يۈرسە قانداقمۇ توغرا يولدا ماڭالايدۇ؟ دېگەنلىك بولىدۇ. ھازىر سىلەر خاتا يولغا مېڭىپ قېلىشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك مەنبەسىنى بىلىۋالدىڭلار. يەنى:

١) ئۆز نەپسى – خائىشىغا ئەگىشىش

٢) ئاتا-بوۋىسىغا، ئائىلىسىگە، قەۋم- قېرىنداشلىرىغا ئەگىشىش

٣) اللهتىن باشقا كىشلەرگە بويسۇنۇش

يۇقارقىلار كۆپ ساندىكى كىشلەرنىڭ نەزىرىدە ئىلاھقا ئوخشاش ئورۇن ئىگەللىگەن. شۇڭا مۇسۇلمان بولمەن دېگەن كىشى، ئاۋۋال بۇ ئۈچ بۇتنى چېقىپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن مۇسۇلمان بولالايدۇ، بولمىسا بۇ ئۈچ بۇت كىمنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ قالىدىكەن، ئۇنىڭ اللهنىڭ بىر بەندىسى بولمىقى تەس. ئۇلار كىشلەرگە مۇسۇلماندەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن، كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ، كۈندە روزا تۇتسىمۇ، ئۇ پەقەت كىشلەرنى ۋە ئۆزىنى ئالدايدۇ، ئۇ گەرچە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغىنى بىلەنمۇ اللهنى ئالدىيالمايدۇ.

## ٢. لېكسىيە ئىماننىڭ ئالتۇن تېشى

پەنجاپ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى:

ئىسلام قېرىنداشلار!

ئالدىنقى جۇمە كۈنى مەن سىلەرگە ئىنسانلار اللهنىڭ قانۇننى قۇيۇپ، ئۆز نەپسنىڭ قۇلى بولۇپ كېتىشى، ئاتا- بوۋىسىنىڭ ئۆرپ- ئادىتىنى اللهنىڭ قانۇننىڭ ئۈستىگە قويۇشى، ئۇلۇغ زاتلارغا ياكى دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە

بويسۇنۇشتىن ئىبارەت خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدىم.

## مۇسۇلماننىڭ ھەقىقىي تەبرى

مۇسۇلماننىڭ ھەقىقىي تەبرى يۇقارقى ئۈچ تۈرلۈك نۇقساندىن خالىي بولغاندىلا ھېچقانداق مەخلۇقنىڭ قۇلى بولماي، اللهنىڭ بەندىسى بۇلۇش، ھېچقانداق مەخلۇققا ئەگەشمەي، اللهقا ئەلچىسىگە ئەگەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ. الله ۋە اللهنىڭ ئەلچىسىنىڭ سۆزىلا بىردىنبىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە، بۇنىڭغا زىت بولغاننىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەنلىكىگە، ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى پايدىلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرئان ۋە ھەدىستىن چىقىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتكە ھەقىقىي ئىشەنگەن كىشىنىڭ ھاياتى خۇددى مەرۋايىتقا ئوخشاش. ئۇ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ھەدىسلىرىدىن تەلىم ئېلىپ بىلگەندىن كېيىن، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىدۇ. بۇنداق كىشى ھەق يولدا ماڭغان بولىدۇ. بۇنداق كىشلەر مەيلى كۆڭلىدە بىئاراملىق ھېس قىلسۇن، ئائىلىسى ئەيىبلىسۇن، دۇنيادىكى كىشلەر ئۇنىڭغا قارىشى چىقسۇن، ئۇ ھەرگىز ئىككىلىنىپ قالمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، ئۇ قەسەم قىلىپ: «مەن اللهنىڭ بەندىسى، سىلەرنىڭ بەندەڭلار ئەمەس، مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەگەشتىم، سىلەرگە ئەگەشمەيمەن.» دېيەلەيدۇ.

## پاسسىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۆز نەپسىگە چوقۇنۇش

ئەگەر بىر كىشى الله ۋە اللهنىڭ ئەلچىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بولسىمۇ ئەمما «بۇ مېنىڭ ئىرادەمگە ماس كەلمەيدىكەن، شۇڭا مەن قوبۇل قىلالمايمەن. ماڭا زىيانلىق دەپ قارىغىنىم ئۈچۈن، مەن الله ۋە پەيغەمبەرنىڭ نەسىھىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز پىكرىم بويىچە ئىش كۆرىمەن.» دېسە، ئىنتايىن

ئېنىقكى، بۇنداق كىشىنىڭ قەلبىدە ئىماندىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇ ئېغىزدا مەن اللهنىڭ بەندىسى، پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى دېسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ قۇلى ۋە ئۆز پىكرىنىڭ ئۇممىتى، خالاس.

## ئۆرپ- ئادەتكە قارىغۇلارچە ئەگىشىش

ئوخشاشلا، بىر كىشى ئەگەر «اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ نەسىھىتىنى دەپلا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ ئادىتىدىن چوقۇم ۋاز كېچىشىمىز كېرەكمىكەن؟ ئائىلىمىز، تۇغقانلىرىمىز، دوستلىرىمىز بويلاپ ماڭغان يولدىن ۋاز كېچىش كېرەكمىكەن؟ » دېسە، بۇنداق ئادەممۇ مۇناپىق. گەرچە ئۇنىڭ پېشانىسى كۆپ سەجدە قىلغانلىقتىن قاپىرىپ كەتسىمۇ، سىرتقى قىياپىتى ناھايىتى مۇسۇلمانغا ئوخشىسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبى ھەق نۇرى بىلەن يورۇتىلمىغان. دىن _ تازىم قىلىش، باش ئۇرۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش ئەمەس ياكى چىراي، كىيىم بىلەن ئەمەس، بەلكى دىنىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى: الله ۋە اللهنىڭ دىنىغا بويسۇنمىغان كىشىنىڭ دىنى بولمايدۇ. ئۇنىڭ نامىزى، روزىسى ھەم تاشقى قىياپىتى يالغان.

## باشقا ئەللەرنى دوراش

ئوخشاشلا، بىر ئادەم قۇرئان، ھەدىسنى قايرىپ قويۇپ، ئەنگىلىيەلىكلەرمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، بىز مۇشۇ ئۆرپ- ئادەتنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك دەپ چىڭ تۇرسا، پالانى ئەرباب مۇنداق قاراشتا دەپ چىڭ تۇرسا، ئۇنداقتا بۇ كىشى، ئېتىقاتتىن مەھرۇم بولۇشتىن ھېزى بولسۇن. بۇنداق سۆزلەر ئىمانغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئەگەر سىز بىر مۇسۇلمان بولسىڭىز، داۋاملىق مۇسۇلمان بولىمەن دېسىڭىز، الله ۋە اللهنىڭ ئەلچىسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىكى ئىشتىن ۋاز كېچىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق قىلالمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئىسلامغا تەۋە دەپ ئاتىماڭ. ئېغىزىڭىزدا «مەن الله ۋە اللهنىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنىمەن» دەپ قويۇپ،

كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دىنىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلماي، باشقىلارنىڭ پىكرىگە ئەگەشسەك، ئىمانىمىزدىن سۆز ئاچقىلى بولمايلا قالماستىن، ئىسلامىمىزدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەمىلىيەتتە سىپى ئۆزىدىن مۇناپىق بولىمىز.

الله سۈرە نۇردا ئىنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، الله ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. (مۇناپىقلار) «اللهغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائەت شۇنىڭدىن (يەنى ئىمانىنى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن شەرىئەت ھۆكمىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار ھەقىقەتتە مۇئمىن ئەمەس.ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ.ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ تەرىپىدە بولىدىغان بولسا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن)، پەيغەمبەرگە بويسۇنغان ھالدا كېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارمۇ؟ يا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن) گۇمانلىنامدۇ؟ يا اللهنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىدىن قورقامدۇ؟ ياق، ئۇلار (رەسۇلۇللانىڭ ھۆكمىدىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن) زالىملاردۇر. (پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (سۈرە نۇر ٤٦، ٥٢- ئايەت)

ئويلاپ باقايلى! يۇقارقى ئايەتتە ئىنسانغا بېرىلگەن ئېنىقلىما شۇكى، ھەقىقىي ئىمان _ قۇرئان، ھەددىسكە يۈزلىنىش. ئومۇمەن قۇرئان، ھەددىستە بۇيرۇلغىنىنى شەرتسىز ئورۇنلاش، ھەرقانداق قارىشى خىتاپنى ئاڭلىماسلىقتىن

ئىبارەت. بۇنداق خىتاپ بەلكىم شۇ ئادەمنىڭ دىلىدىن چىقىشى ياكى ئائىلىسىدىن چىقىشى ( ياكى باشقىلاردىن چىقىشى مۇمكىن). مۇشۇنداق قىلالىغاندىلا ئاندىن بىر مۆئمىن بولغىلى بولىدۇ. بۇنداق بولالمىغان كىشى مۇناپىق بولغان بولىدۇ.

اللهقا بويسۇنۇشنىڭ مىساللىرى:

## (١) هاراقنى مەنئى قىلىش

سىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئەرەپلەرنىڭ هاراقنى كۆپ ئىچىدىغانلىقى، ئەر- ئايال، قېرى- ياش هەممىسىنىڭ هاراق ئىچىدىغانلىقى، ناخشا ئارقىلىق هاراقنى مەدھىيلەپ، ساراڭلارچە ئىچىدىغانلىقىنى، هاراق خۇمارىنى تاشلىيالمىغانلىقىنى، بىر هاراقكەش ئۆلۈشكە رازى بولسىمۇ، هاراقتىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر هاراق بولمىسا كېسەلدەك هالاك بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭلار، ئەمما سىلەر قۇرئاندا هاراقنى چەكلەش توغرىلىق ئايەتنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولغىيتتىڭلار، ئەمما سىلەر قۇرئاندا هاراقنى چەكلەش توغرىسىدا ئايەت چۈشكەندىن كېيىن ئاڭلىدىڭلارمىكىن؟ هاراقنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئەرەپلەر اللهنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاش بىلەن دەرهال كوزىلىرىنى ئۆزلىرى چېقىپ تاشلىغان. مەدىنە كوچىلىرىدا خۇددى يامغۇر ياغقاندەك ياكى يامغۇردىن كېيىن سۇ ئاققاندەك هاراقلار كوچىدا ئاققان. بەزىدە كىشىلەر كۆڭۈل ئاچماقچى بولۇپ، هاراق ئىچىشكە ئولتۇرۇشقاندا مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ هاراقنى چەكلەش هەققىدىكى ئاۋازىنى ئاڭلاپ  ئىچكىلىۋاتقان هاراقنى دەرهال تۆكۈۋېتىپ، بىر يۇتۇمىمۇ ئىچىپ سالمىغان، مانا بۇ ئىماننىڭ شەرىپى، بۇ اللهقا ۋە پەيغەمبەرگە بويسۇنغانلىق.

## (٢) گۇناهقا تەۋبە قىلىش

سىلەر بىلىسىلەر، ئىسلامنىڭ پاهىشۋازلىققا بولغان تۇزۇمى ئىنتايىن چىڭ

بولۇپ، جازاسى يالاڭاچلاپ يۈز تاياق ئۇرۇش، ئەگەر نىكاھلانغان ئادەم بولسا، چالما- كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش. سىلەر ئىمانى بار كىشلەرنىڭ بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟ بىر كىشى پاھىشۋازلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن كىشى يوق ئىكەن، بىر كىممۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرىز قىلمىغان ئىكەن، ساقچىمۇ ئۇنى تۇتمىغان، پەقەت ئۇنىڭ دىلىدىكى ئىمانى ئۇنى ئەيىبلەپ، «سەن ئۆزەڭنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى دەپ اللهنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدىڭ، سەن اللهنىڭ جازاسىنى تارتىشقا تەييار بول! »دەپ خىتاپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆزلىكىدىن ئىقرار قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن. «ئى اللهنىڭ ئەلچىسى مەن زىنا قىلدىم، مېنى جازالىغىن!» دېگەن. پەيغەمبەر بۇنى ئاڭلاپ ئۇ كىشىدىن يۈز ئۆرىگەن. لېكىن ئۇ ئادەم قايتا- قايتا جازالاشنى تەلەپ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كىشىدىن ئۈچ قېتىم يۈز ئۆرىگەن، مانا بۇ ئىمان. ئىمانى بار كىشلەر يۈز تاياق يېيىشكە ياكى چالما- كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە رازىكى، ئاسىي بەندىچىلىك سالاھىيتى بىلەن اللهنىڭ دەرگاھىغا بېرىشقا رازى ئەمەس.

## (٣) اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقتىن ۋاز كېچىش

سىلەر بىلىسىلەركى، دۇنيادا ئۇرۇق- تۇغقانچىلىقتىنمۇ يېقىن مۇناسىۋەت يوق. بولۇپمۇ ئاتا- بالا مۇناسىۋىتى، ئاكا- ئۇكىلىق مۇناسىۋىتىنى كىشلەر ھەر قانداق قۇربانلىق بېرىشكە قارىماي قوغدايدۇ. ئەمما ئوھۇد ۋە بەدرى غازاتلىرىدا كىم- كىمنى ئۆلتۈردى؟ بەزىلەرنىڭ ئاتىسى ئىسلام قوشۇنىدا، ئوغلى كاپىر قوشۇنىدا، بەزىلەرنىڭ ئاتىسى كاپىر قوشۇنىدا، ئوغلى مۇسۇلمانلار قۇشۇنىدا، بەزىلەرنىڭ ئاكىسى ئۇ تەرەپتە، بەزىسى بۇ تەرەپتە، ھەتتا ئۆز ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى ياتلارنى ئۆلتۈرۈشكەندەك ئۆلتۈرۈشتىغۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈشلىرى پۇل ئۈچۈن، ياكى يەر-

زىمىن ئۈچۈن، ياكى شەخسىي ئاداۋەت ئۈچۈن بولماستىن، پەقەت الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىلىرىنى ئۆلتۈرگەن.

## (4) كونا ئۆرپ- ئادەتلەرگە ئەگەشكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىش

ھەممىگىلار بىلىسلەركى، ئىسلام ئەرەپلەرنىڭ كونا ئۆرپ- ئادىتلىرىنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ناچار ئادەتلەرنىڭ بىرى_ نەچچە يۈز يىلنىڭ مابەينىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بۇتقا چوقۇنۇش بولۇپ، ئىسلام بۇنداق ئادەتنى تاشلاشقا بۇيرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھاراقنى، زىناخورلۇقنى، قىمارنى، ئوغرىلىقنى، بۇلاڭچىلىقنى چەكلىدى. ئىلگىرى ئەرەپ ئاياللىرى يۈزى ئۈچۈق سىرتقا چىقىۋېرەتتى. ئىسلام ئاياللىرىنى يۈزىنى يۆگەشكە بۇيرىدى. ئاياللارنىڭ ئىلگىرى مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئىسلام ئۇلارنىڭمۇ بىر ئۈلۈش مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى يولغا قويدى. ئىلگىرى باشقىلارنىڭ باللىرىنى بېقىۋالسا بۇلاتتى، ئىسلام ئۇنى چەكلىدى ھەم بېقىۋالغان باللارنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىنى ئېلىشنى ھالال قىلدى. ئومۇمەن بۇرۇنقى كونا ئۆرپ- ئادەتلەرنى ئىسلام بىراقلا بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. سىلەر الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولغان كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ بۇ كىشىلەر ئاتا- بوۋىلىرى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئائىلە ئادىتىنى بىراقلا بىكار قىلدى. اللهنىڭ چەكلەش بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىلگىرى الله دەپ قاراپ كەلگەن نەرسىنى ئۆز ئاياقلىرىدا دەسسىدى. ئەكسىچە ئىلگىرى يامان كۆرۈلۈپ كەلگەن ئىشلار ياخشى ئىشقا ئايلاندى. نەچچە ئەسىردىن بېرى پاكىز دەپ كەلگەن نەرسىلەر پاسكىنا نەرسىگە ئايلاندى. ئەسلى كاپىرلىق دەۋرىدە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك دېيىلگەن ئىشلار الله چەكلىگەندىن كېيىن رەت قىلىندى. ئىسلام بۇيرۇلغان ئىشلار

سۇرۇشتۇرۇلمەيلا قوبۇل قىلىندى. مانا بۇ ئىمان، مانا بۇ ئىسلام. ئەگەر شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەپلەر بىزگە: «بۇ ئىشنىڭ زىيىنى بار، بىز قوبۇل قىلالمايمىز، بۇ ئىشنىڭ بىزگە پايدىسى بار، بىز بۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيمىز. ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىسىنى چوقۇم داۋاملاشتۇرىمىز. رىملىقلارنىڭ، پارىسلارنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ياقتۇرىمىز، شۇڭا بىز ئۇنى قىلىمىز.» دېگەن بولسا، ئۇمۇمەن مۇشۇنداق بولغان بولسا، ئىسلامنىڭ قائىدىلىرىنى رەت قىلغان بولسا ئۇيلاپ بېقىڭلاركى، بۈگۈنكى دۇنيادا يەنە مۇسۇلمان قالامدۇ؟

## اﷲنى رازى قىلىشنىڭ يولى

قېرىنداشلار!

قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەرپ قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر.» (سۈرە ئال ئىمران ٩٢- ئايەت)

يۇقارقى ئايەت يەنىلا ئىماننىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلىقى مانا مۇشۇ يەردە، سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭنى سەرپ قىل دېگەنلىك، سىلەرنىڭ ئۆمرىڭلار ھەرخىل ئىشلارغا دۇچ كېلىدۇ، اﷲنىڭ بۇيرىقى بىر تەرەپكە تارتسا، شەخسى نەپسىڭلار باشقا بىر تەرەپكە تارتسا، اﷲ مەلۇم بىر ئىشقا بۇيرىسا ئەمما نەپسىڭلار: « بۇنى قىلىشقا بولمايدۇ، ماڭا زىيانلىق» دېسە. اﷲ بىر ئىشنى چەكلىگەن بولسا، ئامما سىزنىڭ نەپسىڭىز بۇ ياخشى دەپ سىزنى دەۋەت قىلسا، بىر تەرەپ اﷲنى رازى قىلىدىغان يول، يەنە بىر تەرەپ اﷲ بىلەن قارىشىلىشىش يولى، ئۇمۇمەن ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ھەر بىر قەدەمدە ئىسلام يولى ۋە كاپىرلىق – مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت ئىككى يول بار. بۇ دۇنيانىڭ ماددى نەرسىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، اﷲقا بويسۇنغۇچىلارنىڭ يولى _ ئىسلام يولى. اﷲنىڭ بۇيرىقىغا قارىماي ئۆز نەپسى- خائىشىغا ۋە بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرىگە بېرىلىپ

كەتكۈچىلەرنىڭ يولى كاپىر، مۇناپىقلارنىڭ ماڭغان يولى.

## بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار

بۈگۈنكى كۈندە كىشلەر ئىسلامغا نىسبەتەن ئۆزىگە پايدىلىق بولسا، دەرھال قوبۇل قىلىدىغان، كاپىرلار بىلەن توقنىش بولۇپ قالغۇدەك بولسا، دەرھال شامالنىڭ يۆلىنىشگە قاراپ ئۆزگىرىدىغان پوزىتسىيە تۇتماقتا. بۇ خىل كىپسەل ھەتتا ئىسلام رەھبەرلىرى ئارىسىدىمۇ كۆرىلمەكتە. ئۇلار ئىسلام، ئىسلام دەپ كانايلىرى قۇرۇپ كەتكۈدەك ۋارقىرىشىپ كىتىدۇ. ھەتتا نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى قىلىشىدۇ. ئەمما كىشلەر«بىز شۇنچە مەدھىيلىگەن ئىسلام دىننى مىنىڭ ئىجرا قىلىشمىغا قويۇپ بىرىڭ.» دىيسە ئۇلار دەرھال «ئۇنداق قىينچىلىقىم بار، مۇنداق قىينچىلىقىم بار. بۇنداق توسالغۇ بار، ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى!» دەيدۇ. ئۇلار ئىسلامنى بىر گۈزەل ئويۇنچۇقتەك جازىغا تىزىپ قويۇپ، كىشلەرنى يىراقتىن ئۇنىڭغا قاراپ مەدھىيلەتكۈزىدۇ. ئەمما ئۇنى يولغا قويمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن بىزنى چەكلەيدۇ. ئائىلىمىزنى چەكلەيدۇ. تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى چەكلەيدۇ، بۈگۈنكى ئىسلام كىشلىرى مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيەنى تۇتقاچقا، شۇڭا ئۇلار ناماز ئوقىمايدۇ، روزىمۇ تۇتمايدۇ، قۇرئانمۇ ئوقىمايدۇ. شەرىئەتنى يولغا قويۇشتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. سەۋەبى، ئۇلار روھتىن مەھرۇم بولغان. بۇ روھتىن مەھرۇم بولغان ئادەم قانچىلىك مۇھتنى يارىتىپ كەتمەكچى ئىدى؟

## ٣.لىكسىيە ئىسلامنىڭ ھەقىقى مەنىسى

ئىسلامى قېرىنداشلار!

الله قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

«(ئى، مۇھەممەد) ئېيتقىنكى، «مىنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقلىرىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت- ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. اللهنىڭ شرىكى يوقتۇر. مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى

يالغۇز اﷲقىلا ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن.» »
(سۈرە ئەنئام ١٦٢،١٦٣- ئايەت)

تۆۋەندىكى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى مۇنداق شەرھىيلەيدۇ: «بىر ئادەمنىڭ كىمنى دوست تۇتۇپ، كىمنى دۈشمەن كۆرىشى، پەقەت اﷲنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولسا، بۇنداق ئادەمنىڭ ئىمانى تولۇق بولىدۇ. ئۇ مۇكەممەل مۆئمىنگە ئايلىنىدۇ.» يۇقىرىدىكى ئايەتتىن بىز شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، ئىسلام بىزدىن بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز، بىزنىڭ ھاياتىمىز، بىزنىڭ ماماتىمىز پەقەت بىر اﷲقا خاس بولىشىنى، اﷲقا شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىمىز ھايات- ماماتىمىز اﷲتىن باشقا ھېچقانداق بىر مەخلۇق ئۈچۈن بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقارقى ھەدىس بىزگە بىر كىشىنىڭ دوست ياكى دۈشمەنلىكى، بېرىش ۋە ئېلىش پەقەتلا اﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ئىمانى تولۇق بولماي قالىدۇ. روھى جەھەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە يېتىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىماننىڭ كەملىك دەرىجىسىنى ئۆلچەشتە مۇشۇ ئۆلچەم قىلىنىدۇ. مۇشۇ جەھەتتە بىر كىشى پۈتۈنلەي اﷲ بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىيالىسا، ئاندىن بۇنداق ئادەمنىڭ ئىمانى تولۇق بولغان بولىدۇ. بىر كىم: «مۇنداق ھەرىكەت بىلەن پەقەت يۇقىرى دەرىجىگىلا يېتىشكىلى بولىدۇ، ئىماننى ۋە ئىسلامنى ساقلاشتا بۇنداق قىلىش ھاجەتسىز.»، مۇنداق ئېيتىقاندا بۇ بولمىسىمۇ بىر مۇسۇلمان، بىر مۆئمىن بولغىلى بولىدۇ دەپ قارىسا، بۇ پۈتۈنلەي بىر خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئادەتتىكى كىشلەر بۇگۇنكى كۈندىكى قانۇندىكى ئىسلام بىلەن ھەقىقي ئىسلامنىڭ پەرقىنى ئاجىرىتالمىغان بولىدۇ.

## قانۇندىكى ئىسلام بىلەن ھەقىقي ئىسلامنىڭ پەرقى

(١) قانۇندىكى ئىسلام:

قانۇندىكى ئىسلامدا بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدىكى سۆزلىگىنىگە قاراپ، ئۇنىڭ

ئېتىقادىنىڭ مۇھىم شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغىنىنى قانۇن دائىرىسىدە تەكشۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى بولۇپ، ئۇ اﷲقا سادىق بولسا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنسە ھەم ئېتىقادىنىڭ باشقا شەرتلىرىگە ئىشەنسە، ئۇنداقتا ئومۇمىي شەرتنى ھازىرلىغان بولۇپ، ئىسلامنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ. كۆپچىلىك ئۇنى بىر مۇسۇلمان دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ پەقەت دۇنيا بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. ئادەتلەنگەن قاراش بويىچە ئۇ مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ قانۇن مەدەنىيەت ئاساسىنى قۇرغان بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئورنى شۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىدۇ. كۆپچىلىك ئۇنى كاپىر دىمەي مۇسۇلمان دەيدۇ. ئۇنىڭ قانۇن، ئەخلاق ھوقۇق جەھەتتىكى ھوقۇقى باشقا مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن نىكاھلىنالايدۇ، مىراسقا ۋارىسلىق قىلالايدۇ ۋە باشقىلار.

**(٢) ھەقىقىي ئىسلام**

ئەمما ئاخىرەتتە بۇ ئادەم شاپائەتكە ئېرىشەلەمدۇ_يوق؟ بىر مۇسۇلمان ھېسابلىنامدۇ_يوق؟ مۆئمىن ھېسابلىنامدۇ_يوق؟ اﷲنىڭ سادىق بەندىلىرى بولالامدۇ_ يوق؟ بۇنى دۇنيادىكى قانۇن جەھەتتىن ھۆكۈم قىلماستىن، بەلكى بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اﷲقا قايتقان - قايتمىغانلىقى بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈم ھەقىقىي ھۆكۈم بولۇپ، ئېغىزدىكى ھۆكۈمنى قازىلار ياكى ئادەملەر چىقىرىدۇ. چۈنكى ئۇلار سىرتقى قىياپەتنى كۆرەلەيدۇ.

ئەمما اﷲ ئادەمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى كۆرۈشكە قادىر بولۇپ، بۇ ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلەلەيدۇ، اﷲنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمى بىر ئادەمنىڭ ھاياتى- ماماتى، ساداقىتى، بويى سونۇشى ۋە ئۇنىڭ تەغدىر قىلىشىغا قارايدۇ. ئەگەر ھەممىسى اﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولسا، ئومۇمەن ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ اﷲ ئۈچۈنمۇ ياكى مەخلۇق ئۈچۈنمۇ دىگەنگە قارايدۇ. ئەگەر ھەممىسى اﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ مۇسۇلمان بىر مۆئمىن دەپ

ھۆكۈم قىلىندۇ. ئەگەر مەخلۇق ئۇچۇن بولسا، ئۇ مۇسۇلمان مۆئمىن ھېسابلانمايدۇ. گەرچە ئۇ دۇنيادا قانچىلىك مۇتتەقى دەپ قارالسۇن، ئۇنىڭ ئورنى قانچىلىك يۇقىرى بولسۇن، اللهنىڭ بىردىنبىر قارايدىغىنى الله سىزگە بەرگىننى الله يولدا سەرپ قىلالىدىڭىزمۇ _ يوق؟ دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر سىز شۇنداق قىلالىسىڭىز ساداقەتمەن بەندىلەرگە تەييارلانغان ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشەلەيسىز. ئەگەر سىزنىڭ بويسۇنىشىڭىزدا ئازىراق كەملىكىڭىز بولسا، گەرچە سىز ئېغىزىڭىزدا ئۆزىڭىزنى مۇسۇلمان دەپ يۈرسىڭىزمۇ ئەمىلىيەتتە دۇنيانى، مۇسۇلمان جەمئىيتىنى ئالداپ، دىنىنىڭ ئارىسىغا سوقۇلۇپ كىرىۋېلىپ، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇپ يۈرگەن بولىسىز. ئەمما اللهنى ئالدىيالمايسىز. مېنىڭ سىلەرگە چۈشەندۈرگەن قانۇندىكى ئىسلام بىلەن ھەقىقي ئىسلامنىڭ پەرقىنى ئوبدان ئويلىنىپ باقىدىغان بولساڭلار بۇ ئىككىسى ئوتتۇرسىدىكى پەرقنىڭ ھەقىقەتەن چوڭقۇرلىقىنى بىلىۋالالايسىلەر. پەقەت ئاخىرەتتىلا ئەمەس، بۇ دۇنيادىمۇ شۇنداق ئىلگىركى مۇسۇلمانلار ۋە ھازىرقى مۇسۇلمانلار دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

## ئىككى خىل مۇسۇلمان

**(١) تولۇق بولمىغان مۇسۇلمان**

بىر خىل مۇسۇلمان بولۇپ ئۇلار ئېغىزدا اللهقا، پەيغەمبەرگە ئىشىنىمىز، ئىسلام بىزنىڭ دىنىمىز دەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىسلام پۈتكۈل تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىلا بولۇپ، ئۇلار بۇ بىر قىسىم ئىچىدە، ئىنتايىن تەقۋادار بولۇپ كىتىدۇ. تەسۋىي سىرىپ، ناماز ئوقۇپ، اللهنى ئەسلەپ، يېمەكلىك ۋە باشقا ئىشلاردا پاكىزلىقنى تەكتلەپ، تەقۋادارلىققا مۇناسىپ ئىش قىلىدۇ. ئەمما بۇ بىر قىسىم تۇرمۇش سىرتىدىكى بارلىق تۇرمۇش ئىسلام بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتەك. ئۇلارنىڭ ياقتۇرىدىغىنى ئۇلارنىڭ نەپسى، ھەۋىسى ياكى شەخسىي مەنپەئەتىگە ياتىدىغان ئىشلار ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپى، خوتۇن-

قىزلىرى، ئائىلىسى، جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە رىيائىلىقنى ئاساس قىلىپ ئويلىنىدۇ. دىن بىلەن قىلچە باغلىمايدۇ. ئۇلار تىجارەتچى ياكى ھۆكۈمران بولسۇن، ياكى ئەركىن كەسىپ قىلىدىغان كىشى بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى مۇھىم بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ يەنىلا بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئويلىمايدۇ. بۇنداق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان مەدەنىيەت، مائارىپ، سىياسىي قاتارلىق ئاپپاراتلارنىڭ ئىسلام بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق بولىدۇ.

(٢) مۇكەممەل مۇسۇلمان

ئىككىنچى خىل مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىكىنى، مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئىسلام ئىچىدە دەپ قارايدۇ. ئۇلار قانداق ئورۇندا بولسۇن مۇسۇلمانچىلىقىنىڭ قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. مەيلى ئاتىسى بولسۇن، بالىسى بولسۇن، ئايالى بولسۇن، ئېرى بولسۇن، تىجارەتچى بولسۇن، خىزمەتچى بولسۇن، ئەركىن كەسىپ قىلىدىغان بولسۇن، ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەۋىسى، ئۈمىدى، ئىدىيىسى، پىكرى، قىزىقىشى، مۇھەببەت-نەپرىتىنىڭ ھەممىسى ئىسلامدىن ئايرىلغان بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى، ئىرادىسى، كۆز - قۇلاق، ئاشقازانلىرى، ئۇلارنىڭ قول - پۇت، تىنى، روھىنىڭ ھەممىسى ئىسلام قوماندانلىقىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مەلۇم كىشى بىلەن دوست بولسا ياكى مەلۇم كىشى بىلەن ئۇرۇشسا، پەقەت ئىسلام ئۈچۈن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر نەرسىنى بەرسە ياكى بىر نەرسىنى بەرمىسە، ئۇنىڭغا ئىسلام بېرىشكە ياكى بەرمەسلىككە بۇيرىغانلىقى ئۈچۈن بېرىدۇ ياكى بەرمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام ئۇلارغا مۇشۇنداق بۇيرىغان. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى شەخسىي ھەرىكەتتىلا ئىپادىلەنمەستىن بەلكى كوللېكتىپ تۇرمۇشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. پوزىتسىيىسى پۈتۈنلەي ئىسلام روھىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر خىل روھى تەرەققى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيىتىمۇ پۈتۈنلەي ئىسلام يېتەكچىلىكىنى ئاساس

قىلدۇ.

## الله ياقتۇرىدىغان مۇسۇلمانلار

يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇسۇلمانغا قانۇنىي قاراشتىن ئاساسلانغاندا ئوخشاشلا مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ئەمىلىيەتتە ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ ئوخشىماسلىق بار. ئىسلام تارىخىدا بىرىنچى خىل مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ باققىنى يوق. ئەمىلىيەتتە ئۇلارنىڭ دىنىغا قىلچىلىك تۆھپىسى يوق. ئەكسىچە شۇلار بولغىنى ئۈچۈن ئىسلام كەينىگە چېكىنىدى. نەتىجىدە ئىسلام جەمئىيىتىدە مۇشۇنداق ئادەملەر ئۈستۈنلىكنى ئىگەللىگەچكە، تۇرمۇشتىكى تۇزۇملەرنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى كاپىرلارغا تارتقۇزۇپ قويدۇق. ئۇلار ئازىراق، چەكلىك دىن تۇرمۇشىدىن قانائەتلىنىپ قالىدۇ. الله ھەرگىزمۇ بۇنداق مۇسۇلمانلارنى كېرەك قىلمايدۇ. اللهنىڭ دۇنياغا پەيغەمبەر ئەۋەتىپ كىتاپ چۈشۈرۈپ، تەلەپ قىلىدىغىنى ھەرگىز بۇنداق مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس. ئارقا- ئارقىدىن كىتاپ چۈشۈرۈپ، ئارقا- ئارقىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىپ تۇرۇشى، مۇشۇ خىلدىكى مۇسۇلمان بولمىغان دۇنيا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. شۇڭا الله ياقتۇرىدىغان مۇسۇلمانلار بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئىسلام كۆز - قارىشى بويىچە ئىش قىلىدىغان مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار ئىككىنچى خىلغا مەنسۇپ. مۇسۇلمانلار ئالدى بىلەن بويسۇنسا، ئاندىن باشقىلارنى قايىل قىلالايدۇ. بۇ پەقەت ئىسلامدىلا مۇشۇنداق بولۇپلا قالماي بەلكى......

مۇسۇلمانلار اللهقا سادىق. ئەمما ئىسلامنىڭ باشقا دىنغا ئوخشىمايدىغان بىر يېرى، ئەگەر باشقا دىنلار كىشلەرنى دىن ئۈچۈن ئۆزىنى ھالاك قىلىشنى تەلەپ قىلسا(ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشقا ھوقۇقى يوق)، ئەمما ئىسلام ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشقا تولۇق ھوقۇقى بار. چۈنكى باشقا دىنلارنىڭ تەلەپ قىلغىنى ئۆزىنى قۇربان قىلىش، ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ قۇربان بېرىش

ئوبىكتى الله بولۇپ، ئاسمان- زېمىن ئۇ زاتقا مەنسۇپ. شۇڭا ئۇ زاتنىڭ شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار. ئەمەلىيەتتە ئادەممۇ الله ياراتقان شەيئىيلەر ئىچىدىكى بىر تۈر. بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلىقى ۋە رىزىقلىنىشى اللهتىن غەيرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق تەلەپ پۈتۈنلەي ئۇيغۇن تەلەپ بولۇپ، اللهقا مەنسۇپ بولغان نەرسە، پەقەت اللهقا قايتىشى كېرەك. ئىنسانلار باشقىلار ئۈچۈن، ئۆز مەنپەئەتى ۋە ئۆز نەپسى ئۈچۈن قۇربان بەرسە، ئۇ ساداقەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ. اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن الله ئۈچۈن قۇربان بولغانلار ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ نەپسىنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلدى ۋە ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلىدى. تارىخ قىزىق، ئىنسانلار بىر يالغان نىشان ئۈچۈن ھەتتا قۇربان بېرىشنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ ئۇنىۋېم يوق نىشانلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىپ تەغدىم قىلىشقان كىشىلەردىن بۇگۈنكى مۇسۇلمانلار سەلبىي ساۋاق ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

## ئۆز- ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش

مەن كۆپچىلىكنىڭ يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ئايەت ۋە ھەدىس بويىچە ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە ئىسلامىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىز ئۆزىڭىزنى ئىسلامنى قوبۇل قىلدىم ھەم ئۇنىڭغا سادىق بولدۇم دەپ يۈرگەن بولسىڭىز، ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ، ئۆلۈمىڭىزنىڭ اللهقا مەنسۇپ بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ! تەكشۈرمىگەن بولسىڭىز تەكشۈرۈپ بېقىڭ! سىزنىڭ ھاياتىڭىز، ئەقىل- ئىدراكىڭىز، تېنىڭىز، قەلبىڭىز، پۈتۈن كۈچىڭىز، ۋاقتىڭىز، تىرىشچانلىقىڭىز اللهنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىندىمۇ_ يوق؟

قىلمىشىڭىز پۈتۈنلەي نەپسىڭىز، ئائىلىڭىز، تۇغقانلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز ئۈچۈن جانىنى سېتىش بولدىمۇ- يوق؟ يەنە قاراپ بېقىڭ، سىز بىر ئادەمگە ئامراق بولسىڭىز ئالاھ ئۈچۈن ئامراق بولدىڭىزمۇ– يوق؟ بەلكى مۇھەببەت- نەپرەتكە

ئازىراق شەخسي ھېسياتىڭىز ئارىلىشىپ قالدىمۇ- يوق؟ سىز يەنە قاراپ بېقىڭكى، سىزنىڭ بېرىشىڭىز ۋە ئېلىشىڭىز الله ئۈچۈن بولدىمۇ- يوق؟ ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارغا بەرگەن نەرسە اللەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن رازىلىقى ئۈچۈن بولدىمۇ- يوق؟ ئوخشاشلا بەرمىگەنلىكىڭىز الله ئېنىق چەكلىگەن بولۇپ، سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىزمۇ اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولدىمۇ؟ ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى شۇنداق قىلالىدىم دەپ ھېس قىلسىڭىز اللەقا رەھمەت ئېيتىڭكى، الله سىزگە تولۇق ئىمان بېرىپتۇ. ئەگەر بۇ جەھەتتە ئازىراق كەملىكنى ھېس قىلسىڭىز خاپا بولماي مۇشۇ كەمچىلىكلىرىڭىزنى تۈگەتسىڭىز، ئىككى ئالەمدە ياخشىلىققا ئېرىشىسىز. سىز بۇ دۇنيادا مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشسىڭىز بۇ نەتىجىڭىز ھەرگىز سىز كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى تولدۇرالمايدۇ. ئەمما سىز شۇ كەمچىلىكلەرنى تۈگىتەلىسىڭىز، بۇ دۇنيادا مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىسىڭىزمۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتمايسىز. بۇ ئۆلچەم ھەرگىز سىزنىڭ باشقىلارنىڭ مۆئمىن، مۇسۇلمان، مۇناپىق، كاپىرلىقنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنى ئۆلچىشىڭىز بىرىنچى بولۇپ، ئۆزىڭىزدە مەلۇم كەمچىلىكنى ھېس قىلىشىڭىز هامان ئاخىرەتنىكى سوت ئالدىغا بېرىشتىن بۇرۇن پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تۈگىتىشىڭىز كېرەك. بۇ دۇنيادىكى سوپى، قازىلارنىڭ سىزنى مۇسۇلمان دەپ ئەنگە ئالغانلىقىدىن خوشال بولۇپ يۈرمەستىن، ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنىڭ اللەنىڭ دەپتىرىدە بار يوقلۇقىدىن ئەنسىرىشىڭىز كېرەك. پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەر سىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭىزگە گۇۋاھلىق بەرگەن بىلەنمۇ بىكار. ھەقىقىي غەلىبە سىزنىڭ مۇناپىق ئەمەس مۆئمىن، ئاسىي ئەمەس، سادىق بەندە، كاپىر ئەمەس مۇسۇلمان بەندە دېگەن ھۆكۈمگە ئېرىشەلىگىنىڭىزدە بولۇپ، بۇ ھۆكۈمنى ئاخىرىدا الله چىقىرىدۇ.

## ٤. لېكسىيە نىمە ئۈچۈن اللەقا ئىتائەت قىلىمىز؟

ئىسلام قېرىنداشلار!

ئىنسانىيەتنىڭ بەختى پەقەت اللەقا ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدۇ. اللەنىڭ

ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىشى پۈتۈنلەي ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن بولۇپ، الله دۇنيادىكى پادىشاھلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇ دۇنيادىكى پادىشاھلار پەقەت ئۆز مەنپەئەتنى دەپلا ئۆزىگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما الله بارلىق مەنپەئەتتىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ سىلەردىن باج ئېلىشقا مۇھتاج ئەمەس. سىلەرنىڭ پۇلۇڭلار بىلەن بىنا، ساراي سالمايدۇ. ماشىنا سېتىۋالمايدۇ. ئۇ الله پاك، ئالىيجاناپ، ئۇ ھېچنەرسىگە مۇھتاج ئەمەس، ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەر اللهقا مەنسۇپ. پەقەت شۇ زاتلا شۇ بايلىقلارنىڭ خوجىسى. اللهنىڭ سىلەرنى اللهقا بويسۇنۇشقا بۇيرىشى پەقەت سىلەرنىڭ بەختلىك بولىشىڭلارنى ئۈمۈد قىلغىنىدۇر. ئۇ ئۆزى ياراتقان ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئىنسانلارنىڭ شەيتان بىلەن ئارىلىشىپ قېلىپ، باشقا باش ئېگىشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنىڭ قۇلى بولۇپ، باش ئېگىشكە لايىق بولمىغان نەرسىلەرگە باش ئېگىپ يۈرىشنى خالىمايدۇ. ئۇ زات ئۆزىنىڭ زېمىندىكى ۋەكىللىرىنىڭ ھايۋانلاردەك قاراڭغۇلۇقتا تەمتىرەپ ئۆز نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كېتىشىنى، ئۆزىنىڭ قەدىر- قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇشىنى خالىمايدۇ. شۇڭا الله « سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر مېنىڭ ئەلچىلىرىم ئېلىپ كەلگەن بۇيرۇققا ئاساسەن ئىلگىرلەڭلار، سىلەر شۇنداق قىلالىساڭلار توغرا يولدا ماڭالايسىلەر. پەقەت توغرا يولدا ماڭغاندىلا ئاخىرەت ۋە دۇنيادا بىر شەرەپلىك ئورۇنغا ئېرىشەلەيسىلەر. دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى الله باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، اللهغا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.الله مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كافىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار

ئەھلى دەۋزەختۇر، ئۇلار دەۋزەختە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.» (سۈرە بەقەرە ٢٥٦،٢٥٧- ئايەت)

## ﷲتىن باشقىغا ئىتائەت قىلىش

ئەمدى بىز قاراپ باقايلى! نىمە ئۈچۈن ئىنسان ﷲتىن باشقا مەخلۇققا بويسۇنسا، يەنە ئىتائەت قىلسا، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە تەمتىرەپ قالىدۇ؟ پەقەت ﷲقىلا ئىتائەت قىلسا ئاندىن يورۇقلۇققا چىقىدۇ؟ كۆپچىلىك بىلىدۇكى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز نۇرغۇن ھالقىلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بىرىنچى ھالقا: ئۆزىمىزنىڭ بەدىنى، قولى، بۇرنى، كۆز، قۇلاق، تىل، يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان ... بۇلارنىڭ ھەممىسنى بىزنىڭ ئىشلىتىشىمىزگە ﷲ بەرگەن بولۇپ، بۇنى قانداق ئىشلىتىش ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىدا. سىزنىڭ نېمىنى يىيىش، نېمىنى يىمەسلىك، پۇتىڭىزدا قانداق يولدا مېڭىش، قاندىق يولدا ماڭماسلىق، كۆز، قۇلىقىڭىزدا نىملەرنى كۆرۈپ، ئاڭلاش ۋە نېملەرنى كۆرمەسلىك، ئاڭلىماسلىق، تىلىڭىز ۋە مېڭىڭىزدە نېملەرنى ئويلاش ۋە سۆزلەش، نېملەرنى سۆزلىمەسلىك ۋە ئويلىماسلىق دىگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسنى ئۆزىڭىز بىلىپ ئىشلىتىسىز، ياخشىلىققىمۇ، يامانلىققىمۇ ئىشلىتەلەيسىز. بۇ نەرسىلەر سىزنى چەكسىز ئالىيجاناپ قىلىۋېتىشىمۇ ياكى ھايۋاندەك پەسكەش قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ئىككىنچى ھالقا: ئائىلىڭىزدىكى كىشلەر، ئاتا - ئانىلىرىڭىز، ئاچا - سىڭىللىرىڭىز، ئاكا - ئىنىلىرىڭىز، ئاياللىرىڭىز، باللىرىڭىز ۋە باشقا يېقىن كىشلىرىڭىز بولۇپ، سىز ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ياخشى ئۆتىشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ ئۇلاردا قانداق ھەققىڭىز بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ سىزدە قانداق ھەقلىرى بولىدۇ؟ بۇنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەلبە قىلىش ياكى غەلبە قىلالماسلىقىڭىز، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ياكى قىلالماسلىقىڭىزغا باغلىق. ئەگەر ئوبدان بىر تەرەپ قىلالمىسىڭىز دۇنيا سىزگە بىر دوزاخ بولىدۇ. بۇ دۇنيادىلا سىز يەنە نۇرغۇن كىشلەر

بىلەن ئالاقە قىلىسىز. بەزىسى خوشنىڭىز، بەزىسى دوستىڭىز، بەزىلىرى دۈشمىنىڭىز بولغان بولىدۇ. بەزىلەر سىزگە ياردەم قىلىدۇ، بەزىلىرىگە سىز ياردەم قىلىسىز. بەزىلەر سىزگە بىر نەرسە بېرىدۇ، بەزىلىرى سىزگە ئىشىنىپ بەزى ئىشلىرىنى قىلدۇرىدۇ. بەزى كىشلەرگە ئىشىنىپ سىز بەزى ئىشلارنى قىلدۇرىسىز، سىز بەزىلەرنى باشقۇرىسىز، بەزىلەر سىزنى باشقۇرىدۇ. ئومۇمەن سىز بۇ سانسىزلىغان كىشلەر بىلەن بېرىش- كىلىش قىلىسىز. سىزنىڭ بۇ دۇنيادا بەختلىك ۋە ئابرويلۇق بولالىشىڭىز مۇشۇ كىشلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالىغان ياكى قىلالمىغانلىقىڭىزغا باغلىق. ئوخشاشلا ئاخىرەتتىمۇ _ بۇ دۇنيادا ھوقۇقىڭىزدىن پايدىلانماي، ھېچقانداق كىشلەرگە زىيان سالماي ئۆتكەن بولسىڭىز، ئاندىن اللهقا يېقىن جايدىن ئورۇن ئالغان بولىسىز. ئاندىن ئۇ جايدا بىر كىم سىزنى ئەيىپلىمەيدۇ. سىزنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا، ئابرويىغا، مال-مۈلكىگە قانۇنسىز زىيان سالدۇ_ دەپ ئەيىپلىمەيدۇ. شۇڭا سىز بۇ سانسىزلىغان مۇناسىۋەتلەرنى ئوبدان ئويلىنىپ، قانداق ۋاستە قوللىنىپ، يۈقارقىدەك ناچار ھادىسلەرنىڭ كىلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك.

ئەمدى سىز ئائىلە كىشلىرىڭىز، ئۆز يېقىنىڭىز ۋە بارلىق كىشلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئۈچۈن، ھەر بىر قەدىمىڭىزنى باسقاندا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ راست، نېمىنىڭ يالغان، نېمىنىڭ ئادىل، نېمىنىڭ ئادالەتسىزلىكنى، كىمنىڭ كىمگە ھەققى بارلىقىنى، نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزدىن جاۋاب ئىزدىسىڭىز تاپالمايسىز. چۈنكى نەپسىڭىز سىزنى قامال قىلىۋالىدۇ. نەپسىڭىز سىزگە تەننىڭ ھەۋىسىدىن باشقا يەنە نىمە بېرىدۇ؟ ئۇ سىزنى ھاراق ئىچىشكە، زىنا قىلىشقا، يەنە بەزى يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. چۈنكى ئۇ شۇنىڭدىن ھوزۇر ئالىدۇ. ئۇ سىزنى باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى ئاياغ- ئاستى قىلىشقا، باشقىلارنىڭ

تاپاۋەتنى تارتىۋېلىشقا ئۇندەيدۇ. چۈنكى شۇنى پايدىلىق ھېسابلايدۇ. ئومۇمەن سىز ئالىسىز، بەرمەيسىز. نەپسىڭىز سىزگە باشقىلارنى ئىش قىلدۇرۇپ ئۆگەتكەن، ئۆزىڭىزنى باشقىلارغا ھېچقانداق ياردەم قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىشنىڭ ساڭا پايدىسى بار دەيدۇ. ئەگەر سىز مۇشۇنداق يىرگىنىشلىك، شەخسىيەتچىلىككە تىز پۈكۈپ كەتسىڭىز ئۇ سىزنى شەخسىيەتچى كۆڭلى قارا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. سىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭىز شۇنىڭ بىلەن كۆيۈپ تۈگەيدۇ. ئىككىنچى ئىش سىز ئۆز نەپسىڭىزنىڭ ئازدۇرىشىغا كۆنمەيسىز، ئەمما ئۆزىڭىزگە ئوخشاش باشقا بىر ئادەمگە ئەگىشىسىز. پۈتۈنلەي ئاشۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئاڭلايسىز. ئۇ سىزنى شەرىققە ماڭ دېسە، شەرىققە ماڭىسىز، غەرىپكە ماڭ دېسە غەرىپكە ماڭىسىز. ئەگەر شۇ شەخسىيەتچى بولسا، سىزنىمۇ ئۆزىنىڭ قۇلى قىلىۋالىدۇ. ياكى ئۇلار پاسىق ئادەملەر بولسا، ئۇلار يامان يولغا ماڭسا، سىزمۇ ئەگىشىپ بىللە ماڭىسىز. بۇنداق كىشلەر پەسكەش ئادەملەر بولسا، سىز ئۇلارنىڭ باشقىلارنى بوزەك قىلىشىدىكى قورالىغا ئايلىنىپ قالىسىز.

ئومومەن مۇشۇنداق يولدا ماڭسىڭىز، ئىلىمنىڭ نۇرىغا ئېرىشەلمەيسىز. توغرا بىلەن خاتانى پەرق ئېتەلمەيسىز. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا توغرا يولدا ماڭالمايسىز.

## توغرا يولغا يېتەكلەش اللهتىنلا كېلىدۇ

ئاخىرى قېلىپ قالدىغىنى مېھرىبان الله بولۇپ، الله سىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. بارلىق شەيئىيلەرنىڭ ماھىيىتى اللهنىڭ بىلىشىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. پەقەت الله نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىقلىقىنى، نېمىنىڭ قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. الله پاك، خالىس بولۇپ، مەلۇم مەنپەئەتكە ئېرىششكە قىلچە ھاجىتى يوق.

شۇڭا ئۇ پاك يىگانە زاتنىڭ سىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن يۆلىنىشى مۇتلەق توغرا بولۇپ، سىزگە ئىنتايىن پايدىلىق. الله ئادالەتنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغۇچىدۇر. پاكلىقتا تەڭدىشى يوق، چەكسىز ئۇلۇغ، شۇڭا بۇ زاتنىڭ بۇيرىغان، چەكلىگەن

ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، اللەنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان ئىش ئۆزىڭىزگە ۋە باشقىلارغا ھەرگىز ئادالەتسىزلىك ئېلىپ كەلمەيدۇ.

## قانداق قىلغاندا اللەنىڭ يېتەكلىشىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

اللەنىڭ نۇرى ئىچىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشمىز دىسەڭ مۇنداق ئىككى خىل شەرتنى ھازىرلاشقا توغرا كىلىدۇ.

١) اللەقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك.

چۈنكى ئۇ_ اللەدىن كېلىدۇ. بۇ دىگەنلىك بۇ اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە ئۆگەتكىنى _ بىز ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىمنى چۈشىنەيلى، چۈشەنمەيلى ھەممىسىنى مۇتلەق توغرا دەپ يۈزدە - يۈز ئىشىنىشىمىز كېرەك.

٢) ئېتىقادنى توغرىلاش كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن ئېتىقادقا ئەگىشىپ مېڭىشىمىز لازىم. چۈنكى يېتەكلەش بولمىسا ھېچقانداق ئىشتا نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم سىزگە مەلۇم بىر نەرسىدە زەھەر بار، يىسە ئۆلۈپ قالىدۇ- دىسە، سىزمۇ توغرا زەھەر بار دەپ ئىشەنسىڭىز، ئەمما زەھەر بارلىقنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇ نەرسىنى يېسىڭىز، نەتىجىدە زەھەر بارلىقنى بىلمەي يەپ ئۆلۈپ قالغان ئادەمگە ئوخشاشلا ئاقىۋەتكە قالىسىز. سىز بۇرۇن زەھەر بارلىقنى بىلگەن تۇرۇقلۇق، بۇ بىلىمىڭىزنى نەگە ئىشلەتتىڭىز؟ سىز اللەقا ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن، اللەقىلا ئىتائەت قىلسىڭىز ئاندىن نېئمەتكە ئېرىشەلەيسىز. پەقەت ئېغىزىڭىزدىلا « ئىشەندىم، ھەقلىقلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.» دەپلا قويماي پۈتۈن نىيەت ئىخلاسىڭىز بىلەن اللەنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشىڭىز كېرەك. الله بىزنى قايتا - قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: « سىلەر اللەقا ئىتائەت قىلىشىڭلار كېرەك،

پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقىلار كېرەك. »

## اللهقا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

**ئىسلامى قېرىنداشلار!**

مەن سىلەرگە« پەقەت الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا تىگىشلىك » دەپ قايتا- قايتا تاپىلىدىم. بۇ گەپتىن باشقىلارنىڭ گېپىنى بىردەك ئاڭلىماسلىق كېرەك دىگەن مەنا چىقمايدۇ. بۇ دىگەنلىك، باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كەتمەڭ، باشقىلار سىزنى بىر ئىشنى قىلىشنى بۇيرىسا، سىز بۇ ئىش الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرىغان ئىشمۇ ياكى توسقان ئىشمۇ دەپ ئۇنى تەتقىق قىلىپ بېقىڭ. ئەگەر الله قىلىشقا بۇيرىغان ئىش بولسا ئۇنى شۇ بويىچە قىلىڭ. چۈنكى سىز بۇ ئىشنى قىلىش ئارقىلىق ( بۇ ئىشنى قىلىشنى بۇيرىغان) ئادەمگە ئەمەس)، الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان بولىسىز. ئەگەر بۇ ئادەم اللهقا ئاسىيلىق قىلغۇچى، پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغۇچى بولسا، سىز دەرھال ئىنكار قىلىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىدىن باشقىغا ئىتائەت قىلماسلىق يەنىلا سىزنىڭ بۇرچىڭىز. الله ھەرگىز سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئۆزى كىلىپ يۈرمەستىن، بەلكى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق سىلەرگە يەتكۈزىلىدىغانلىقىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ١٣٥٠ يىل بۇرۇن (١٩٣٨-يىلى سۆزلەنگەن) جەننەتكە كەتكەن. اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزىلىدىغان بۇيرۇقلىرى قۇرئان ۋە ھەدىستە ساقلانماقتا. ئەمما قۇرئان بىلەن ھەدىس ئۆزى ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ئۆزى سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كىلىپ ئۇنى قىلىڭلار، بۇنى قىلىڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈرەلمەيدۇ. پەقەت «ئادەم» لا قۇرئان ۋە ھەدىسكە مۇۋاپىق ئىش قىلىشىڭىزغا ياردەم قىلالايدۇ. شۇڭا ئادەملەرنىڭ يىتەكلىشىگە ئەگىششتىن باشقا ئامال يوق. ئەمما مۇھىمى سىز باشقىلارغا كۆزىڭىزنى يۇمۇپ قارىغۇلارچە ئەگەشمەي، مەن بىر ئىشنى دىگەن بولسام، سىز ئالدى بىلەن بۇ ئادەم الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشنەمدۇ_

يوق؟ دىگەننى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر بۇ ئادەم سىزنى قۇرئان ۋە ھەدىس بويىچە يېتەكلىسە، سىز ئۇ ئادەمگە ئىشىنىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق بولمىسا ئەگەشمەسلىكىڭىز كېرەك.

## ٥. لېكسىيە دىن ۋە شەرىئەت

ئىسلام قېرىنداشلار!

دىن ۋە شەرىئەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۆزنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىسلەر. ئەمما سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى نۇرغۇنلىرىڭلار، بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيسىلەر. ساۋاتسىز ئادەم بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەلۋەتتە پەرق ئېتەلمەيدۇ. خېلى تەربىيە كۆرگەن ھەتتا نۇرغۇنلىغان شەرىئەتشۇناس (مەۋلىۋى)لارمۇ بۇ سۆزنىڭ ھەقىقي مەنىسىنى ۋە ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ. مۇشۇ ئىككى سۆزنىڭ پەرقىنى بىلمەي ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن ئۆلۈم ھادىسلىرى كېلىپ چىقتى. بۈگۈن مەن بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن.

## «دىن» نىڭ مەنىسى

دىننىڭ بىر قانچە مەنىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچىسى: شەرەپ، ھۆكۈمەت، جاھانگېر، خۇدانىڭ سىياسى گەۋدىسى، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچىسى: دەل يۇقارقىلارنىڭ ئەكسىچە تەۋە بولۇش، ئىتائەت قىلىش، قۇللۇق قىلىش دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۈچىنچى خىل مەنىسى: ھۆكۈم چىقىرىش، قىلمىشلارغا مۇكاپات - جازا بېرىش دىگەننى بىلدۈرىدۇ.

قۇرئاندا بۇ ئۈچ خىل مەزمۇننىڭ ھەممىسى بار. الله: « ھەقىقەتەن اللهنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام(دىنى) دۇر. » (سۈرە ئال ئىمران ١٩-ئايەت)دىگەن.

بۇ دىگەنلىك« دىن » اللهنىڭ ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر چوقۇنىشىغا لايىق زات ئىكەنلىكىنى، اللهتىن باشقا ھېچقانداق مەبۇدقا چوقۇنۇشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

اللهنى ھېچقانداق مەخلۇققا تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. بىردىن-بىر مۇكاپات، جازا بەگۈچى ئىكەنلىكىنى، اللهتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىدىن قورقۇشقا، ئەجىر تاما قىلىشقا ھەم جازاسىدىن قورقۇشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مانا بۇ دىنىنىڭ نامى_ ئىسلامدۇر. ئەكسىچە اللهتىن باشقا مەخلۇقنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھىمايىچىسى بىلىپ، ئۇنى سۇلتان بىلىپ، ئۇنىڭدىن مۇكاپاتلاشنى ئۈمىد قىلىپ ھەم ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ شۇنىڭ گىپىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن مۇكاپات تەمە قىلسا، ئۇنىڭ جازاسىدىن قورىقسا، مانا بۇ يالغان دىن. الله بۇنداق دىننى ھەرگىز قۇبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ پۈتۈنلەي ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرىگەن دىندۇر. كائىناتتا اللهتىن باشقا باش ئۇرۇشقا تېگىشلىك ھېچقانداق مەخلۇق يوق. ھېچقانداق كىشىنىڭ اللهتەك نوپۇزى، سەلتەنتى يوق ھەم مەۋجۇد ئەمەس. ئىنسانلار ھەرگىز باشقا مەخلۇقلارغا قۇل بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس. اللهتىن باشقا ھېچقانداق بىر مەخلۇقتىن بىزگە ياخشىلىق ۋە يامانلىق كەلمەيدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەتتىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ: «كىمكى ئىسلام ( دىنىدىن) غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران ٨٥- ئايەت). بۇ دىگەنلىك اللهنىڭ مۇتلەق سەلتەنتىنى ۋە نوپۇزىنى قويۇپ، باشقا مەخلۇقلارنىڭ ئىلاھ قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىشى، ئۇنى جازالىيالايدۇ ياكى مۇكاپاتلىيالايدۇ دەپ خىيال قىلىشنىڭ ھەممىسىنى الله ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدۇ دىگەنلىك.

چۈنكى، «ئۇلارنى پەقەت اللهقا ئېتىقاد قىلىشقا، اللهنىڭ دىنىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا بۇيرىغىن».

الله پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ قۇلى قىلدى، ئەمما ھەرگىز ئۆزىدىن باشقا

بىر مەخلۇققا قۇل قىلىشقا بۇيرۇمىدى. شۇڭا ئىنسانلار نىشانىنى ئېنىق تونۇشۇپ، اللهنىڭ دىنىغا مەركەزلەشتۈرۈش، يەنى پەقەت اللهقىلا ئىبادەت قىلىش، اللهقا يۈزلىنىش، اللهقىلا تايىنىشۇرۇش، قەلبىدە پەقەت اللهقىلا تەقۋادارلىق قىلىشى كېرەك. «ئۇلار(يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) اللهنىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا بىر دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسماندىكىلەر، زېمىندىكىلەر، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە اللهقا بويسۇنغان تۇرسا. ئۇلار (قىيامەت) كۈنى الله تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ. » (سۈرە ئال ئىمران ٨٣- ئايەت)

بۇ دىگەنلىك ئەجىبا ئىنسانىيەت، ئاسمان- زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەقەت اللهنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، اللهتىن غەيرى مەخلۇققا باش ئىگىشى توغرىمۇ؟ ئەجىبا ئىنسانىيەت پۈتكۈل كائىنات ئىگىسىدىن يۈز ئۆرۈپ يېڭى پىلان تۈزىۋاتامدۇ؟

«ئەنە شۇ الله ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ھەقىقىي دىننى ئېلىپ كەلدى، بۇ بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. گەرچە مۇشرىكلار قانچە قارىشى تۇرسىمۇ. »

الله ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ھەقىقىي دىننى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەخسىتى بارلىق ساختا نوپۇزنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىكار قىلىپ، ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىپ، مۇشرىكلار ۋە كاپىرلار ھەر قانچە سۆرەن سالسىمۇ، قارىشى تۇرسىمۇ اللهتىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقنىڭ قۇلى بولماسلىققا ئۈندەيدۇ دىگەنلىكتۇر.

«پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار ».(سۈرە ئەنفال ٣٩- ئايەت)

بۇ سىلەر بارلىق يالغان ئىلاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىكار قىلىپ، پەقەت اللهنىڭ قانۇنى دۇنيادا يۈرگۈزۈلگەنگە قەدەر، ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسى، اللهنىڭمۇ مۇتلەق ئۇلۇغ نوپۇزىنى، اللهنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانغا قەدەر، ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىڭلار، دىگەنلىكتۇر. يۇقارقى چۈشەندۈرۈشلەردىن چوقۇم دىننىڭ مەخسىدىنى چۈشىنىۋالدىڭلار.

دىن دېگەن:

اللهنى بىردىن-بىر ئىلاھ دەپ بىلىش.

پەقەت اللهقىلا ئېتىقاد قىلىش، اللهتىنلا تىلەش، اللهنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى تىلەش.

اللهنىڭ ئىنسانلارغا بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىسى كىتاپ ۋە ئەلچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىش ھەم ئۇنىڭدىكى نەسىھەتلەرگە ئەمەل قىلىش. بۇ دىنىنىڭ ئاساسىي قىسمى.

قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئى ئادەم باللىرى! ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلىرىم كەلگەندە، تەقۋادارلىق قىلغان ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر. » (سۈرە ئەئراف ٣٥- ئايەت)

بۇنىڭدىكى مەزمۇن، اللهنىڭ بۇيرۇقى دۇنيادىكى كىشىلەرگە بىۋاستە چۈشمەستىن بەلكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن چۈشىدۇ. شۇڭا اللهقا ئىمان ئېيتقان ئادەم پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، پەيغەمبەر يەتكۈزگەن بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلسا، اللهقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇن.

## «شەرىئەت » دېگەن نىمە؟

شەرىئەتنىڭ مەنىسى شەكىل ۋە يول دېگەنلىكتۇر. سىز اللهقا ئىمان ئېيتقان ۋە اللهقا قايتقان ئىكەنسىز، پەيغەمبەرلەرنىڭ اللهقا ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان رېئال ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى، ئايەتنىمۇ پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىز. مانا بۇ سىزنىڭ دىنغا كىرگەنلىكىڭىز بولىدۇ. ئاندىن سىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىسىز. سىزنىڭ اللهقا قۇلچىلىق قىلىشىڭىزنىڭ ئۇسۇلى ۋە ماڭىدىغان يولىڭىز «شەرىئەت» دېيىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ۋە بۇ يولنى الله

پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، پەقەت پەيغەمبەرلا بىزگە اللهنىڭ كۆرسەتمىسگە بويسۇنۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ ۋە بىزنى پاك بولۇشقا باشلايدۇ.

يەپغەمبەر بىزگە تەقۋادارلىقنىڭ يولىنى ۋە ھوقۇقنى ئورۇنلاشنىڭ ئۇسۇلىنى، كىشلەر بىلەن ئالدى- بەردى، بېرىش- كېلىش قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ۋە تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ. ئەمما ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى بۇرۇن دىن قانداق بولغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ، ھازىرمۇ ئۆزگەرمىدى. ئەمما شەرىئەت ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى ئەمەلدىن قالدى، بەزىلىرى ئۆزگەرتىلدى. لېكىن قانداقلار بولمىسۇن دىننى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. نۇھنىڭ دىنى، ئىبراھىم، مۇسا، ئەيسا، شۇئەيىپ، سالىھ، ھۇد ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى پۈتۈنلەي ئوخشاش، ئەمما ھەر قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەرىقلىنىدۇ. مەلۇم بىر پەيغەمبەرنىڭ ناماز ئوقۇش ئۇنداق بولسا، بەزى پەيغەمبەرنىڭ روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى بۇنداق بولىدۇ. ھالال- ھارامغا بولغان كۆرسەتمىسى، پاكىزلىق بەلگىلىمىسى، نىكاھ ۋە ۋارىسلىق بەلگىلىمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەرىقلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان. نۇھنىڭ ئۈممىتى، ئىبراھىمنىڭ ئۈممىتى، ئىيسانىڭ ئۈممىتى، موسانىڭ ئۈممىتى ھەمدە بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان. چۈنكى ھەممىمىزنىڭ دىنى بىر. شۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، شەرىئەتنىڭ ئوخشىماسلىقى دىنغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. گەرچە اللهقا تەقۋادارلىق قىلىش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى كۆپ خىل بولسىمۇ ئەمما دىن بىر.

## ھەر قايسى شەرىئەتلەر ئوتتۇرسىدىكى پەرىقنىڭ ئەھمىيتى

بۇ پەرىقنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىر خوجايىننىڭ نۇرغۇن قۇللىرى بولۇپ، خوجايىننى ئىپتىراپ قىلماي، ئۇنىڭ بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلىش ئەرزىمەيدۇ دەپ

تونغان كىشى، شۇ خوجايىنىنىڭ قۇلى بولالمايدۇ. خوجايىننى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قارىشىلىششتىن قورقىغانلار خوجايىنىنىڭ قۇلى قاتارىغا كىرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، خوجايىنغا خىزمەت قىلىش ئۇسۇلى بىر - بىرىگە ئوخشىمىسا، ئۇلارنىڭ قۇللۇق سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

يەنە بىر قۇلنىڭ خىزمەت قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولسا، يەنە بىر قۇلنىڭ خىزمەت قىلىش ئۇسۇلى بۇنداق بولسا، يەنە بىر قۇلنىڭ ئۇنداق بولىدۇ. ئالدىنقىسىنىڭ پەقەت مەنىلا قۇل ئۇ ئەمەس دېيىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئوخشاشلا خوجايىن بىر بۇيرۇق چۈشۈرسە، A قۇلنىڭ ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولۇپ، B قۇلنىڭ ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى ئۇنداق، ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ئىجرا قىلسا، ھەر ئىككىلىسى خوجايىنغا بوسۇنغان بولىدۇ. ئەگەر A قۇل خوجايىنىنىڭ مەخسىدىنى خاتا چۈشىنىپ، B قۇل توغرا چۈشەنگەن بولسا، ھېچقايسىسىنىڭ «سەن خوجايىنغا بويسۇنمىدىڭ، سەن خوجايىنىنىڭ قۇلى ئەمەس» دېيىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

يۇقارقى مىساللاردىن سىلەر دىن بىلەن شەرىئەتنىڭ مەنىسىنى بىلىۋالدىڭلار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى الله نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرگە نۇرغۇن شەرىئەتلەرنى چۈشۈردى. مەلۇم بىر پەيغەمبەرنىڭ اللهقا چوقۇنۇش ئۇسۇلى مۇنداق بولسا، يەنە بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۇسۇلى ئۇنداق بولدى. مەيلى قايسى ئۇسۇلدا بولمىسۇن، الله چۈشۈرۈپ بەرگەن شەرىئەت بويىچە اللهقا تەقۋادارلىق قىلغانلار گەرچە ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىسىمۇ ھەممىسى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن الله «جەزمەن ئىلگىرىكى بارلىق ئۇسۇلنى بىكار قىلدىم، بۇنىڭدىن كېيىن كىمكى ماڭا قۇلچىلىق قىلسا، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىم مۇھەممەدكە ئوخشاش قۇلچىلىق قىلسۇن.» دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر كىمنىڭ يەنە ئىلگىرىكى ئۇسۇل بويىچە

قۇلچىلىق قىلىمىز دەپ تۇرىۋېلىش ھوقۇقى يوق. چۈنكى ئۇ يېڭى ئۇسۇلنى كېرەك قىلماي، يەنە كونا ئۇسۇلغا ئېسىلىۋالسا، ئۇ ئەمەلىيەتتە اللهنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قارىشىلاشقانلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي پىكرى بويىچە ئىش قىلماقچى بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئادەم اللهنىڭ قۇلى قاتارىدىن چىقىرىلىدۇ. دىنىي تىل بىلەن ئېيتقاندا ئۇ كاپىرغا ئايلىنىدۇ.

## ھەر قايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ماھىيىتى

يۇقىرىدا دېگىنىمىز بارلىق پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتىگە ئېيتىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى يۇقارقى ئىككى مىسالنىڭ بىر بۆلىكىنى قوللانسا بولىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن شەرىئەتنىڭ ھەممىسى، اللهنىڭ شەرىئىتى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پالاننىڭ شەرىئەتكە بولغان چۈشەنچىسى مۇنداق، پۇستاننىڭ چۈشەنچىسى ئۇنداق بولۇپ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئەمەل قىلسا، گەرچە ئىككىسىنىڭ چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، يەنىلا اللهنىڭ بەندىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىلىسى اللهنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلدىم دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كىم مەنىلا اللهنىڭ مەخسىدىنى چۈشەنگەن بولۇپ، باشقىلار چۈشەنمىدى، شۇڭا اللهقا بويسۇنغۇچىلار قاتارىغا كىرەلمەيدۇ، دىيەلەيدۇ؟ بۇنداق قالايمىقان سۆزلەيدىغان كىشىلەر خۇددى ئۆزلىرىلا خوجايىنىدەك «سەن» اللهقا بويسۇنغاندەك، ماڭا ئېتىقاد قىلىشىڭ كېرەك، بولمىسا مەن سېنى قوغلاپ چىقىرىمەن. دىيەلەيدىغاندەك قىلىپ كېتىدۇ.

ئويلاپ باقايلى! بۇ نېمە دېگەن ئېغىر _ ھە؟ شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «كىم يەككىلىك بىلەن بىر مۇسۇلماننى كاپىر دېسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزى تارتىدۇ» دىگەن ئىدى. چۈنكى، الله مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا

بويسۇنۇشقا بۇيرىغان. ئەمما بۇرادىرىمىز «ياق، مېنىڭ چۈشەندۈرۈشىمگە قۇلاق سالمىدى، مېنىڭ ھۆكۈمىمگە قايىل بولىشىڭ كېرەك. بۇ دېگەنلىك _ (اللهتىن باشقا مەنىمۇ بار دىگەنلىك ئەمەسمۇ؟) ئەگەر مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا قۇلاق سالمىساڭ، بۇيسۇنمىساڭ الله قوغلاپ چىقارمىسىمۇ مەن سېنى دىنىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن.» كىمكى مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن مۇشۇنداق سۆزنى قىلسا، باشقا مۇسۇلمانلار كاپىر بولۇپ كەتسۇن - كەتمىسۇن، شۇنداق سۆزنى قىلغۇچىنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىش خەۋپى بار.

كۆپچىلىك، مەن سىلەرنىڭ دىن بىلەن شەرىئەتنىڭ ئوتتۇرسىدىكى پەرىقنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمۈد قىلىمەن.

اللهقا تەقۋادارلىق قىلىش جەھەتتىكى ئۇسۇلنىڭ ئوخشىماسلىقى دىنىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغانلىقىنى، پەقەت مەلۇم بىر ئالاھىدە ئۇسۇلنى قوللانغۇچى ھەقىقەتەن الله ۋە پەيغەمبەرنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ھېس قىلسا ھەم قۇرئان ۋە ھەددىستىن ئىشەنچىلىك ئاساسقا ئىگە بولسىلا.

## دىن بىلەن شەرىئەتنىڭ ئوتتۇرسىدىكى پەرقنى چۈشەنمەسلىكنىڭ زىيىنى

ئەمدى، مەن سىلەرگە دىن بىلەن شەرىئەتنىڭ ئوتتۇرسىدىكى پەرقنى چۈشەنمەسلىكنىڭ قانداق زىيانىنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي.

مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇش جەھەتتە بىر قانچە خىل ئۇسۇلى بار. بەزىلەر ئۆرە تۇرغاندا ئىككى قولنى كۆكرىكىگە چاپلاپ تۇرىدۇ. بەزىلەر قولنى قورسىقىغا چاپلاپ تۇرىدۇ. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغاندا، ئىمام فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بەزىلەر ئىچىدە قايتا بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىدۇ. بەزىلەر ئوقۇمايدۇ. «ئامىن» دىگەن سۆزنى بەزىلەر ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ، بەزىلەر پەس

ئوقۇيدۇ. يۇقارقى ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگەن بولۇپ، ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك ئاساسى بار. گەرچە ناماز ئوقۇش ئۇسۇلىدا ئازىراق پەرق بولسىمۇ، يەنىلا ھەممە يەلەن مۇسۇلمان. ئەمما بەزى مىجەزى ئوسال كىشلەر بۇ شەرىئەتتىكى مەسىلىنى دىنى مەسىلە قىلىۋېلىپ، بۇ پەرقنى دىن پەرقى دېۋېلىپ، ئۆز ئارا مەزھەپ بولۇشۇپ، مەسچىتكە بارماي بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىپ، بىر-بىرىنى مەسچىتدىن قوغلاپ چىقىرىشىپ، دەۋالىشىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى نۇرغۇن مەزھەپلەرگە پارچىلىۋېتىدۇ. بەزىلەر شۇنىڭ بىلەن توختىماي كىچىك ئىشلارنى باھانە قىلىۋېلىپ، بىر-بىرىنى كاپىر، گۇناھكار دەپ دەۋا قىلىدۇ. بىر ئادەم مەلۇم بىر ئىشنى قۇرئان ۋە ھەدىستىن چۈشەنگىنى بويىچە باشقىلارنى ئۆزىگە ئەگىشىشكە زورلايدۇ. ئەگەر رەت قىلسا رەت قىلغۇچىنى دەرھال دىنىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولىدۇ. سىلەر مۇسۇلمانلار ئىچىدە نۇرغۇن مەزھەپلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىسىلەر، مەسىلەن: ھەنبەل مەزھىپى، شافىئى مەزھىپى قاتارلىقلار. بۇ مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئان بىلەن ھەدىسنى ئەڭ ئالى نوپۇزلۇق دەپ قارايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە قۇرئان، ھەدىستىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. بەلكىم بىرىنىڭ خاتا، بىرىنىڭ توغرا بولىشى مۇمكىن.

ئەگەر مەن بۇ مەزھەپتە بولسام ئۆزەمنىڭكىنى توغرا دەپ قارايمەن. مەن ئۆزەمدىن باشقا مەزھەپتىكىلەر بىلەن جىدەللىشىپ، ئۆزەم توغرا دەپ قارىغان يەرلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ، باشقىلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىمەن. .ئەمما خاتا چۈشىنىپ قېلىش بۇ بىر ئىش. ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى بار. ١٠ مۇسۇلمان ١٠ خىل ئۇسۇل قوللىنىپ ئىبادەت قىلسا، پەقەت شەرىئەتكە ئىشەنسە، ئۇلار مۇسۇلمان بولىۋېرىدۇ. ئۇلار بىر ئۈممەت بولۇپ ئۇيۇشالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئوخشاش نۇرغۇن مەزھەپلەرگە بۆلىنىپ كېتىدىغان ھېچقاندىق ئاساسى يوق. ئەمما بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيدىغان كىشلەر، دائىم

ئۇششاق- چۇششەك ئىشلار ئۈچۈن ئۇممەتنى پارچىلاپ، بۆلۈنۈپ ناماز ئوقۇپ، ئۆز- ئارا بېرىش - كېلىش قىلمايدۇ. ئۆز - ئارا ئىناق بولۇشماي، كىچىك مەزھەپلەرنى تەشكىللەپ، خۇددى ئۆزلىرى ئۇممەتتەك، باشقىلار ئەمەستەك قىلىشىدۇ.

## ئۆز- ئارا چەتكە قېقىشنىڭ زىيىنى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز - ئارا چەتكە قېقىشىدىن كېلىپ چىققىدىغان زىيانىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ھىندىستاننى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق (١٩٣٨- يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئايرىلمىغان) مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ٨٠ مىلىيون بولۇپ، ئەگەر مۇشۇنداق ئۇممەت بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، اللهنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭالايدىغان بولسا، دۇنيادا ئۇلارنى كىم كۆزگە ئىلماسلىققا جۈرئەت قىلالىسۇن. ئەمما ئەمىلىيەتتە مەزھەپچىلىك جەھەتتە بىر ئۇممەت نەچچە يۈز ئۇممەتكە پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆز - ئارا ئۆچمەنلىشىپ ھەتتا چوڭ ئىشلاردىمۇ بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارىشى تۇرالمايدۇ. مۇنداق دۈشمەنلىشىش دەرىجىسى جەھەتتە يەھۇدى - ناسارالارغا بولغان ئۆچمەنلىكتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. ھەتتا بەزىدە بىر مەزھەپتىكىلەر، دىن سىرتىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇ مەزھەپنىڭ ئەدىبىنى بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىشىدىن، بوزەك قىلىنىشىدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ.

بۇ ئۇلارنىڭ تارتقان جازاسى.........

# ٣- بۆلۈم ناماز

## ١. لېكسىيە ئىبادەت _ دىنى مەجبۇرىيەت

مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

بۈگۈنكى سۆزلىرىمدە مەن سىلەرگە «دىن» ۋە «شەرىئەت» نىڭ مەنىسى توغرىسىدا سۆلىگەن ئىدىم. بۈگۈن مەن سىلەرگە بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى يەنى

مۇسۇلمانلار ئۇنى دائىم ئىشلەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىۋالدىغانلار ناھايىتى ئاز بولغان بىر سۆز ئۈستىدە سۆزلەشمەكچىمەن. بۇ سۆز «ئىبادەت».

اللهنىڭ كالامىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم». (سۈرە زارىيات ٥٦- ئايەت)

بۇ ئايەتتە مۇنداق قىلىپ ئېنىق ئېيتىلغانكى، سىزنىڭ تۇغۇلۇشۇڭىز ۋە ياشىشىڭىزدىكى مەخسەت باشقا نەرسە بولماستىن بەلكى، اللهقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈندۇر. ھازىر سىلەر ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى بىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىۋاتىسىلەر. چۈنكى سىلەر بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمىسەڭلار، ھاياتىڭلاردىكى ئىشىڭلار چالا بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر كىشى كۆزلىگەن مەخسەتكە يېتەلمىسە، ئۇ ھالدا بىر قېتىم يېڭىلگەن بولىدۇ. بىر دوختۇر ئەگەر بىراۋنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالمىسا، ئۇ ھەرگىزمۇ دوختۇر ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر بىر دېھقان ياخشى ھوسۇل ئالالمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تېرىقچىلىقنى ياخشى قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش سىلەرمۇ ھاياتىڭلاردىكى ھەقىقىي مەخسىتىڭلارنى يەنى ئىبادەتنى توغرا تونۇپ يېتەلمىسەڭلار، ئۇ ھالدا سىلەر ھاياتىڭلاردا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولىسىلەر. شۇڭا مەن كۆپچىلىكتىن ئىبادەتكە بەرگەن چۈشەندۈرۈشىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئىبادەتنىڭ مەنىسى

«ئىبادەت» دېگەن بۇ سۆز **ABD** دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، **ABD** دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قۇل ياكى مالاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ چاكارنىڭ چوقۇنىشى ياكى قۇللارنىڭ تازىم بەجا كەلتۈرۈشى دېگەنلىك بولىدۇ. بىراق ئەگەر ئۇنىڭ جىسمى باشقا بىرسىنىڭ قۇلى بولسا، ئۇ ئىنتايىن ئىتائەتمەن بولىشى، خوجايىنغا

بويسۇنىشى كېرەك. مانا بۇ قۇللارنىڭ تازىم بەجا كەلتۈرىشى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىبادىتى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەكسىچە، بىراۋ ئەگەر يەنە بىرسىنىڭ قۇلى بولسا، ئۇ خوجايىنغا سادىق بولماي، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىسا، ئۇ ھالدا ئۇ گۇناھ قىلغان ياكى لاياقەتسىز خىزمەتكار بولغان بولىدۇ. بىز ھازىر بىر چاكارنىڭ ئۆزىنىڭ خوجايىنغا نىسبەتەن زادى قانداق ئىتائەتمەن بولىشى توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقايلى.

(١) ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىسىنى ئۆزىنىڭ خوجايىنى دەپ قارىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ خوجايىنى، تەربىيلىگۈچىسى، ئاسرىغۇچىسى، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ سادىق بولۇشقا ئەرزىگۈدەك ھېچ بىر كىشى يوق.

(٢) خوجايىنغا مەڭگۈ بويسۇنۇش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئاداققىچە بەجا كەلتۈرۈش كېرەك. ھەرگىزمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماسلىقى، ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىقى ياكى باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، خوجايىنىنىڭ ئىدىيىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. بىر قۇل ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق ئورۇندا ئوخشاشلا قۇل. ئۇنىڭ سۆزلىشىگە بولمايدۇ. ئەگەر قۇل مەلۇم ۋاقىتلاردا خوجايىنىنىڭ قۇلى بولماي، ئەكسىچە ئەركىن ئادەم بولسا، باشقا بۇيرۇقلارنى بەجا كەلتۈرۈشى ھاجەتسىز.

(٣) ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنغا چوقۇنىشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنى تۇزۇپ بەرگەن ئۇسۇلدا خوجايىنغا چوقۇنىشى، چوقۇم خوجايىنى بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىشى كېرەك ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا مۇتلەق ئىتائىتى ۋە ئەقىدىسىنىڭ بارلىقنى ئىپادىلىشى كېرەك.

مانا بۇ «ئىبادەت» نىڭ ئۈچ مۇھىم شەرتى. بىرىنچىسى: ئىگىسىگە سادىق بولۇش. ئىككىنچىسى: ئىگىسىگە بەيئەت قىلىش. ئۈچىنچىسى: ئىگىسىگە چوقۇنۇش.

اللهنىڭ كالامىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مېنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە ئادىمزاتنى يارىتىشىمدىكى مەخسەت، ماڭا مۇتلەق چوقۇنۇش ئۈچۈندۇر.» مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا اللهنىڭ مۇنداق نەرسىنى يارىتىشىدىكى مەخسەت، ئۇلارنىڭ پەقەت اللهقىلا بەيئەت قىلىشى، پەقەت اللهنىڭلا يولىيورۇقىنى ئاڭلىشى، اللهنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولغان ھەر قانداق بۇيرۇقلارنى ئاڭلىماسلىقى، پەقەت ئالاھقىلا چوقۇنۇشنى مەخسەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئۈچ ئىش «ئىبادەت» دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى.

الله نۇرغۇن سۆزلىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇنياغا چۈشۈپ، بىر اللهقىلا «ئىبادەت» قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرستىپ ئۆتكەن.

«ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار » دەپ ۋەھىي قىلدۇق. » (سۇرە ئەنئام ٢٥- ئايەت)

شۇڭا سىلەر پەقەت بىر پادىشاھقا بويسۇنىشىڭلار، بۇ پادىشاھ بولسا ئۇلۇغ الله بولىشى كېرەك. سىلەر چوقۇم بىر قانۇنىيەتكە بويسۇنىشىڭلار، ئۇ بولسىمۇ اللهنىڭ قانۇنىيتى بولىشى كېرەك. سىلەر چوقۇم بىرىگە چوقۇنىشىڭلار، ئۇ الله بولىشى كېرەك.

## «ئىبادەت»نىڭ نەتىجىسى ھەققىدە

سىلەر «ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنى ئېيىشىڭلاردا چىڭ تۇتقاندىن كىيىن، ھازىر مىنىڭ مۇنداق بىر سۇئالىمغا جاۋاب بىرىڭلار: بىر چاكار بولۇپ، ئۇ ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي، ئەكسىچە، ئەتىدىن كەچكىچە ئىككى قولىنى كۆتۈرمەي، ئىگىسىگە مەدھىيە ئوقۇسا سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارىشىڭلار قانداق؟ خوجايىن ئۇنىڭغا مەلۇم ئىشقا بۇيرۇق بەرسە، لىكىن ئۇ بىر قەدەممۇ ماڭماي، ئەكسىچە خوجايىنغا نەچچە قېتىملاپ تازىم بەجا كەلتۈرسە، ئاندىن قولىنى كۆتىرىپ ئورنىدىن تۇرسا ،خوجايىن ئۇنىڭغا مەلۇم خاتالىقلارنى تۈزىتىش

توغرىسىدا بۇيرۇق بەرسە، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ بىر قەدەممۇ مىدىرلىماي، خوجايىنىغا باش ئېگىپلا تۇرسا، خوجايىن ئۇنىڭغا ئوغرىنىڭ قولىنى كەس دەپ بۇيرۇق بەرسە، ئۇ تېخىچە ئاڭلاپ تۇرۇپ، مىدىرلىماي قاراپ تۇرسا، خوجايىنى نەچچە قېتىملاپ قاتتىق تەلەپپۇزدا جېكىلىسىمۇ ئۇنى بېجىرمىسە، سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇ ئۆز خوجايىنىغا سادىق بولغان بولامدۇ؟

ئەگەر سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مۇشۇنداق پوزىتسىيىدىكى ئادەم بولسا، مەن سىلەرنىڭ نېمە دەيدىغىنىڭلارنى بىلمەيمەن. لېكىن بىر ﷲنىڭ بەندىسى بولغان كىشى مۇشۇنداق قىلسا، ئۇنى سىلەر ﷲقا سادىقلىق بىلەن چوقۇنغۇچى كىشى دەپ قارايدىغانلىقىڭلارغا ھەيرانمەن. بۇنداق كىشلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە قۇرئاندىكى ﷲنىڭ بۇيرۇقنى يادلايدۇ، لېكىن ئەمەلىي ھالدا قول سېلىپ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ توختىماي ناماز ئوقۇپ، ﷲنى تۈمەن قېتىملاپ مەدھىيىلەيدۇ. تەسىرلىك ئاھاڭلار بىلەن قۇرئان ئوقۇيدۇ. سىلەر كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى «خۇدانىڭ نەقەدەر سادىق چوقۇنغۇچىسى ھە!» دەپ ماختىساق بولامدۇ؟ بۇنداق دېيىش بىر خىل خاتا چۈشەنچە. ئەمەلىيەتتە بۇ سىلەرنىڭ ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكىڭلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇنداق بىر بەندە بار. ئۇ ئەتىدىن – كەچكىچە باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ بۇيرۇقنى ئاڭلايدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن ئىش قىلىدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ. پەقەت ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان چاغدا، خوجايىنىنىڭ ئالدىدا ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا خوجايىنىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئەگەر سىلەر بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنداق پوزىتسىيىدىكى كىشلەر بولسا، سىلەر ئۇنىڭغا قانداق قارىغان بولاتتىڭلار؟ ئەگەر ئۇلار سىلەرنى خوجايىنىم دەپ ئاتىغان چاغدا، سىلەر ئۇنىڭغا «سەن دىگەن بىر پەس، ئالدامچى، مىنىڭ تۇز - تامىقىمنى يەپ تۇۋلاپ قويغان بىلەن ئەمەلىيەتتە

باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايسەن.» دېيىشگىلار مۇمكىن. بۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئاددىي ساۋات. لېكىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، سىلەر ناماز ئوقۇش، ھەج قىلىش، خەير – ئېھسان قىلىش قاتارلىقلار بىلەن خۇداغا بولغان ئىبادەتلىرىڭلارنى بىلدۈرىسىلەر. لېكىن ئاشۇنداق كىشىلەر بولسا، كېچە - كۈندۈز خۇدانىڭ ئىرادىسىگە يات ئىشلارنى قىلىدۇ. كاپىرلارنىڭ، خۇداسىز نەزىرىيىچىلەرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ قائىدىلىرىنى ئويلىشىپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل خاتا چۈشەنچىمۇ سىلەرنىڭ «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمىگىنىڭلارنىڭ چىقارغان ئاقىۋىتىنىڭ بىرى. يەنە شۇنداق يارىشىملىق «فورما» كىيىۋالغانكى، ئۇلار خوجايىنىنىڭ ئالدىدا شۇنداق ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تۇرىدۇ. خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندا ئۇ ھەمىشە مۇلايىملىق بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، «مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بۇيرۇقلىرىنى بىجا كەلتۈرىمەن» دەيدۇ. قارىماققا ئۇ باشقا چاكارلاردىن سادىقراق تۇيۇلىدۇ. جامائەت ئالدىدا يۇقىرى ئاۋازدا خۇداغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى باشقىلارنىكىدىن چوڭراق بولىدۇ. لېكىن باشقا بىر تەرەپتىن ئەكسىچە خوجايىنىغا سۇيىقەست قىلىپ، خوجايىنىنىڭ ئىسمىنى دۇنيادىن ئۆچۈرىۋېتىش قارا نىيىتىگە ھەمكارلىشىدۇ. قاراڭغۇ كېچىلەردە خوجايىنىغا قارشى ھەركەت قىلىدۇ، كۈندۈزى خوجايىنىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ، ئىنتايىن سادىق قىياپەتتە تۇرىدۇ. مۇشۇنداق چاكارلارغا نىسبەتەن، سىلەرنىڭ قارىشىڭلار قانداق؟ ئۇ بولسا بىر ئەبلەخ، خائىن، ھەقىقىي سادىق، راستچىل بولمىغان ئادەملەردۇر. لېكىن خودانىڭ بەندىلىرىدە مۇشۇنداق قىلمىشلار بولۇپ قالسا، سىلەر ئۇنى قانداق ئاتايسىلەر؟ سىلەر ئۇنى ھەقىقىي ئىخلاسمەن، خودانىڭ سادىق بەندىسى دەپمۇ ئاتاپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. چۈنكى سىلەر ئاۋۋال ئۇلارنىڭ يارىشىملىق ساقال - بۇرۇتلىرىغا ۋە تونلىرىغا قارايسىلەر. ئۇلار ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى چوڭ. شۇڭا سىلەر ئۇلارنى

خۇدانىڭ ئىخلاسمەن، مۆئمىن بەندىلىرى دەپ قارايسىلەر. بۇخىل خاتا چۈشەنچىمۇ سىلەرنىڭ «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ياخشى ئىگەللىيەلمىگەنلىكىڭلارنىڭ مەھسۇلى.

سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە قول باغلاپ قىبلىگە قاراپ تۇرسا، قوش قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويۇپ تازىم قىلسا، ماڭلايلىرىنى يەرگە يېقىپ سەجدە قىلسا، ئېغىزىدا بىر نەچچە جۈملىنى يادلاۋەرسە، ئەكسىچە سىلەر بۇنى ئىبادەت دەپ قارايسىلەر. روزا - رامىزانلاردا بولسا، ئەتىگەندىن – كەچكىچە بىر نەرسە يېمەي روزا ئايلىرىنى توشقۇزسىلا سىلەر بۇنى ئىبادەت دەپ قارايسىلەر. سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە بىر نەچچە پارە قۇرئاننى يادلىۋالسا، «ئىبادەت» بولۇۋېرىدۇ. مەككىگە بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ كەلسىلا «ئىبادەت» دەپ قاراۋېرىسىلەر. ئومومەن سىلەر مەلۇم تاشقى قىياپەتتىكى ھەركەتلىرىگە قاراپلا «ئىبادەت» دەپ قاراۋېرىسىلەر. يۇقىرىقىدەك تاشقى قىياپەتلىرىنى كۆرسەڭلار، ئۇلارنى اللهقا «ئىبادەت» قىلىۋاتىدۇ دەپ قارايسىلەر. تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەقسىتىنى ئورۇنلايسىلەر.

«جىنلارنى ،ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. » (سۈرە زارىيات٥٦-ئايەت)

مۇشۇلارنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار پۈتۈنلەي ئەركىن ئادەمگە

ئايلىنىدۇ.

«ئىبادەت» ئۆمۈر بويى داۋاملىشىدىغان پائالىيەت، ئەمما خۇدا سىلەرنى يارىتىشتىكى مەقسەت ئىبادەت قىلىش، بۇ ئىبادەت سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق بولمايدۇ. ھەقىقىي ئىبادەت بولسا سەن بىر ئۆمۈر ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا خوجايىنىنىڭ قانۇنىدىن چەتنىمەي، بىر ئازمۇ بوشاشماي، ھەر بىر ھەركەتتە اللهنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكىڭ، سېنىڭ ھەر بىر سۆز، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىڭ چۇقۇم الله بەلگىلەپ بەرگەن قائىدىلەرگە ماس كېلىشى كېرەك. سەن ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق قىلالىغىنىڭدا ئاندىن «ئىبادەت»نىڭ كونكرېت گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. سەن مۇشۇ ئۆمرۈڭدە مەيلى ئۇخلىغىن، مەيلى ئويغاق بول، مەيلى بىر نەرسە يېگىن ياكى ئىچكىن، يول ماڭساڭمۇ، سۆركەلسەڭمۇ ھەممىسى ئىبادەت. سەن ئائىلەڭنىڭ ھوجرىسىغا يېقىنلاش، باللىرىڭنى سۆيۈپ قوي ئۇمۇ ئىبادەت، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەرخىل قىلمىشلار دىنىنىڭ قائىدىسىگە مۇۋاپىق كەلسىلا، الله سىزىپ بەرگەن سىزىقتىن چىقمىسىلا، سۆز - ھەركەتلىرىدە اللهنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ سۆزلەردىن ساقلانسىلا، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىسا، توغرا قىلمىش بىلەن ناچار قىلمىشنى ئايرىسا، الله بۇلارنى ئەلۋەتتە ياقتۇرىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر سەن مەلۇم ئۇسۇلدا ئاسان قولغا كەلمەيدىغان ھارام پۇلغا ئېرىشسەڭ، ئەگەر سەن خۇدادىن قورقۇپ بۇ پۇلنى ئالمىساڭ، سەن خۇدانىڭ قانۇنلىرىغا ئويغۇن ئىش قىلغان بولىسەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سەن بولكا ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ ئۆزەڭ يېگەن بولساڭ ياكى خوتۇن - باللىرىڭغا بەرگەن بولساڭ، خۇدانىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە يېيىش ئۈچۈن چىقىرىلغان نەرسە بولغاندىلا تۇپراق سىنىڭ بۇ ئىشلىرىڭدىن خۇدانىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: سەن يولدا كېتىۋاتقان بولساڭ، يوللاردىكى تاشلارنى ۋە تىكەنلەرنى تىرىۋەتكەن بولساڭ، سەن اللهنىڭ بەندىلىرىنى يارىلىنىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدىڭ. بۇمۇ «ئىبادەت» بۇلىدۇ. ئەگەر

سەن بىر كېسەلگە قارىغان بولساڭ يا بىر ئەما كىشىنىڭ يول ئىزدىشىگە ياردەم بەرسەڭ ياكى بىرەرسىنى خەتەردىن قۇتقازغان بولساڭ، بۇمۇ «ئىبادەت» بولىدۇ، ئەگەر سەن باشقا بىرسى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ۋاقتىڭدا يالغان سۆزلىمىسەڭ، ئارقىدىن گەپ قىلمىساڭ، كۆڭلىنى رەنجىتمىسەڭ، قانداق ۋاقىت بولسۇن راستچىل بولساڭ بۇمۇ «ئىبادەت» بولىدۇ. شۇڭا اﷲنىڭ ھەقىقىي ئىبادىتىنىڭ مەنىسى _ اﷲنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنۇش، بالاغەتكە يەتكەندىن تارتىپ، ئالەمدىن ئۆتكىچە اﷲقا ئوخشاشلا ئىتائەت قىلىشتۇر. «ئىبادەت»نىڭ ھەرگىزمۇ مەلۇم بەلگىلەنگەن ۋاقتى بولمايدۇ، ھەر ۋاقىت ئىبادەت قىلىش كېرەك. ئىبادەتنىڭ ھەرگىزمۇ بەلگىلەنگەن شەكلى بولمايدۇ. ھەر قانداق خىزمەتلەردە، ھەر قانداق ئۇسۇللار بىلەن اﷲقا ئىبادەت قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا سەن ھەرگىزمۇ «مەن بەزى ۋاقىتلاردا اﷲنىڭ چاكىرى ئەمەس» دىمىگىن. يەنە سەن ھەر گىزمۇ مۇشۇ ۋاقىتلارلا اﷲنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ناماز، ئىبادەت ۋاقتى، باشقا ۋاقىتلاردا بولسا بۇ ئىشلارنى قىلىش ھاجەتسىز دىمىگىن.

قېرىنداشلار! ھازىر سىلەر ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى ئۆمۈر بويى اﷲقا ئىبادەت قىلىش، بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دەپ چۈشەندىڭلار. سىلەر يەنە ناماز، روزا، ھەج قاتارلىقلار نىمە ھېسابلىنىدۇ؟ دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى اﷲ بەلگىلەپ بەرگەن زۆرۈر بولغان ئىبادەت شەكىللىرىدۇر. بۇلارنىڭ مەقسىتى بولسا، سىلەرنى ئۆمۈر بويى ئېلىپ بېرىلىدىغان چوڭ ئىبادەتكە تەييارلىق قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ناماز بىر كۈندە بەش ۋاخ بولۇپ ئۇ ساڭا «سەن اﷲنىڭ چاكىرى، سەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭ كېرەك.» دىگەننى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. خەير - ئېھسان بولسا سېنىڭ پۇلىڭنىڭ اﷲنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغىسى ئىكەنلىگىنى، ئۇنى بولسا ئۆزەڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى اﷲنىڭ يولىدا ئىشلىتىشىڭ كېرەكلىگىنى ئېنىق تونۇتىدۇ. ھەج بولسا ساڭا اﷲنىڭ ئۇلۇغ ھەم شەپقەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر تەسىرنى بېرىدۇ. بۇ تەسىر بولسا بىراقلا

سىنىڭ قەلبىڭگە ئورناپ كېتىدۇ. ئۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايسىلەر. بۇ ئىبادىتىڭ ئورۇنلانسا، سىنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇشىڭدىكى اللهقا بولغان ئىبادەتنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىگەندە، سىنىڭ نامىزىڭ ئاندىن ناماز ھېسابلىنىدۇ. سەن بەرگەن سەدىقە ئاندىن سەدىقە بولىدۇ. سەن قىلغان ھەج ئاندىن ھەج ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سەن مۇشۇ نىشانلارغا يېتەلىسەڭ، پەقەت تازىم قىلىپ، سەجدە قىلىپ، تۈن بويى يەمەي - ئىچمەي ھەج قىلىش، سەجدە قىلىشلارغىلا تايانساڭ قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ ھېچنىمىگە پايدىسى بولمايدۇ.

بۇ تاشقى قىياپەتتىكى ھەركەتلەرنى بىر ئادەمنىڭ تىنىگە ئوخشۇتۇشقا بولىدۇ. ئەگەر بۇ تەندە جان بولسا ئۇ ئاندىن ھەركەت قىلالايدۇ، ئىش قىلالايدۇ. ھەقىقىي بىر تىرىك ئادەم بولالايدۇ. ئەگەر جان بولمىسا پەقەت بىر قۇرۇق گۆشكە، جەسەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پۇت - قولى، ئىغىز – بۇرۇنلىرى بولسىمۇ، ناماز، روزىلاردا «شەپقەتلىك الله، مېھرىبان الله ،ئۇلۇغ الله» دىگەن سۆزلەرنى ئېيتسۇەرسىمۇ، بىر ھەقىقىي دىنى بار گەۋدىگە ئايلىنالمايدۇ.

كىلەركى قېتىمدا مەن سىلەرگە نىمە ئۈچۈن بۇ «بەش پەرز»نىڭ بىر چوڭ ئىبادەتنىڭ تەييارلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىمەن. مىنىڭ يەنە سىلەرگە چۈشەندۈردىغىنىم، ئەگەر سىلەر بۇ بەش پەرزنى چۈشەنسەڭلار ھەم پۈتۈنلەي ئورۇندىيالساڭلار، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى تىرىشىپ ئورۇندىساڭلار، ئۇ ھالدا سىلەرنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشۇڭلارغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## ٢-لىكسىيە ناماز

مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

يۇقىرىدا مەن سىلەرگە ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندۈرگەن ئىدىم. مەن سىلەرگە يەنە ئىسلام بەلگىلىمىلىرىدىكى «بەش پەرز» توغرىسىدا چۈشەنچە بىرىمەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇلۇغ ھەم ھەقىقىي ئىبادەت ئۈچۈن تەييارلىق

قىلىشتۇر. مانا بۇ اﷲنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى مەقسىدى. بۇ «بەش پەرز »نىڭ ئىچىدە ناماز ھەممىدىن چوڭ ۋە ھەممىدىن مۇھىم. بۈگۈن مەن مۇشۇ نوقتا ئۈستىدە مەخسۇس، ئاددىيغىنە چۈشەندۈرۈش بېرىمەن.

## «ئىبادەت »ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

سىلەر ھەقىقىي «ئىبادەت»نىڭ قۇللارنىڭ ئىگىسىگە چوقۇنۇش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىڭلار. سىلەر تۇغۇلۇشىڭلاردىن تارتىپلا اﷲنىڭ قۇلى، سىلەر مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولماڭلار، اﷲنىڭ قۇلى سالاھىيتىدىن قۇتۇلالمايسىلەر. ئوخشاشلا سىلەر قانچە سائەت، قانچە مىنۇت ئىچىدە اﷲنىڭ بەندىسى، باشقا ۋاقىتتا اﷲنىڭ بەندىسى ئەمەس دېيەلمىگىنىڭلارغا ئوخشاش، سىلەر يەنە نۇرغۇن ۋاقىتلارنى اﷲقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلدىم، شۇڭا قالغان ۋاقىتلاردا ئەركىن ئادەم دېيەلمەيسىلەر. سىلەر شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار كېرەككى، سىلەر تۇغۇلۇشىڭلاردىن تارتىپلا اﷲنىڭ قۇلى، اﷲنىڭ سىلەرنى يارىتىشتىكى مەقسىتى سىلەرنى ئۇنىڭغا چوقۇنۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر. شۇڭا سىلەر پۈتۈن ھاياتىڭلاردا چۇقۇم اﷲقا ئىتائەت قىلىشىڭلار، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشۇڭلار كېرەك. ھەرگىزمۇ اﷲقا بولغا ئىبادەتنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلار كېرەك.

مەن كۆپچىلىككە ئىبادەت توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئىبادەت ھەرگىزمۇ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرىۋېلىپ، اﷲنى يادلاپ ئولتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، بۇ دۇنيادا سىلەر نىمە ئىش قىلساڭلار، ھەممىسى اﷲنىڭ قانۇنىغا ئۇيغۇن كىلىشى، سىلەرنىڭ ئۇخلىشىڭلار ياكى ئويغاق بولۇشىڭلار، يەپ-ئىچىشىڭلار، يول يۈرىشىڭلاردىن قەتئىينەزەر، بارلىق ھەركەتلىرىڭلاردا

چۇقۇم اللهنىڭ قانۇنىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشىڭلار كېرەك. ئۆيىڭلاردىكى ۋاقتىڭلاردا ئاياللىرىڭلارغا، ئوغۇل-قىزلىرىڭلارغا، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىڭلارغا، شۇنداقلا دوست-بۇرادەرلىرىڭلارغا نىسبەتەن چۇقۇم اللهنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىش قىلىشىڭلار كېرەك. سىز دوستىڭىز بىلەن بىللە كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرغا ۋاقتىڭىزدىمۇ، يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ اللهنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىڭىز ئېسىڭىزدە بولسۇن. سىز سىرتقا يەنى مالۇم ئىشلار بىلەن سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭىزدا نۇرغۇن ئادەملەرگە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن. سىلەر بۇ ۋاقىتتىمۇ يەنىلا اللهنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئېسىڭلاردا تۇتىشىڭلار كېرەك. ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىڭلاردا ئوخشاشلا الله بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىكىڭلار كېرەك. قاراڭغۇ كېچىلەردە سىلەر ھېچكىم كۆرمىدى دەپ ئويلاپ، گۇناھ ئۆتكۈزىشىڭلار مۇمكىن، لېكىن سىلەر شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتىشىڭلار كېرەككى الله سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ قورقىدىغىنىمىز پەقەت الله، ھەرگىزمۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق كىشى ئەمەس. لېكىن سىز تەنھا ئورمانلىقتا كىرسىڭىز، ساقچى ياكى گۇۋاھچىلىردىن قورقماي، بىرخىل گۇناھنى قىلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما سىز بۇ خىيالنى چۇقۇم كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىشىڭىز كېرەك. شۇنداقلا اللهنى ياد ئېتىشىڭىز كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا

سىز اﷲنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشەلەيسىز. سىز ئېرىنمەستىن ساداقەتمەنلىك بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىشىنى بىرتەرەپ قىلىشىپ بەرسىڭىز، ئۆزىڭىز خۇددى چوڭ زىيان تارتىپ كەتكەندەك ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن سىز چوقۇم شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، بۇنداق سادىق، سەممىي قىلمىشىڭىز چوقۇم اﷲنىڭ يەخشى كۆرىشىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا جىمجىت ئولتۇرۇپ، تەسۋىي سىرىش ھەرگىزمۇ ئىبادەت ئەمەس. ئەكسىچە كۈندىلىك تۇرمىشىڭىزدا ئىبادەت قىلىشىڭىز، اﷲنىڭ قانۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلىشىڭىز، اﷲنى ياد ئېتىشىڭىز، ھەرگىزمۇ ئېغىزدىلا دەپ قويماي، چىن كۆڭلىڭىز بىلەن اﷲنى ياد ئىتىشىڭىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇش جەريانىدا اﷲنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىدىغان نۇرغۇن يىتەرسىزلىكرىڭىز بولىدۇ. زور پايدىغا ئېرىشىش ئالدىدا ياكى زور خەۋپكە دۇچ كىلىش ئالدىدا، تەمتىرىمەي اﷲنى ياد ئېتىشىڭىز، ئۇنىڭ ھەممە قانۇنلىرىغا بويسۇنىشىڭىز كېرەك. مانا بۇ اﷲنى ھەقىقىي ياد ئەتكەنلىك بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم » سۈرە جۇمۇئە ١٠-ئايەتتە اﷲنى ياد ئېتىشى توغرىسىدا مۇنداق دىيىلگەن. «ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، اﷲنىڭ

پەزىلىدىن تەلەپ قىلغىلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن اللهنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.»

## ناماز پايدىسى

هازىر سىلەر «ئىبادەت» نىڭ مەنىسىنى ئىسىڭلاردا چىڭ تۇتتۇڭلار، شۇنداقلا قانداق پەزىلەت بولسا، ئاندىن بۇ چوڭ «ئىبادەت» نى ئورۇنلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە ناماز بولسا بۇ خىل پەزىلەتلەرنى قانداق شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭلار.

١. ئۆزىدە ئاۋال بىر قۇللۇق (بەندىلىك) تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك.

ئاۋال ئۆزىڭىز ھەقىقىي ھالدا ئۆزىڭىزنى اللهنىڭ بىر قۇلى (بەندىسى) ھېس قىلىشىڭىز كېرەك. سىز بۇ ئۆمۈرىڭىزدە مەيلى قانداق ئىشلار بىلەن اللهقا ئىتائەت قىلماڭ، بۇ نوقتىنى دائىم ئىسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەك. چۈنكى ئادەمنىڭ قەلبىگە شەيتان يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ توختىماي كىشىلەرگە «سەن مېنىڭ بەندىلىرىم» دەپ تۇرىدۇ. ئەمما زامانىمىزدا مىلياردلىغان شەيتان بولۇپ، ئۇلارمۇ كىشىلەرگە «سەن مېنىڭ قۇلۇم» دەيدۇ. بىر ئادەم كۈنىگە نەچچە قېتىم ئۆز - ئۆزىگە «مەن ھەرگىزمۇ شەيتاننىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى اللهنىڭ قۇلى» دەپ ئۆزىنى سەگەكلەشتۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا شەيتاننىڭ ھىلىسىنى (ئازدۇرشىنى) پاچاقلاپ تاشلىماق تەس بولىدۇ. بۇ خىل تەنبىھ بىرىش خىزمىتى ناماز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەتىگەندە ئورۇندىن تۇرۇپ، بىر كۈنلۈك خىزمەتنى باشلاشتىن بۇرۇن ناماز ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى سەگەكلەشتۈرۈپ تۇرىشىڭىز كېرەك. كۈندۈزدىكى ئالدىراش ۋاقتىڭىزدا، ناماز سىزنى ئۈچ قېتىم سەگەكلەشتۈرىدۇ. ئۇخلاشنىڭ ئالدىدىكى ناماز بولسا سىزنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سەگەكلەشتۈرىدۇ. مانا بۇ نامازنىڭ بىرىنچى پايدىسى.

٢. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى

سىز ئۆيىڭىزدە ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنۇت اﷲنىڭ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىپ تۇرىدىكەنسىز، ئەلۋەتتە سىز چوقۇم اﷲنىڭ بۇيرۇقىنى دەل ۋاقتىدا ئىجرا قىلىدىغان بىرخىل ئادەتنى يېتىلدۈرىۋېلىشىڭىز كېرەك. بىر ئادەم ئەگەر زىممىسىگە ئالغان مەجبۇرىيەتنى بىلمىسە، ئۇ كىشى ھەرگىزمۇ بىر مەسئۇل خادىم بولالمايدۇ، شۇڭا ئەگەر بىرسى مەسئۇلىيەتنى چۈشۈنۈپ، ئۇنى ئىجرا قىلىشنى تەشۋىق قىلمىسا، يەنى بىلىپ تۇرۇپ ئىجرا قىلمىسا، بىر كۈندىكى ١٢ سائەتتە ئۇ ھەرگىزمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن نۇرغۇن بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلالمايدۇ.

٣. ئىتائەتمەنلىك بىلەن قەتئىي ئىجرا قىلىش

ھەربىيگە قاتناشقان ۋە ياكى ساقچى بولغان كىشىلەر بىلىدۇ. ئۇلار ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قانداق تەربىيلەنگەن؟ ھەر كۈنى سەھەردە قانچە قېتىم پۈشتەك چېلىنىدۇ؟ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بۇيرۇقنى ئاڭلاپلا بىريەرگە يىغىلىپ بۇيرۇق كۈتۈش ئادەتكە ئايلانغان. باشلىنىشتىلا ھورۇنلۇقتىن ھەربىيچە تۇرمۇشقا كۆنەلمىگەن ياكى پۈشتەك ئاۋازىنى ئاڭلاپمۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك تۇرىۋەرگەن ياكى گۇرۇپپىلارغا ئايرىغاندا ماڭالماي قالغانلارنىڭ ھەممىسلا شاللىنىۋېتىلىدۇ. نامازمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا كۈندە بەش ۋاخ ناماز ۋاقتى بولۇش بىلەن اﷲقا بويسۇنغۇرىلار دەرھال ھەرتەرەپتىن بىر يەرگە يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ اﷲنىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرىغا ئاكتىپ بويسۇندىغانلىقىنى ئىسپاتلىشىدۇ. ناماز ۋاقتى بولغاندىمۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك يۈرىۋېرىدىغانلىكى مۇسۇلمان مەسئۇلىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدى ئەمەس دېيىلگەندە، بەكمۇ دۆتلۈكىدىن اﷲنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇندا تۇتۇشقا مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

مانا مۇشۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ناماز چاقىرىقىنى ئاڭلاپمۇ نامازغا كەلمىگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتكۈم بار.» دىگەن. بىر مۇقەددەس تەلىمدە «ناماز كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا» دەپ ئېنىق سۆزلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھۆكۈمران دەۋردە پەقەت كوللىكتىپ

نامازغا قاتناشقان كىشىلا مۇسۇلمان دەپ قارىلىدۇ. ۋەھالانكى مۇناپىقلارنى ئەيىپلەش قانداقتۇر ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ناماز ئوقۇغاندىكى قىزغىنلىق كەم بولۇش ۋە چىچىلاڭغۇ بولۇشتەك پوزىتسىيەدىندۇر. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن:

«ئۇلار ناماز ئۇچۈن تۇرغاندا خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ ( ساۋاب ئۈمۈد قىلمايدۇ).» ( سۈرە نىسا ١٤٢- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىلەر مۇسۇلمان دەپ قارالمايدۇ. چۈنكى، ئىسلام بىرخىل ئېتقاد بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئەمەلىيەتكىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئۆمۈر بويى سادىق بولۇپ، كاپىرلار ۋە رەزىللىكلەر بىلەن كۆرەش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. شۇڭلاشقا ئۇ دائىم اللهنىڭ ئەمىر _ مەرۇپلىرىنى تىز سۈرئەتتە ئىجرا قىلىشى لازىم. بۇخىل سەزگۈرلۈك كەم بولغان ئادەم، ئىسلامغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي ھېچقانداق ئەھمىيتى يوقتۇر. شۇڭا الله بىر كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇشنى بۇيرۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغانلارنى ئۆزىنىڭ راستىن بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلىش _ بىلمەسلىكىنى سىنايدۇ. كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا اللهنىڭ ئەمىر مەرۇپلىرىنى بىجا كەلتۈردىمۇ _ يوق؟ ئەگەر بىر ئادەم اللهنىڭ چاقىرقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنىلا كارى بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئىسلام يولى بويىچە ياشاش نىيىتىنىڭ يوقلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ھەم شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئىشىنىشىنىڭمۇ ھېچقانداق مەنىسى (ئەھمىيتى) قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا قۇرئاندا:

«شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار اللهنى ئالدىماقچى بولىشىدۇر، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۇچۈن تۇرغاندا، خوش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمۈد قىلمايدۇ)، نامازنى كىشىلەرگە كۆرستىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ ( يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ)، اللهنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ.» (سۈرە

نىسا ١٤٢- ئايەت).

مەنىسى: پەقەت ئاشۇ ئىسلام يولى بويىچە ياشاش نىيىتى يوق كىشىلەرلا نامازنى جاپالىق ئىش دەپ قارىشىدۇ، ناماز ئوقۇش _ جاپالىق دەپ قارىغان ئادەم اللهقا خىزمەت قىلىش، اللهقا ئېتقاد قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس.

٤. اللهتىن قورقۇش

ئۆچۈنچى خىل ئامىل «اللهدىن قورقۇش»نى دائىم ئەستە تۇتۇش كېرەك. بىر مۇسۇلمان ئادەم اللهنىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى، بارلىق ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىگە، گەرچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، اللهنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئۆزى يىگانە تۇرغاندىمۇ، اللهنىڭ يەنىلا ئۆزى بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە ۋە پەقەت شۇنداقلا قىلسا، ئاندىن ئۇ ئىسلام يولىدا ماڭالايدۇ. ئۇ پۈتۈن دۇنيادىن يوشۇرالىشى مۇمكىن، لېكىن اللهدىن يوشۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

# ٤- بۆلۈم روزا

## ١- لىكسىيە ھەر بىر ئۈممەت چوقۇم روزا تۇتۇشى كېرەك

مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

اللهنىڭ بەلگىلىگەن ئىككىنچى ئىبادەت _ روزا تۇتۇشتۇر. روزا تۇتۇشنىڭ مەنىسى كۈندۈزدە تاماق يېيىشنى چەكلەشتۇر. باشتىكى نامازغا ئوخشاش بۇ خىل ئىبادەتمۇ باشلىنىشدىنلا ھەر قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە چوقۇم ئىجرا قىلىش لازىم دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن روزا تۇتۇشنىڭ ئىنچىكە پىرىنسىپلىرى روزا كۈنى، روزا مەزگىلى قاتارلىقلار توغرىسىدا ھەرقايسى ئۈممەتلەرنىڭ روزىسىدا پەرق ساقلانغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆپلىگەن دىنلار روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت بەلگىلىمىنى ئۆزگەن بولۇپ، گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر روزىدەك بولۇپ نۇرغۇنلىغان بەلگىلىمىلەرنى كۆپەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاستىن - ئۈستىن

بولۇپ كەتكەن.

قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.» (سۈرە بەقەرە ١٨٣-ئايەت)

بۇ ئايەتتىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، الله چۈشۈرگەن «سۈرە»لەرنىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتۇش ھەققىدە بەلگىلىمە بار.

## روزا تۇتۇش نېمىشقا قانۇنلاشتۇرۇلىدۇ؟

ئويلاپ بېقىڭلار، الله ھەربىر يەردە روزا تۇتۇشنى قانۇنلاشتۇرغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى  بىلەلەيمىز.

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اللهقا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇش

ئىلگىرى مەن نەچچە قېتىم كۆپچىلىككە چۈشەندۈرگەن ئىسلامنىڭ ھەقىقى مەقسىدى _ ئىنسانلارنى، پۈتكۈل ھاياتلىقنى اللهنىڭ «ئىبادەت»تىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنى پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اللهنى مەدھىيىلىشى، ھەر قاچان، ھەر زامان ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرىشى لازىم، قانداق ئۇسۇللارنى قوللانغاندا اللهنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى، قانداق ئۇسۇللارنىڭ اللهنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىش لازىم. شۇڭا بىز اللهنىڭ شەپقىتىگە يەتكۈزىدىغان يولغا چوقۇم رىئايە قىلىشىمىز لازىم. ھەمدە اللهنىڭ غەزىۋىگە دۇچار قىلىدىغان يولدىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز لازىم. ھەر بىر ئادەم چوقۇم اللهنى مەدھىلەيدىغان يولنى تاللىۋېلىشى، ئۆزىنى قىيىنچىلىقتا قويىدىغان يولدىن يىراقلىششى لازىم. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھاياتى مانا مۇشۇنداق ئىددىيە بىلەن تولغان بولسا، ئۇ اللهقا ھەمدۇ _ سانا ئوقۇش مەسئۇلىيتىنى ئادا قىلغان ھەقىقي ئىنسان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ قۇرئاننىڭ سۈرە زارىيات ٥٦-ئايەتتىكى مۇنۇ مۇھىم كۆرسەتمىنى ئورۇنلىغاندۇر: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى

پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.»

١.ئىبادەت _ ھەمدۇ- سانا ئوقۇش مەشقىدۇر

ئالدىنقى مەزمۇنلاردا ناماز، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، زاكات بېرىش توغرىسدا سۆزلىدۇق. بۇلارنىڭ تۈزۈم بولۇپ بېكىتىلىشى، بىزنىڭ شۇ ئىبادەتلەرگە ئۆزىمىزنى ئادەتلەندۈرشىمىز، بۇيۈك بىر قۇدرەت ئىگىسىگە بويسۇنۇش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈندۇر. بۇلارنىڭ تۈزلۈشى الله نىمىنى تەلەپ قىلسا، چوقۇم شۇنى قىلىشقا قەزدارسەن دېگەنلىك ئەمەس. ھەر كۈنى ٥ ۋاخ ناماز ئوقۇسۇن، رامىزان ئېيىدا ٣٠ كۈن روزا تۇتسۇن، قولىدا بولسا زاكات بەرسۇن، ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلسۇن، شۇندىلا سىنىڭ اللهقا بولغان قەرىزىڭ تۈگەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بۇلارنىڭ تۈزلىشىنىڭ ئاساسى مەقسىدى _ بىر ئادەمنى مەشىق قىلدۇرۇپ، ھاياتىدا ئۇنى اللهنىڭ بىر ئىبادىتىگە ئايلاندۇرۇشتۇر. بۇ مەقسەت بىلەن روزا تۇتۇشنىڭ ئادەمنى «ئىبادەت»كە يەتكۈدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

٢.روزا تۇتۇش- بىرخىل ئىبادەتتۇر

روزا تۇتۇشتىن باشقا بارلىق دىنى پەرزلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى سىرتقى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ناماز ئوقۇغاندا ئادەم ئۆرە تۇرىدۇ، تىزلىنىدۇ، ئولتۇرىدۇ، ئىگىلىدۇ، سالام قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىنى ئادەم كۆرەلەيدۇ. ھەج قىلىش توغرىسىدا سۆزلىسەك، ئۇ مىليۇنلىغان ئادەملەر بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنداىدىغان ئۆزۈن سەپەردۇر. سەدىقە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە پۇل — مالنى ئۆز ئىختىيارلىقى، رازلىقى بىلەن بېرىشتۇر. بۇ دىنى پەرزلەر ئادەمنى رازى قىلالمايدۇ. ئەگەر سەن قىلساڭ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنىدۇ. ئەگەر سەن قىلمىساڭمۇ باشقىلارنىڭ ھەممىسنى بىلىسەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە روزا تۇتۇش بىر كۆرۈنمەس ئىبادەتتۇر. ئۆز چاكارلىرىنىڭ روزا تۇتقان — تۇتمىغانلىقىنى بىر ئادەمنىڭ باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا تاماقنى بۇرۇن يەپ، ئۇنى تا كەچ بولغىچە ئىزچىل رىئايە قىلغان — قىلمىغانلىقنى پەقەت ھەممىگە قادىر الله ئۆزىلا بىلىدۇ.

ئەگەر بۇ مەزگىلدە ئوغرىلىقچە يېمەك – ئىچمەك ئىستىمال قىلىۋالسا، اللهدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى روزا تۇتتى دەپ قارايدۇ. ئەمىلىيەتتە روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغان ھېسابلىنىدۇ.

٣.روزا تۇتۇش _ ئىماننى كۈچەيتىشنىڭ بەلگىسى

بىر ھەقىقىي روزا تۇتقان ئادەم كالپۇكلىرى قۇرۇپ، ئۇسساپ كەتسىمۇ، قورساقلىرى ئېچىپ تارتىشىپ كەتسىمۇ قەتئىي ھالدا بىر تېمىم سۇ ياكى بىرەر نەرسە يېمەسلىكى كېرەك. بۇ خىل ئادەم، كۆرۈنمەس الله ئۈچۈن روزا تۇتىۋاتقان بولۇپ، سىلەر ئۇنىڭ ئېتىقادىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلىكىنى كۆرەلەيسىلەر. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتى اللهقا بولغان قورقۇنۇچقا تولغان، ئۇنىڭ تارتىشىپ كەتكەن قورسىقى، اللهقا بولغان قورقۇنچ تۈپەيلىدىن روزىنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. پۈتۈن بىر ئاي ئىچىدە ئۇ ئاز دېگەندە ٣٦٠ سائەت روزا تۇتسا، ئۇنىڭ ئاخىرەتنىكى جازا ۋە مۇكاپاتقا بولغان ئېتىقادىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاخىرەتنىكى جازا ۋە مۇكاپاتقا نىسبەتەن گۇماندا بولىدىكەن ئۇنداقتا، ئۇ ئۆزىنىڭ روزىسىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. مۇبادا ئۇنىڭدا گۇمانىي قەلبلا بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇنداق ئادەم يېمەي – ئىچمەي يۈرسىمۇ اللهنىڭ روزا تۇتۇش قانۇنىغا بويسۇنغان بولمايدۇ.

٤. بىر ئاي ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان مەشىق

روزىنىڭ پەرز بولىشىدىكى ھېكمەت _ ھەر يىلى توپتوغرا بىر ئاي ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى سىنايدۇ. ئومۇمەن بۇ سىناقتىن ئۆتەلىگەنلەرنىڭ ئېتىقادى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. ئەگەر سەن بىر ئادەمگە بىرەر ئىش قىلىشنى ھاۋالە قىلساڭ، ئالدى بىلەن بۇ ئادەمنىڭ سەممىي ياكى سەممىي ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ سىنىشىڭ كېرەك. ئوخشاشلا الله توپتوغرا ھەركۈنى ١٢ سائەتتىن ١٤ سائەتكىچە بىر ئاي ئىچىدە ساقا بولغان سىناقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ. ئەگەر سەن بۇ سىناقتىن ئۆتەلىسەڭ، ئۇ ھالدا سېنىڭ گۇناھ

ئىشلارغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشىدۇ. چۈنكى سەن اللهدىن قورقىسەن. ھەرقانداق ئەھۋالدا، چوقۇم ئەستە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، ھامان بىر كۈنى بارلىق ئىشلار ئاشكارىلىنىدۇ. ھېچقانداق سىر قالمايدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىققا ئۆزى لايىق جازا ۋە مۇكاپات بېرىلىدۇ. قۇرئاندا بۇھەقتە مۇنداق دېيىلگەن «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغانىدەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.» (سۈرە بەقەرە ١٨٣- ئايەت)

٤. بويسۇنۇشنى ئۆزۈن مەزگىل قىلىش

بۇ روزا تۇتۇشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئادەمنى بىر قەدەر ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە، شەرىئەتكە بويسۇنۇشقا كۆندۈرىدۇ. ھەر قېتىملىق ناماز بىرنەچچە ئون مىنۇتتىن ئاشمايدۇ. زاكات بېرىش ھەر يىلدا پەقەت بىر قېتىم بولىدۇ. ھەج قىلىشنىڭ ۋاقتى نىسبەتەن ئۇزۇن بولسىمۇ، پەقەتلا ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدۇ. (پەقەت شەرتكە مۇۋاپىق كەلسە). ئۇنىڭ ئەكسىچە، روزا تۇتۇش اللهنىڭ بۇيرۇقىغا رىئايە قىلىش بولۇپ، بىر يىلدا بىر ئاي بولىدۇ. سەن يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ تاماق يەيسەن، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن يېمەك – ئىچمەكنى توختىتىسەن. كۈندۈزدە روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان ھەرقانداق خىزمەتنى قىلساڭ، چەكلىنىدىغان ئىشنى قىلمىساڭ بولىدۇ. كۈن ئولتۇرۇپ، تاكى ئىپتار بولغىچە شۇنداق قىلىشىڭ لازىم. تاماقتىن كېيىن، ئىشلىرىڭنى ئازايتىپ، ئارام ئالىسەن. دەل مانا مۇشۇنداق بىر يىلدا توپتوغرا بىر ئاي تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ، كۈن ئولتۇرغىچە، كۈن ئولتۇرۇشتىن تارتىپ تاڭ يورۇغىچە داۋاملاشتۇرىسەن. بىر مۇسۇلمان خۇددى ھەربىي قىسمدىكى بىر ئەسكەرگە ئوخشاش، بۇ خىل قائىدە - تۈزۈمگە ئۈزلۈكسىز رىئايە قىلىشى كېرەك. شۇندىلا بۇندىن كېيىنكى ١١ ئاي ئىچىدە بىر ئايلىق مەشىقنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا، كېلەر يىلدىكى مەشىقتە تولۇقلىسىمۇ بولىدۇ.

**٥. پايدىلىق كوللىكتىپ مەشىق قىلىش مۇھىتى**

بۇ خىل ئۇسۇل شەخسنىڭ مەشىق قىلىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھەربىي قىسىمدىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ يەككە ھالدا كۆرەك ئۆتكۈزۈشىگە بۇيرۇق قىلىنمايدۇ. ھەربىي سىگنال چېلىنغان ھامان كۆپچىلىك بىرلا ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداقتا ئاندىن بىر خىل قوشۇن روھىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، A ئادەمنىڭ مەشقى B ئادەم تەرىپىدىن ئورۇنلىنىشى، B ئادەمنىڭ كەمچىلىكى C ئادەم تەرىپىدىن تولدۇرۇلىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا روزا تۇتۇش، روزا ئېيىدا ئالاھىدە بەلگىلەنگەن. شۇڭا مۇسۇلمانلار بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ بىردەك روزا تۇتۇشى كېرەك. بۇ بۇيرۇق يەككە شەخسنىڭ ئىبادىتىنى كوللىكتىپ ئىبادەتكە ئايلاندۇرىدۇ. خۇددى بىرنى يۈز مىڭغا كۆپەيتسە بىر چوڭ سان يۈز مىڭ بولغاندەك، ئەگەر بىر مىليون ئادەم بىرلا ۋاقىتتا روزا تۇتسا، ئۇ ھالدا بىر ئادەم روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن روھى پاكى ئەدەپ – ئەخلاق جەھەتتىكى شەپقەت بىر مىليون ھەسسە كۆپىيىدۇ. روزا ئېيى پۈتۈن مۇھىتنى ئىززەت – ئىكرام ۋە گۈزەل ئەخلاقتا پۈركەيدۇ. پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىززەت – ئابروي روھىي كۆتۈرلىدۇ. پەقەت يەككە شەخس ئامالنىڭ بارچە گۇناھتىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. قىيىنچىلىقتا قالغاندا، ئۇنىڭ روزا تۇتقان قېرىنداشلىرى كىلىپ ياردەم بىرىدۇ. روزا تۇتقان ئادەم گۇناھى ئۈچۈن نومۇس قىلىدۇ. ھەر قەلبتە تەبئىي ھالدا بىر خىل ياخشى ئىش ھەركەت ئارزۇسى پەيدا بولىدۇ. نامراتلارغا ئوزۇق - تۈلۈك ياردەم قىلىدۇ. گۇناھ بولىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ يامراپ كىتىشنى چەكلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق مېھرى – مۇھەببەت ۋە ئىززەت ھۆرمەت بىلەن تولغان كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. خۇددى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مول ھوسۇلنى يىغىۋېلىش پەسلىدىكىدەك ھەممە يەردە كۆز يەتكۈسىز پاك ۋە گۈزەل كەيپىيات بارلىققا كىلىدۇ. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىيەتنىڭ ياخشى ئىش ھەرىكتى ئۈچۈن الله ١٠ ھەسسىدىن ٧٠

ھەسسىگىچە بولغان تەقداشسىز ئىنئاملارنى ئىلتىپات قىلدى.» بىراق، الله تاالله مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتقۇچى بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدۇ، بارلىق ئىشلارنى مەن بەلگىلەيمەن. مەن ئۇنىڭغا قانچىلىك ئىلتىپات قىلىشنى خالىسام، شۇنچىلىك ئىنئام قىلىمەن.»

بۇ بىر ئابزاس ھەددىدىستىن بىلەلەيمىزكى، بارلىق ياخشى ئىش ھەرىكەت قىلغۇچىلار ئۆز نىيىتى ۋە ئۇنۇمىگە ئاساسەن ئىلتىپاتقا ئېرىشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ چەكلىمىسى بار. لېكىن روزا تۇتقۇچىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنئام ئېلىش چەكسىزدۇر. روزا ئېيىدىن ئىبارەت ئىززەت ھۆرمەت ۋە ياخشى ئىش گۈللىنىدىغان پەسلىدە بىرلا ئادەملا ئەمەس بەلكى مىليۇنلىغان ئادەملەر كوللىكتىپ ھالدا بۇ گۈزەل ئەخلاق باغچىسىغا كىرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ دائىرىسى چەكسىز ھالدا كېڭىيىدۇ. بۇ ئايدا سىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىڭ كۆپەيسە، سەن ئېرىشىدىغان ئىنئامىمۇ كۆپىيىدۇ. بەلكى سىزنىڭ ئېرىشكەن بۇ ئىلتىپاتلىرىڭىزمۇ باشقا قېرىنداشلىرىڭىزغا ئورتاق بولىدۇ. ئەگەر قالغان ١١ ئاي ئىچىدە سەن بۇ ھالەتنى ساقلاپ، ئارقىغا چېكىنمىسەڭ، بۇ باغچىنىڭ گۈللىرىنىڭ پۇرىقىنى ساقلىيالىساڭ، چەكسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىسەن. ئەگەر سەن ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانمىساڭ، ئۇ ھالدا بۇ سىنىڭ خاتالىقىڭ.

## ئۇنداقتا ئىبادەتنىڭ نەتىجىسى قەيەردە؟

ھەر قايسىڭلار روزا تۇتۇشنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سورىشىڭلار چوقۇم. بۇگۈن بۇ خىل ياخشىلىقلارنى كۆرەلمىدۇق. بىز ھەم روزا تۇتتۇق ھەم ناماز ئوقۇدۇق، بىراق سەن ئېيتقان ياخشىلىقلارنى كۆرەلمىدۇق. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى مەن ئاللىقاچان سىلەر بىلەن سۆزلەشكەن.

ئىسلامنىڭ مەزمۇنى مۇبادا بۆلىنىدىكەن ياكى بەزى يېڭى نەرسىلەر ئارىلىشىدىكەن، سىلەر ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرۈشنى ئويلىماڭلار. چۈنكى ئۇنىڭدىكى بارلىق تۈزۈملەر مۇكەممەل ۋە نۇقسانسىزدۇر. ئىككىنچى سەۋەب سىلەرنىڭ

ئىبادەتكە تۇتقان پوزىتسىيەڭلاردا ئۆزگىرىش بولدى. سىلەر ئەتتىگەندىن كەچكىچە يېمەي _ ئىچمەي يۇرۇشنى ئىبادەت دەپ قارايسىلەر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا %98 ئادەم ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي روھىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ. ئۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھەربىر ئىش – ھەركىتىڭلارغا سىڭىپ كىرىشى كېرەك. شۇڭا سىلەرنىڭ بۇ ئىبادىتىڭلار تولۇق ئىلتىپات پەيدا قىلالمايدۇ. ئىسلامدا ھەممە ئىشتا نىيەتكە، چۈشۈنۈش ئىقتىدارىغا، بىلىش ئىقتىدارىغا قارايدۇ. تۆۋەندە كۆپچىلىككە بۇ مەسىلە ھەققىدە تېخىمۇ ئىنچىكە سۆزلەيمەن.

# ٢. لېكسىيە روزا تۇتۇشنىڭ ھەقىقىي مەقسىدى

## ھەربىر ئىشتا مەقسەت بار

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئىنسانلار قىلىشقا تېگىشلىك ھەربىر ئىشتا مۇنداق ئىككى خىل ئامىل بار. بىرىنچى ئامىل _ بۇ قىلىشتىكى مەقسەت. ئىككىنچى ئامىل _ قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىش. مەسىلەن: نەرسە يېيىشنى مىسال قىلايلى، سىزنىڭ نەرسە يېيىشتىكى مەقسىدىڭىز ھاياتىڭىزنى ساقلاش. بۇ مەقسەتنى تاماملاشنىڭ ئۇسۇلى بولسا بىر پارچە يېمەكلىكنى ئاغزىڭىزغا سېلىپ، چايناپ ھەزىم قىلىشتۇر.

بۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشتىكى ئۇسۇلىڭىز دەل بۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك، ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدۇر. كۆپچىلىككە ئايانكى، مۇھىم مەقسەت تاماقنى يېيىش، لېكىن سەن قوللانغان ئۇسۇل ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر سىقىم ياغاچ كېپىكى ياكى لاينى ئېلىپ، ئېغىزىغا سېلىپ چاينىسا، سىز قانداق ئويلايسىز؟ سىز چوقۇم بۇ ئادەم ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەيسىز.

نېمىشقا؟ چۈنكى بۇ نادان نەرسە يېيىشنىڭ ھەقىقىي مەقسىدىنى ئۇقمايدۇ. بەلكى ئۇ يۇقۇرىدىكى ٤ ھەرىكەتنى ئورۇنلاش نەرسە يېيىش بىلەن باراۋەر دەپ

قارايدۇ. ئوخشاشلا بىر ئادەم يېمەكلىك يىسۇن ھەمدە بارمىقنى گېلىغا تىقىپ، يىگەن يىمەكلىكنى قۇسۇۋەتسۇن، ئاندىن نارازى بولۇپ، نىمىشقا نەرسە يېگەندىن كېيىن ئېرىششكە تېگىشلىك لەززەتلەرگە ئېرىشەلمەيمەن؟ دەپ غودۇڭشسۇن، ئەكسىچە ئۇ كۆندىن كۈنگە ئورۇقلاپ، ھالاكەتكە يۈز تۇتسۇن. سەن چوقۇم بۇ ئادەم ساراڭ ئىكەن دەيسەن. بىر ئەخمەق كۈندىن كۈنگە ئورۇقلاپ كىتىپتۇ. ئۇ يىمەكلىكتىن ئاغرىنىشقا باشلاپتۇ. بەلكى سەۋەبىنىڭ ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقماپتۇ. ئۇنىڭ ئەقلى نورمال بولمىغانلىقىدىن، پەقەت نەرسە يېيىشنىڭ ھەركىتىنى تاماملىساملا ھاياتى كۈچۈمنى ساقلاپ قالالايمەن دەپ قاراپتۇ. شۇڭا ئۇ بۇ نەرسىلەرنى نىمىشقا قورسۇقۇمغا يەيمەن؟ نىمىشقا ئۇنى تاشلىۋەتمەي ئاشقازىنىمنى يىنىكلەتمەيمەن؟ دەپ ئويلىماي، مەن ئاللىقاچان نەرسە يىيىشتىكى ھەركەتنى تاماملىدىم دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ شۇنداق ئەخمەقانە ئويلاپلا قالماستىن بەلكى ئەمەلدە كۆرسىتىپتۇ. شۇڭا ئۇ تەبىئى ھالدا جازاغا ئۇچراپتۇ. ئۇ بىلىشى كېرەككى، يىمەكلىك ئاشقازانغا بارغاندىن كېيىن ھەزىم بولۇش ئارقىلىق قان سۈيۈقلىقىغا ئايلىنىپ، بەدەننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئاقىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ھاياتنى ساقلاپ قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. شەكىلدىكى ھەركەت ناھايتى مۇھىم. چۈنكى بۇ ھەركەتلەر بولمىسا، بولكا ئۆچەي، ئاشقازانلارغىمۇ كىرمەيدۇ. بىراق يەككە ھالدا بۇ مەقسەتلەرگە تايىنىش ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكىلىمۇ بولمايدۇ. يەككە ھالدا بۇ ھەركەتلەرنى ئورۇنلاش سېھىرگەرلەردەك ئۇنۇم پەيدا قىلالمايدۇ. قان سۈيۈقلۇقى ئادەمنىڭ قان تومۇرلىرىدا سىرلىق ھالدا ئايلانمايدۇ. قان سۈيۈقلىقى الله بەلگىلىگەن قانۇنغا ئاساسەن پەيدا بولغان. ئەگەر بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇ پەقەت ئۆز – ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش بولىدۇ، خالاس.

## سىرتقى كۆرنۈشنى راست دەپ قاراشنىڭ ئاقىۋىتى

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن سىلەر نېمىشقا قىلغان ئىبادەتلىرىڭلارنىڭ

بۇگۈن ئۇنۇم پەيدا قىلالمىغانلىقىنى چۈشەندىڭلار. مەن ئاللىقاچان كۆرسىتىپ ئۆتكەن، كۆپچىلىكنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى – ناماز، روزا تۇتۇش ھەمدە بارلىق سىرتقى ھەركەتلەرنى ھەقىقىي ئىبادەت دەپ قارىۋالغانلىقىدا. يەنى پەقەت ھەركەتلەرنى ئورۇنلىساق اللهنىڭ ئىبادىتىنى ئورۇنلىغان بولىمىز دەپ قارىۋالغانلىقىدا. سىلەر خۇددى يۇقۇردىكى ٤ ئادەمگە ئوخشاش ٤ خىل ھەرىكەتنى تامالىساڭلار (يېمەكلىك ئېلىش، ئېغىزىغا سېلىش، چايناش، يۇتۇش) يېيىشنىڭ تەرتىۋىنى ئورۇنلىغان بولىسىلەر. كىم بۇ خىل ٤ ھەرىكەتنى ئورۇندىسا، شۇ نەرسە يېگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ھەمدە نەرسە يېيىشنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن بەھرىمان بولىدۇ. يىگەن نەرسىنىڭ قۇم - تاش بولۇشى ياكى بولكا بولىشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا قۇسۇپ چىقىرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئەتىدىن كەچكىچە روزا تۇتۇپ «ئىبادەت» ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشقان بولسا، لېكىن ئۇ يالغان سۆزلەپ كەيندىن گەپ قىلىدىغان بولسا، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار، بۇ ئادەم راستىنلا «ئىبادەت» ئىچىدىمۇ؟ ئۇ نېمىشقا كىچىلىكتە بىر ئىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ؟ سەتلىشىدۇ؟ ئۇ قانداقسىگە باشقىلارنىڭ ھوقۇق – مەنپەئىتىگە زىيان سالىدۇ؟ قانداق قىلىپ ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان بايلىقنى ئېلىپ، توغرا بولمىغان ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ؟ بۇ نۇرغۇنلىغان ئىشنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى اللهنىڭ ئىبادىتىنى تاماملىدىم دەپ قارايتۇ. بۇ خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغان قۇم – شېغىل يېگەن ئادەمگە ئوخشاش ئۆزىنى نەرسە يېيىشنىڭ ٤ خىل ھەرىكىتىنى ئورۇنلىدىم، شۇڭا بۇ نەرسە يېگەنگە ھېساب دەپ قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## روزا ئېيىدىن كېيىن

بىر ئايلىق روزا ئېيىدىن كېيىن، تەخمىنەن ٣٦٠ سائەت ئىچىدە اللهنىڭ ئىبادىتىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، سىنىڭ بارلىق ئىززەت – ئىھراملىرىڭنىڭ ئۇنۇمى قانچىلىك بولدى؟

سىلەر خۇددى ھىندىستانلىقلارنىڭ بايرام ئۆتكۈزگىنىگە ئوخشاش روزا ھېيت باشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردە ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، پاھىشۋازلىق قاتارلىق ناچار ھەركەتلەرنى قىلدىڭلارمۇ – يوق؟ ئىلگىرى مەن بەزى ناچار ئادەملەرنى كۆرگەن، ئۇلار كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ھاراق ئىچىپ پاھىشۋازلىق قىلىدۇ. ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار اللهنىڭ شەپقىتىگە ھەمدۇ – سانا ئوقۇپ، چۈشكۈنلۈكنىڭ بۇ دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمەيدۇ. لېكىن روزا ئېيى ئۆتكەن ھامان سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى قانچىلىك ئادەم روزا ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئازراق بولسىمۇ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىززەت – ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ؟ اللهنىڭ قايسى بىر تۈرلۈك قانۇنىغا خىلاپلىق قىلمايدۇ؟ سىلەر قانچىلىك ۋاقىت سەربىپ قىلىپ ياخشى ئىش قىلدىڭلار؟ سىلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكىڭلار قانچىلىك ئازايدى؟

## «ئىبادەت»كە بولغان خاتا قاراشنىڭ ئاقىۋىتى

ئىنچىكە ئويلاپ بېقىڭلار، زادى نېمە سەۋەپتىن مۇشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟ سىلەرگە ئېيتىپ بېرەيلى، بىردىن – بىر سەۋەب سىلەر ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىپ، پەقەت بىر كۈن يېمىسە، ئىچمىسىلا روزا تۇتقانلىق بولىدۇ، مانا بۇ ئىبادەت بولىدۇ دەپ قارىدىڭلار، شۇڭا سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ.

سىلەر اللهتىن قورقۇڭلار، خالىغانچە روزا بۇزۇشقا جۈرئەت قىلماڭلار. ھەتتا ھاياتىڭلارغا خەۋپ يەتكەندىمۇ روزىنى بۇزساڭلار بولمايدۇ. لېكىن سىلەر پەقەت يەپ – ئىچىشتىن چەكلىنىشنىڭ ئۆزىلا ھەقىقىي ئىبادەت ئەمەسلىكىنى بىلمەيسىلەر. ئۇ پەقەتلا بىر شەكىل. بۇ خىل شەكىل كىشىنى اللهدىن قورقۇتىدۇ، اللهنى سۆيدۈرىدۇ، سېنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىش كۈچۈڭنى ئاشۇرىدۇ. سىنى شەكىل جەھەتتىكى ساڭا پايدىلىق، ئەمىلىيەتتە الله ئۆچ كۆرۈدىغان ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن سىنىڭ ئۆزۈڭنى كونتۇرۇل قىلغۇزىدۇ ھەمدە

شەكىل جەھەتتە ساپلا زىيانلىق ئەمەلىيەتتە الله ياخشى كۆرۈدىغان ئىشلارنى قىلغۇزىدۇ.بىراق بۇ كۈچلۈك جاسارەت پەقەت سەن روزا تۇتۇشنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنگەن، مۇسكۇللىرىڭنىڭ ئارزۇسىنى تىزگىنلىگەن، اللهدىن قورۇققان، اللهنى سۆيگەن ھەمدە الله ياخشى كۆرگەن ئىشلار ئۈچۈن ئىنتىلگەن ۋاقتىڭدا سىنى تىخىمۇ كۈچلۈك جاسارەتكە ئىگە قىلدۇرىدۇ.

سەن اللهدىن قورىققانلىقتىن، اللهنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلمايسەن. اللهنى سۆيگەنلىكتىن، الله ياخشى كۆرىدىغان ساۋابلىق ئىشلارنى تىرىشىپ ئىزدەپ قىلىسەن ھەمدە ئامالىڭ بارىچە ئۆز بەدەن مۇسكۇللىرىڭنىڭ ئارزۇسىنى كونتۇرۇل قىلىسەن. ئەگەر بىر ئادەم يەنىلا بۇ خىل ھەقىقىي ئىبادەتكە قارىمسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ يېيىش – ئىچىشنى چەكلەش ئارقىلىق ئاشقازان، ئۈچەيلىرىنى ئارام ئالدۇرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. الله نېمە ئۈچۈن ئۇنى كۈندە ١٢ – ١٤ سائەت بىر نېمە يېمەسلىككە ۋە ئىچمەسلىككە ئۈندەيدۇ؟

٢. ئىتقاد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ روزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيتىگە دىققەت قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

«ئومومەن ئېتقادقا تويۇنغان ۋە ھەقىقىي روزا تۇتقان ئادەم اللهنىڭ شەپقىتىگە ئېرىششنى خالىسا، الله ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى كەچۈرىۋېتىدۇ.»

ئېتقاد دىگەنلىك اللهقا ئىشىنىدىغان بىر مۇسۇلمان چوقۇم دائىم كاللىسىنى سەگەك ساقلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

يەنى اللهنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىششنى ئارزۇ قىلغان ئادەم چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىددىيىسى ۋە ئىش – ھەركىتىگە دىققەت قىلىشى، اللهنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلىپ سالغان ياكى سالمىغانلىقىنى پات – پات ئەسلەپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇ ئىككى پىرىنسىپقا ئاساسەن بىر ئادەم ئەگەر روزا ئېيىدا بىر

ئاي روزا تۇتسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ كىتىدۇ. چۈنكى گەرچە ئۇ ئىلگىرى تەربىيە قوبۇل قىلغان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىر اللهدىن ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن پۇشايمان يەيدۇ. بەلكى بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئۆز گۇناھلىرىدىن پۇشايمان يېگەن ئادەم خۇددى ئىلگىرى گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن ئادەمگە ئوخشايدۇ.»

٣. گۇناھقا قارشى تۇرۇشتىكى قالقان

يەنە بىر ھەددىستە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«روزا تۇتۇش خۇددى قالقانغا ئوخشايدۇ.» خۇددى دۈشمەن زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى قالقانغا ئوخشاش، روزا تۇتۇشمۇ شەيتاننىڭ زەربىسىگە قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا روزا تۇتقان ئادەم چوقۇم ئۆزىنىڭ قالقىنىدىن پايدىلىنىپ، ھەرگىز قانۇنسىز ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم ئۇنى تىللاپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسا، روزا تۇتقان ئادەم ئۇنىڭغا چوقۇم مۇنداق دېيىشى كېرەك: «قېرىندىشىم، مەن ھازىر روزا تۇتىۋاتىمەن» (ئۆزۈڭگە ئەگىشىشكە زورلىمىغىن.)

## ياخشى ئىشلارنى قىزغىنلىق بىلەن قىلىش

يەنە بىر ھەددىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

«روزا تۇتقان ئادەم چوقۇم ياخشى ئىشنى كۆپ قىلىشى كېرەك. بەس – بەس بىلەن ياخشى ئىش قىلىشقا قاتنىشىشى كېرەك. بولۇپمۇ روزا مەزگىلىدە، باشقا قېرىنداشلىرىغا قارىتا ھېسداشلىقنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. چۈنكى بۇ ئادەم ئۆزى ئاچ – توقلۇقنىڭ ئازابىنى چەككەندە، نامراتلىقتا ياشاۋاتقان باشقا اللهنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ھېس قىلىدۇ.»

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام روزا ئېيىدا ئالاھىدە مېھىر – شەپقەت كۆرسەتتى، سائىللار ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارسا، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى. قۇللارنى ئازاد قىلاتتى.»

## ئىپتار قىلدۇرۇشنىڭ پەزىلىتى

بىر ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئومومەن روزا ئېيىدا ئىپتارلىق تاماق بىلەن تەمىنلىگەن ئادەمنى بۇ خىل ھەركىتى ئۈچۈن الله گۇناھتىن خالاس قىلىدۇ. دوزاخ ئازابىنى كۆرسەتمەيدۇ. كىم روزا تۇتقان ئادەملەرنى كۈتۈۋېلىپ، ئىپتارلىق قىلىپ بېرىدىكەن، شۇ روزا تۇتقان ئادەم بىلەن ئوخشاشلا ئىنئامغا ئىگە بولىدۇ.»

# ٥- بۆلۈم زاكات

## ١. لېكسىيە زاكاتنىڭ مۇھىملىقى

ئىسلامنىڭ بەش پەرزى ئىچىدە زاكاتنىڭ مۇھىملىقى نامازدىن قالسىلا ٤-ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىسلامنىڭ ئىككى چوڭ تۈۋرۈكى بولۇپ، بۇ ئىككىسى بولمىسا، ئىسلام مەۋجۇت بولمايدۇ.

### زاكاتنىڭ مەنىسى

زاكاتنىڭ مەنىسى: پاكىزلىنىش ياكى تازلىنىش بولۇپ، سىلەرنىڭ مال - مۈلۈكۈڭلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، نامرات كىشىلەرگە ياردەم قىلىشىڭلارنى كۆرسىتىدۇ. زاكات بەرگەن ئادەمنىڭ مال – مۈلۈكى ۋە نەپسى زاكات بىلەن تازلانغان بولىدۇ. پىخسىقلىق قىلىپ زاكات بەرمىگەن ئادەمنىڭ مال – مۈلۈكى ناپاك بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ نەپسىمۇ ناپاك بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئادەم مېھرى – مۇھەببەت ۋە بۇرچىنى ئۇنۇتقان بولۇپ، قارنى – كۆكسى تار بولىدۇ. ئۇنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئۇنى پۇل ئېتىقاتچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭچە اللهنىڭ ئىنئام قىلغان بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى چىقىرىپ زاكات بېرىش ئۇنى ئازابلايدۇ. بۇ خىل ئادەملەرگە نىسبەتەن، اللهنى خوش قىلىدىغان ياخشى ئىش ھەركەتكە دەۋەت قىلساڭ، ئۇ ئادەملەر دىنى ئېتىقادى ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربانلىقنى

بىرەلەمدۇ؟

شۇڭا بۇ خىل ئادەملەرنىڭ نەپسى ناپاك بولىدۇ ھەمدە يىغقان بايلىقمۇ ناپاك بولىدۇ.

## زاكات _ بىر خىل سىناق

الله زاكاتنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر بىر شەخسكە نىسبەتەن سىناق قىلىپ بېكىتكەن. ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەن مال – مۈلۈكلەردىن ئەسلىدە اللهقا تەۋە بولىدىغان بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، ئاجىز، مىسكىن مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىشنى الله تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ھەقىقىي مۇسۇلمانلار قاتارىغا تىزىشقا بولىدۇ. قارنى – كۆكسى تار، پىخسىق، الله يولىدا قۇربان بېرىشنى خالىمايدىغان يەھۇدىيلاردەك بولغاچقا، الله بۇ مەشھۇر پەيغەمبەرنىڭ دۇئا - تىلاۋىتىگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەرگەن: "ئوخشاشلا مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، الله ئىسرائىل ئەۋلادىنى قايتا ئاگاھلاندۇرغان. ئۇلار بىلەن اللهدىن باشقا روھقا ئىشەنمەسلىك، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ھەققىدە توختاملاشقان. ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق قىلىپ ئۇقتۇرۇش چۈشۈرگەن:

«شۈبھىسىزكى، الله ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەر بىرسىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن جەببارغا يەنى ئەمالىقەلەرگە) ئەۋەتتۇق ھەمدە الله :«مەن سىلەرگە ياردەم بېرىمەن، (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! الله بىلەن قەسەمكى) ئەگەر سىلەر نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلارۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، اللهغا قەرزىي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى اللهنىڭ يولىدا پۇل- مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار)، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (يەنى مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى (ئەمىر قىلغان

نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.» (سۈرە مائىدە ١٢- ئايەت). شۇنىڭدىن يەنى مەھكەم ئەھدىدىن كېيىن الله ئەمر قىلغان نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ الله ئۇچۇن ھېچقانداق ياخشىلىقى يوق بولۇپ، مۇسۇلمان بەندىسى ھېسابلانمايدۇ. ئۇنداق ئادەملەر خۇددى سېسىغان تەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى كىسىپ ئېلىۋېتىش كېرەك. بولمىسا پۈتۈن بەدەنگە يامراپ كېتىدۇ.

## پەيغەمبەر ئۇممىتى سانالغان ئادەم چوقۇم زاكات تاپشۇرۇشى كېرەك

قۇرئاننى كۆرۈپ باقايلى: سىلەر بايقايسىلەركى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇمەتلىرى بىردەك زاكات تاپشۇرىشى، ناماز ئوقۇشى بۇيرۇق قىلىنغان. ھەرقانداق پەيغەمبەر دەۋرىدە ئىسلام بۇ خىل مەسئۇلىيەتنى بوشاشتۇرمىغان. الله قۇرئان كەرىمدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنى مىسال قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھى قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى.» (سۈرە ئەنبىيا ٧٣- ئايەت)

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى.» (سۈرە مەريەم ٥٥- ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز خەلقى ئۈچۈن دۇئا تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەققەتەن

ساڭا تەۋبە قىلدۇق»دېدى.الله ئېيتتى:«ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن ، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن»»

« شۇنىڭدىن (يەنى مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى (ئەمرى قىلغان نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.» (سۈرە مائىدە ١٢- ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھسسالامدىن ئىلگىركى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئەيسا ئەلەيھسسالام ئىدى، الله ئۇنىڭغمۇ ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بىرىش ھەققىدە بەلگۈلىمە چىقارغان:

«قەيەردە بولاي مېنى بەركەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.» (سۈرە مەريەم ٣١- ئايەت)

بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئىسلام مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان، تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ناماز ۋە زاكاتتىن ئىبارەت ئىككى تۈرۈكنى تۇرغۇزغان. اللهقا ئىشىنىدىغانمۆمىن بەندىلەر ھەرگىزمۇ بۇ ئىككى تۈرۈكتىن ئايرىلىپ قالماڭلار!

## زاكات بىرىشكە مۇسۇلمانلار چوقۇم رىئايە قىلىشى كېرەك

ئەمدى بىز مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىدە بۇ ئىككى تۈرۈكنىڭ ئورنىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ باقايلى. قۇرئاننى ئېچىپلا سىلەرنىڭ كۆرىدىغىنىڭلار مۇنداق ئابزاسلاردۇر:

«ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مالدىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ.» (سۈرە بەقەرە ٣- ئايەت)

ئارقىدىنلا ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (سۈرە بەقەرە ٥- ئايەت)

بۇ دىگەنلىك، ئېتىقادى بولمىغان، ناماز ئوقۇمايدىغان، زاكات بەرمەيدىغان ئادەم توغرا كۆرسەتمىگە ئېرىشەلمەيدۇ ھەم غالىب بولالمايدۇ. تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇيلى: «نامازنى ئاداقىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار.» (سۈرە بەقەرە ٤٣- ئايەت)

شۇ سۈرىنىڭ كەينىدە يەنە مۇنداق دىگەن:

«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش- ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل- مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل- مال ياردەم قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللهنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.» (سۈرە بەقەرە ١٧٧- ئايەت)

يەنە بىر سۈرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار اللهدۇر، اللهنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۇئمىنلەردۇركى مۇئمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (اللهنىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر. كىمكى اللهنى، اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن (ئۇ اللهنىڭ جامائەسىدىندۇر). اللهنىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر.» (سۈرە مائىدە ٥٥- ٥٦- ئايەتلەر)

## ئىشەنگۈچىنىڭ بەلگىسى ناماز ۋە زاكات

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردا بىر چوڭ قانۇن بايان قىلىندى، بۇلاردىن كۆپچىلىك بىلەلەيدۇكى، پەقەت ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇپ، زاكات بىرىپ تۇرغان ئادەملا ھەقىقىي مۇسۇلمانلار. بۇ مەزمۇنلار بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، اللهنىڭ ئەلچىسى ۋە نۇرغۇنلىغان ئەگەشكۈچىلەرنىڭ دوسلۇقى دەل اللهنىڭ قىسمىدۇر. شۇڭا بىر ئەگەشكۈچى باشقىلاردىن يىراقلىشىپ، بۇ قىسىمغا كىرىشى كېرەك. ئەگەر بىر مۇسۇلمان ۋە بىر الله قىسمىغا تەۋە بولمىغان ئادەم دوست بولمىسا، گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتىسى، ئانىسى، ئۇكىسى، ئوغلى، خوشنىسى ياكى بىر مىللەت بولىشىغا قارىماي دوستلۇق ۋە ئۆزئارا ياردەمنى ساقلاپ كەلگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ اللهنىڭ كۆڭۈل بۆلىشى ۋە پەرۋىشىگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا بۇ مەزمۇنلاردىن بىلەلەيمىزكى، ھەر بىر مۇسۇلماندا اللهقا، پەيغەمبەرگە ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بولغان دوستلۇق يۇرىكى بولىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھى بولىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ئادەم ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمايدۇ.

## ئىسلام دوستلۇقىنىڭ ئاساسى

تەۋبە سۈرىسىدە الله مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار ۋە غەيرى كۆپ خۇدالىق دىندىكىلەرگە جەڭ ئىلان قىلىشقا بۇيرىغان.

«ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلى بايان قىلىمىز.» (سۈرە تەۋبە ١١- ئايەت)

مەنىسى بولسا: كاپىرلار ۋە كۆپ خۇدالىق دىن مۇرتلىرى پەقەتلا پۇشايمان قىلسا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مۇنداق بىر قانۇنغا رىئايە قىلىشى كېرەك. ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىپ، زاكات

تاپشۇرۇشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئېتقادىنى ئىسپاتلىيالايدۇ ھەمدە سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلار بولالايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇلارنى قېرىنداش دەپ تونۇماڭلار ھەمدە ئۇلار بىلەن بولغان كۆرەشنى توختاتماڭلار. تەۋبە سۈرىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

".مۇئمىن ئەرلەر،مۇئمىن ئاياللار بىر- بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، اللهغا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر." (سۈرە تەۋبە ٧١- ئايەت)

ھازىر سىلەر بىلىپ يەتتىڭلاركى، ئەگەر بىر ئادەم ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇپ، زاكات بەرمىسە، مۇسۇلمان قېرىنداش بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئېتقاد، ناماز ۋە زاكاتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسە مۇسۇلمانلارنى ئىتىپاقلاشتۇرۇپ، بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئومومەن بۇ ئۈچ نەرسىدە چېك تۇرۇپ، قېرىداشلارچە ياشاش مۇھىتنى بەرپا قىلالايدۇ. بۇ ئۈچ نەرسىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم دىنى كوللىكتىپتىن چىقىپ كەتىسمۇ، لېكىن ئۇ نام جەھەتتە مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر سەن بۇ خىل ئادەملەر بىلەن دوست بولۇپ، ئالاقە قىلساڭ، اللهنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، اللهنىڭ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قالىسەن. ئۇنداقتا سەن قانداقمۇ بۇ دۇنيادا بىر كىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايسەن؟

## اللهنىڭ ئۆز - ئارا ياردەم بىرىشتە بەلگىلىگەن شەرتلىرى

«(اللهنىڭ ياردىمىگە ئېرىششكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋتى اللهغا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اللهغا قايتىدۇ).» (سۈرە ھەج ٤١- ئايەت)

**مۇسۇلمانلارغا چۈشۈرۈلگەن بۇ ئايەت ئىلگىرى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا چۈشۈرۈلگەن ئايەت بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ئىلگىرى مەن كۆپچىلىككە مىسال كەلتۈرگەنگە ئوخشاش.**

## مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش

**اللهۇ ئەكبەر! (الله بۈيۈكتۇر!) بۇ بولسا بىر بۈيۈك چاقىرىقتۇر. الله ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا چىقارغان ئاگاھلاندۇرۇش ئۇلارنىڭ قۇلىقىدىلا قالدى. ھازىر ئۇلار ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردى. ئۇلار ھازىر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە سەرگەردان، ماكانسىز قالدى. گەرچە ساندۇقلىرى پۇل – مال بىلەن تولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرى دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتسىز ئادەم بولۇپ قالدى. لىكىن بۇ پۇللار ئۇلارغا نىسبەتەن كىرەكسىز بولۇپ، ئۇلار زاكات بەرمەكتە يوق، ئەكسىچە يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز بېرىدۇ. ناماز ئوقۇماقتا يوق ناچار ئىشلارنى قىلىدۇ. شۇڭا اللهنىڭ قارغىشىنى قوزغايدۇ. ئوخشاشلا بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇش مۇسۇلمانلارغىمۇ چۈشۈرۈلگەن، بىراق ئۇلار ناماز ۋە زاكاتقا سەل قارايدۇ، اللهنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، يامانلىقلارنى چەكلىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. ئۇلارنىڭ ھۆكمەتتىكى ئورنى سىقىپ چىقىرىلىدۇ. ئۇلار پۈتۈن دۇنيا زوراۋانلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاجىز بولۇپ، ئېزىلىشكە ئۇچرايدۇ. سىلەر ناماز ۋە زاكاتقا سەل قارىغانلىقنىڭ ئېچىنىشلىق نەتىجىسىنى كۆردىڭلار، ھازىر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارتىيە گوروھ كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنى تارتىپ، يامان ئىشلارغا قاتناشتۇرماقتا. ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە بىرىپ، سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق، يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىشنى ئۈمىتماقتا. ئىگەم! ئەگەر ئۇلار بۇ ئىشنى قىلسا، يەھۇدىلار ئۇچرىغاندەك نومۇسسىز ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىغا ئوخشاش اللهنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.**

## زاكات بەرمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى

كىلەر قېتىم مەن كۆپچىلىككە نېمىنىڭ زاكات بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىمەن. بۈگۈن كۆپچىلىككە سۆزلەيدىغىنىم زاكات ۋە نامازنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ھەققىدە بولىدۇ. ئۇلار ناماز ئوقۇماي، زاكات تاپشۇرمىسىمۇ، يەنىلا بىر مۇسۇلمانلىقتا كاپالەتلىك قىلالايدۇ دەپ قارايدۇ. بىراق «قۇرئان كەرىم» بۇ قاراشنى ئىنكار قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» پەقەتلا ئەھمىيىتى يوق، ئەگەر ئۇنى ئەمىلىيەتتىن ئۆتكۈزمىسەڭ، ناماز ئوقۇمىساڭ، زاكات بەرمىسەڭ ئۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق دەپ قارايدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلغۇچىغا قارىتا جەڭ قوزغىغان بولۇپ، ئۇلارنى كاپىرلار دەپ ئۇرۇشقان. دەسلەپتە باشقىلار بۇ ئىشقا گۇمانلانغان، بىراق الله ئىسلامدا ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتئىيلىك بىلەن بۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ مۇنداق دىگەن:

«اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بۇ كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە زاكات تاپشۇرۇپ، ھازىر زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلسا، پەقەت بىرتال ئېشەك باغلايدىغان ئارغامچا چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، مەن خەنجىرىم بىلەن بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىمەن.»

الله ئاخىر كۆپچىلىكنى بۇ ھەقىقەتكە ئىشەندۇرگەندىن كىيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىپ، زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلغۇچىلارغا (غازات) ئىلان قىلدى. چۈنكى "قۇرئان كەرىم" ئېنىق قىلىپ كۆرسەتتىكى، زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلغۇچىلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ھەركىتىنى قىلىدۇ.

«سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت- ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلەڭلار!» دېگىن، مۇشرىكلارغا ۋاي!ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ.» (سۈرە فۇسسىلەت ٦-، ٧-

ئايەت)

## ٢- لېكسىيە زاكاتنىڭ ھەقىقىي ئورنى

ئىسلام قېرىنداشلار!

ئالدىنقى قېتىم مەن ئىسلامنىڭ بەش پەرىزى ئىچىدە زاكاتنىڭ نامازدىن كېيىنلا تۇردىغانلىقىنى، شۇڭا ناماز ئوقۇشنى رەت قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى ھەمدە زاكات تاپشۇرمىغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى بىردەك جەڭ ئېلان قىلىدىغان ئوبيېكت بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە توختالدىم. بۈگۈن مەن كۆپچىلىككە زاكاتنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلدۈرمەكچى ھەمدە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىسلامدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇردىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچى.

### اﷲقا قانداق يېقىنلىشىش كېرەك؟

(١) ئەقىل – پاراسەت ۋە ئېھتىياتچانلىقنىڭ سىنىقى

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بەزى ئادەملەر كاللىسىنى ئىشلەتمەي، سۇرۇشتۇرمەيلا دوست تۇتىدۇ. بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ دوستى بولىشىغا مۇناسىپ كېلىدىغان – كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ. كاللىسىنى ئىشلەتمىگەنلىكتىن دائىم دوستلۇقتا ئالدىنىپ قالىدۇ ھەمدە ئاخىرى غەمكىنلىككە پېتىپ كېتىدۇ. ئېھتىياتچان ئادەم دوست تاللاشتىن بۇرۇن، ھەرتەرەپتىن چوڭقۇر ئويلىنىشى لازىم. ئەگەر مەلۇم ئادەم ئىشەنچىلىك ۋە ساداقەتمەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولسا بولىدۇ. ھىلىقىدەك شەخسىيەتچى، كېرەكسىز ئادەمنى بىردەك تاشلىۋېتىشى كېرەك. ھەممىگە قادىر اﷲ ئەڭ ئەقىل – پاراسەتلىك ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۇ قانداق قىلىپ ئادەملەرنى خالىغانچە دوست تۇتۇپ، اﷲنىڭ قوشۇنىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر كىشىلىك ئورۇن بېرىدۇ؟ ئادەتتىكى ئادەملەر دوست تاللاشتىن

ئىلگىرى ئەقىل پاراستى ۋە ئېھتىياتچانلىقىغا تايىنىشى كېرەك. ئەقىل پاراسەت ۋە ئېھتىياتچانلىقنىڭ مەنبەسى بولغان الله قانداق قىلىپ، ئادەملەرنى سىنىماي تۇرۇپ، بىردەك دوست دەپ تونۇسۇن؟ پۈتۈن دۇنيادىكى نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم ئىچىدە، ئۆچ، ئالتە، توققۇز سۈپەتلەر ماسلاشمايدۇ. ئۇنداقتا قانداقمۇ ئۇلارنى اللهنىڭ قوشۇنىغا كىرگۈزۈپ قويسۇن؟ ئەقىل پاراسەتنىڭ چوققىسى الله ئىنسانلارغا سىناق بەلگىلىگەن ھەم بەزى ئۆلچەملەردىن پايدىلىنىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ قىممىتىگە باھا بەرگەن. ئومومەن سىناقتىن ئۆتەلىگەنلەر اللهنىڭ قوشۇنىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۆتەلمىگەنلەر تەبىئىي ھالدا بۇ قوشۇندىن چىقىرىۋېتىلگەن ھەم ئۇلار ئۆزلىرىمۇ اللهنىڭ قوشۇنىغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن. بۇ ئۆلچەملەر نېمە؟ ئەقىل پاراسەتلىك اللهنىڭ ئالدى بىلەن سىنايدىغىنى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل – پاراستى ۋە ئېھتىياتچانلىقى، الله ئۇلارنىڭ چۈشۈنۈش قابىلىيىتىنىڭ بار يوقلۇقىغا، تۈگىمە دۆت ياكى ئەمەسلىكىگە قارايدۇ. چۈنكى دۆت ئادەملەر ئەقىل – پاراسەتلىك ۋە ئېھتىياتچان ئادەملەر بىلەن دوست بولالمايدۇ. ئەقىل – پاراسەت سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ئادەملەر چوقۇم مۇنداق بولىدۇ: اللهنىڭ ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، اللهتىن باشقا ھېچ كىمگە ئىتائەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇندىن باشقا ياراتقۇچىسىنىڭ يوقلىقىنى، ئۇندىن باشقا ھېچكىمنىڭ ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ئادەملەر قۇرئان ئاڭلاۋاتقاندا، بۇنى اللهنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيدۇ. ھەقىقىي پەيغەمبەرلەر ۋە ساختا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىنى تېپىپ چىقالايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەخلاق - پەزىلىتى، مۇۋەپپىقىيىتى ۋە تەجرىبە ساۋاقلىرىدىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ ھەم اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە اللهنىڭ ھاۋالىسىغا ئاساسەن، بۇ دۇنيا كىشىلىرىگە كۆرسەتمە بېرىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە دەججالنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ خىل قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئەقىل – پاراسەت ۋە ئېھتىيات سىنىقىدىن ئۆتۈپ

كىتەلەيدۇ. الله بۇنداق كىشىلەرنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنىنىڭ كاندىداتلىقىغا كىرگۈزىدۇ. بۇ ئىشنى قىلالمىغان ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزى يوقىتىدۇ.

(٢) ئەخلاق قابىلىيىتىنىڭ سىنىقى

بىرىنچى ئىمتاھاندىن ئۆتكەن ئادەم ئىككىنچى ئىمتاھانغا كىرىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئەخلاق – پەزىلىتىنىڭ بار يوقلىقى سىنىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەندە، ياخشى - يامانني پەرق ئەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى بىلەن ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇپ، يامانلىقنى چەكلەيدىغان – چەكلىمەيدىغانلىقىغا قارىلىدۇ ھەمدە يەنە، ئۇنىڭ نەپسىنىڭ قۇلى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قۇلى ۋە ئۆرۈپ – ئادەتنىڭ قۇلى ياكى ئەمەسلىكىگە قارىلىدۇ. تىخمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى سىنايدۇ. مەلۇم ئىشنىڭ اللهنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇ- يوق؟ مەلۇم ئىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ھەم ئۇنى قىلماسلىق كېرەك ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇ – يوق؟ بۇ ئىشلىرىنى سىنايدۇ. بۇ ئىمتاھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر اللهنىڭ قوشۇنىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ، الله تاللىغان ئادەملەر تۆۋەندىكى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك.

«دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى الله باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، اللهغا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە بەقەرە ٢٥٦- ئايەت)

(٣) بويسۇنۇش ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ سىنىقى

ئىككىنچى ئۆتكەنلەر يەنە ئۈچىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتىشى، يەنى بوي سۇنۇش ۋە مەسئۇلىيەت ئۆتكىلىدىن ئۆتىشى كېرەك. بەلگىلىمە بولسا: مەن يولغا چىقىشقا چاقىرغان ۋاقىتتا، سىلەر قۇربانلىق قىلىشقىلار ھەم ھەرقانداق

ئالدىراش خىزمەتلىرىگىلارنى تاشلاپ، مىنىڭ ئالدىمغا كىلىشىگىلار، ھاۋانىڭ ئىسسىق – سوغۇق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، مىنىڭ چاقىرقىمنى ئاڭلىغان ھامان يۈگرەپ كىلىشىگىلار، بۇنىڭدىكى ھەرقانداق جاپا مۇشاقەتنى سورىماسلىقىگىلار كېرەك. ئارقىدىنلا يەنە مۇنداق بۇيرۇق قىلىندۇ: «ئەتتىگەندىن – كەچكىچە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بىرىپ، تىنىگىلاردىكى بارلىق ھاۋايى – ھەۋەسلەرنى چىقىرىپ تاشلىۋىتىشىگىلار كېرەك.» بۇ بۇيرۇقلار چوقۇم ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. مەيلى ئاچلىق سىنى قانچە ئازابلىسۇن، ئېسىل نازۇ – نېمەتلەر ئالدىگىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتسۇن، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىسەڭ بىردەك شاللىنىپ كېتىسەن. پەقەت بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتكەن ئادەملا شەرىئەتكە، الله چىقارغان كۆرسەتمىگە بويسۇنىدۇ. مۇھىتنىڭ قانداق ناچار بولىشىدىن قەتئىينەزەر، يورۇقلۇقتا ياكى قاراڭغۇدا تۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، پايدىلىق ياكى پايدىسىز بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مۇۋاپىق كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن بۇ بىر تۈركۈم ئادەملەر ئاخىرغىچە بويسۇنىدۇ.

(٤) ئالتۇن - كۈمۈش قۇربانىنىڭ سىنىقى

تۆتىنچى ئۆتكەل ئالتۇن كۈمۈش قۇربانى سىنىقى بولۇپ، ئومومەن ئۈچىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتكەن ئادەملەر يەنىلا ھەقىقىي قوشۇنغا تەقسىم قىلىنمايدۇ. ئۇلار يەنە تەكشۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ تار – كەڭلىكىگە، قابىلىيىتىنىڭ بار – يوقلىقىغا، خاراكتېرىنىڭ جەسۇر ياكى ئەمەسلىكىگە قارىلىدۇ. شۇنداق بىرخىل ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە دوستلۇق، مۇھەببەت ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بىراق دوستلۇق ھەقىقىي مۇھتاجلىققا دۇچ كەلگەندە، ئۆز گىپىگە ۋاپا قىلمايدۇ. ئۇلار بۇنداق تۈرگە تەۋە ئىنسانلار ئەمەسمۇ؟ يەنە بىر ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ھەركۈنى ماناچىل (ئانا كالا) دەپ ۋارقىراپ، خۇددى ئانا كالىنىڭ ھوقۇق – مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيا بىلەن جەڭ قىلىدىغاندەك كۆرىنىدۇ. بىراق بۇ ئانا كالا ئېتىزدىكى زىرائەتنى يىمەكچى بولغاندا، ئۇ كالىتكىنى ئىلىپ،

ئۇرۇپ قوغلىۋېتىدۇ. ئۇلار دەل مۇشۇنداق تۈركۈمگە تەۋە ئادەملەرمۇ _ ئەمەسمۇ؟ بۇ خىل ئىچى تار، پىخسىق ئادەملەر ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەنمۇ دوست بولالمايدۇ. كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئادەملەرمۇ ئۇنداق ئادەملەر بىلەن ئورتاقلىششنى خالىمايدۇ. شۇنداق تۇرۇغلۇق ھەممىگە قادىر الله بۇنداق ئۆز مال - مۈلۈكىنى الله يولىدا ئاتىيالمايدىغان ئادەملەر بىلەن دوست بولامدۇ؟ ئەجىبا بۇنداق ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان ئادەملەرنى الله ئۆز قوشۇنىغا كىرگۈزەمدۇ؟ تۆتىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىگەن ئادەملەر بۇ ئىشكىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلىدۇ. ھەممە كەتكىن! الله قوشۇنى ئىچىدە سىنىڭ ئورنۇڭ يوق، سىنىڭ كىرىشىڭمۇ يوق، سەن اللهقا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئىغىر يۈكىنى كۆتىرەلمەيسەن، پەقەت الله ئۈچۈن ئۆز تۇرمۇشنى، مال – مۈلۈكنى، ئائىلىسىنى، ئوغۇل قىزلىرىنى، دۆلەتتىكى بارلىق ئادەملەرنى قۇربان قىلالايدىغان ئادەملەرلا ئاندىن اللهنىڭ قوشۇنىغا كىرەلەيدۇ دىيىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دىيىلگەن:

«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسلەر، (اللهنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۇرە ئال ئىمران ٩٢- ئايەت)

## اللهنىڭ قوشۇنى تەلەپ قىلىدىغان پەزىلەتلەر

(١) قورساقنى تار تۇتماسلىق كېرەك.

قورسىقى تار ئادەمنىڭ الله قوشۇنى ئىچىدە تۇرۇش سالاھىيىتى يوق. پەقەت قورسىقى كەڭ ئادەملەرلا بۇ قوشۇنغا كىرەلەيدۇ.

«ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»

(سۈرە ھەشر ٩- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

(٢) سېخى، مەرت بولىشى كېرەك.

بۇ يەردە ئېتىلىشاتقان سېخى، مەرتلىك، ئەگەر بىرسى ساڭا دوستانە بولماي، ساڭا زىيان يەتكۈزۈپ، كۆڭۈل ئارامىڭنى بۇزسا، الله ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كىيىم – كېچەك، يىمەك – ئىچمەك بىرىشنى رەت قىلمىغىن. بەلكى ئۇ قىيىنچىلىققا قالغاندا، ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىسەڭ بولمايدۇ.

« ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش- ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، اللهنىڭ سىلەرگە مەغفىرەت قىلىشنى ياقتۇرمامسىلەر؟ الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (سۈرە نۇر ٢٢- ئايەت)

(٣) مېھرى – شەپقەتلىك بولىشى كېرەك.

بۇ خىل مېھرى – شەپقەتلىك ھەققىدە قۇرئاندا مۇنداق دىيىلگەن:

«ئۆزى مۇھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ.(ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز.» سۈرە ئىنسان ٨-، ٩- ئايەت)

(٤) قەلبى چوقۇم پاك بولىشى كېرەك.

بۇيەردە كۆرستىلىۋاتقان قەلبى پاك كىشى الله ئىنئام قىلغان ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولىشى كېرەك. قۇرئاندا مۇنداق دىيىلگەن:

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندا چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، الله (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن)

بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر.» (سۈرە بەقەرە ٢٦٧- ئايەت)

(٥) نامراتلىققا ۋە قىيىنچىلىققا قىلىپ ئازاپلانغاندا، چوقۇم تەدبىر قوللۇنۇش كېرەك.

بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن سىخى، مەرت ئادەم ئۆزى مۇشكۇلچىلىكتە قالغان تەقدىردىمۇ، قىلچە گۇمانلانماستىن يېمەك – ئىچمەك، كىيىم – كېچەكنى تىجەپ، اللەنىڭ دىنى ئۈچۈن، اللەنىڭ بەندىلىرىگە ياردەم بېرىشى كېرەك. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

«پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغفىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان- زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار.تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل- مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران ١٣٣-، ١٣٤- ئايەت)

(٦) مەرت – سېخىي بولۇشى كېرەك.

بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن مەرت – سېخىي ئادەم، نىيىتى توغرا بولۇپ، قەتئىي ئىسراپچىلىق قىلمايدىغان، ئىككىلا دۇنيادا اللەنىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولغان ئادەملەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسراپچىلىقى پەقەت اللەدىن ئاتىلىق تەلەپ قىلىشتۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى مەرت – سېخىي ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ھەم باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ياردىمى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە رەھمەت ئېيتقان ياكى ئېيتمىغانلىقىغىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشلەرگە اللەنىڭ ۋەھيسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن الله خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەيرى-

ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزەڭلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير- ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير- ئېھسانىڭلار ئۈچۈن اللهنىڭ رازىلىقىدىن باشقىسىنى كۆزدە تۇتماڭلار). مېلىڭلاردىن نېمىنى خەيرى- ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ).» (سۈرە بەقەرە ٢٧٢- ئايەت)

(٧) ھەرقانداق ئەھۋالدا چوقۇم اللهنى ئەستە تۇتۇش كېرەك.

بۇ يەردە تۇرمۇش پاراۋان بولغانلىقى ئۈچۈن اللهنى ئۇنۇتماسلىقنى ھەمدە پادىشاھلارچە تۇرمۇش كەچۈرگەندىمۇ، اللهنى ئەستە تۇتۇش كېرەكلىكنى كۆرستىدۇ. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۇئمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، اللهنى ياد ئېتىشكە (جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم- سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.» (سۈرە جۇمۇئە ٩- ئايەت)

يۇقارقىلار اللهنىڭ قوشۇنىغا كىرمەكچى بولغان ئادەملەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەر بولۇپ، ئومومەن بۇ پەزىلەتلەرنى ھازىرلىمىغان كىشىلەر اللهنىڭ دوستلىرى قاتارىغا كېرەلمەيدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇ بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى سىناش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىشەنچىسگە نىسبەتەنمۇ بىر قاتتىق سىناقتۇر. اللهقا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان، اللهنىڭ توغرا يولىدىن چەتنىگەن ئادەملەر بۇ خىل بەدەل تۆلەشنى ئۆزلىرىگە بىرىلگەن بىرخىل جەرىمانە دەپ قاراپ، ھەر خىل چارە ئامالالار بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. مۇبادا ئۇلار بۇ خىل بەدەلنى تۆلەيدىكەن ئۆزلىرىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى ماختاپ كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ ئىشنى بىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە الله يولىدا سەرىپ قىلىنغان پۇل بىر خىل ئىسراپچىلىق بولۇپ، ئۇنى

اللەنىڭ رازىلىقى بىلەن سىلىشتۇرغاندا، ھوزۇر – ھالاۋەتلىك تۇرمۇش، مېھرلىك ئائىلىسىنىڭ نامى ئۇلارنى رىئال تۇيغۇغا ئىگە قىلارمىش. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پۇل خەجلىگەن ئىكەن چوقۇم ئابرويغا ئىگە بولىدۇ. شۇنداىلا ئۇنىۋم ھاسىل قىلىنغان بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ياكى ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن، ئىزسىز بولىدىكەن بۇ پەقەت پۇلنى سۇدا ئىقتىۋەتكەندەك بىر ئىش بولارمىش. قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: «الله بۇ خىل كىشىلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنى كۆپتۈرۈپ، ئىمانىم بار دەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەربىر مۇناپىقلاردۇر. (ساختا ئىشەنگۈچىلەردۇر.)»

(٨) ئۆزىنى كۆز – كۆز قىلماسلىق كېرەك

تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قاراڭ.

«ئى مۇئمىنلەر! پۇل مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەرزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.بۇنداق (پۇل- مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە تۇپا- چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ، الله كافىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.» (سۈرە بەقەرە ٢٦٤- ئايەت)

(٩) بېخىل بولماسلىق كېرەك.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۇئمىنلەر! ھىبرلەر، راھىبلەردىن (يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل- ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) اللەنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ، ئالتۇن- كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى اللەنىڭ يولىدا

سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دەۋزەختە بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن.» (سۈرە تەۋبە ٣٤- ئايەت)

(١٠) اللەنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندا، قۇلاقنى ئىتتىۋالماسلىق كېرەك.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن:

«(ئى مۇھەممەد!) اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن ماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ. الله تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ.(ئى مۇھەممەد! سەندىن پەقەت اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، دىللىرىدا اللەنىڭ بىرلىكىگە ۋە سىنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلار رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.» (سۈرە تەۋبە ٤٤-، ٤٥- ئايەت)

(١١) پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اللەقا بويسۇنۇش لازىم.

بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇكى، ئۇلار اللەنى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، (يۇل- مىلنى) رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ.» (سۈرە تەۋبە ٥٤- ئايەت)

يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر- بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ (يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ). ئۇلار اللەنى ئۇنتۇدى (يەنى اللەنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى)، اللەمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى الله ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر.» (سۈرە تەۋبە ٦٧- ئايەت)

(١٢) الله يولىدا بىرىلگەن سەدىقىلەرنى ئالۋاڭ ياساق دەپ قارىماسلىق كېرەك.

«ئەئرابىلاردىن بەزىلىرى (الله يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى جەرىمانە ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىڭلارنى كۈتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھالاكەتكە ئۇچرىسۇن، الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە تەۋبە ٩٨- ئايەت)

(١٣) پېخسىقلىق قىلماسلىق كېرەك.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر شۇنداق كىشىلەر سىلەركى، اللهنىڭ يولىدا (پۇل- مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار، كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ، الله (سىلەرنىڭ مال- مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (اللهغا) مۇھتاجسىلەر، ئەگەر سىلەر (اللهنىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، الله سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى اللهغا ئىتائەت قىلىدۇ).» (سۈرە مۇھەممەد ٣٨- ئايەت)

ئىسلام قېرىنداشلار!

مانا بۇ سىلەرنىڭ دىنىڭلارنىڭ تۈرۈكى بولغان زاكاتنىڭ ھەقىقىي ئورنى. ئۇنى ھەرگىزمۇ، بىر خىل باج – سېلىق دەپ قالماڭ. ئۇ باج – سېلىق بولماستىن، بەلكى ئىسلام ھاياتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ خۇددى بىر ئادەم قايتا - قايتا ئىمتاھان بېرىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئىمتاھاندىن ئۆتكەندىن كېيىنكى، ئاندىن ئىمتاھانىسى ئاخىرلاشمىغانغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى سىنايدۇ. ئوخشاشلا اللهنىڭ يولىدىمۇ، قاتمۇ - قات سىناقلار بار. ئۇنىڭ تۆتىنچىسى ئۆز بايلىقىنى قۇربان قىلىش سىنىقى بولۇپ، ئۇنى كېيىن سۆزلەيمىز. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بويان بەزىلەر سەدىقە بېرىش توغرىسىدا بەك كۆپ سۆزلەپ كەتتى دېيىشىدۇ. بىزنىڭ بۇ نامرات دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارغا بېيىشىنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلغان نەرسىنىڭ دەل ئىسلام

روھنى شەكىللەندۈرگۈچى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە يەردە نۇمۇسقا ئۇچۇرىشىدا دەل مۇشۇ روھنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار مۇشۇ روھنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار مۇشۇ روھقا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن تۈزۈك يولغا ماڭمايدۇ. مۇشۇ روھنى يوقۇتۇپلا قويىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. كىلەر قېتىم مەن كۆپچىلىككە زاكات بىلەن سەدىقە بېرىشنىڭ بىزنىڭ كوللىكتىپ تۇرمۇشىمىزنىڭ روھى ئىكەنلىگى، مۇشۇ روھ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئالەمنىڭ ساخاۋىتىنىلا توپلاپ قالماستىن، بۇ ئالەمنىڭ ساخاۋىتىنىمۇ توپلايدىغانلىقىمىز توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش بېرىمەن.

## ٣. لېكسىيە زاكاتنىڭ كوللىكتىپ تۇرمۇشتىكى ئورنى

ئىسلام قېرىنداشلار !

ئالدىنقى ئىككى لىكسىيەدە مەن كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە زاكاتنىڭ ھەقىقىي ئورنى توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتتۈم. ھازىر بۇ مەسىلىنى باشقا تەرەپتىن سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

### اللهنىڭ شەپقەتلىكلىكىنىڭ ئالامەتلىرى

قۇرئاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا « زاكات» يەنى «سەدىقە» دىگەن سۆز INFAQ FI SABILILLAH (الله يولى ئۈچۈن خەجلەش) تىلغا ئېلىنىدۇ. بەزى جايلاردا بولسا، سىز الله يولىدا سەرپ قىلغان پۇل بىر خىل قەرز بولۇپ، خۇدا ئۇنى سىزگە چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدۇ دېيىلگەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى سىز اللهقا قەرز بېرىپ تۇردىڭىز، الله سىزگە قەرزدار بولدى دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە بەزى جايلاردا بولسا، سىز الله يولىدا سەرپ قىلغان نەرسىلىرىڭىزنى ئالاھ سىزگە بىر نەچچە ھەسسە قوشۇپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ دېيىلگەن. كۆپچىلىك ئۇنداقتا ئويلاپ بېقىڭلار! ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان اللهنىڭ سىزگە ھاجىتى چۈشەرمۇ؟ (خۇدادىن

گۇناھىڭىزنى كەچۈرۈشنى تىلەڭ) بۇ مۇمكىنمۇ؟ خۇدا سىخىيلىق بىلەن ھەدىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، سىز ھايات كەچۈرەلىدىڭىز. سىز يەۋاتقىنىڭىزنى خۇدا بەرگەن. ئاراڭلاردىكى كەمبەغەللەر بولسۇن ھەممىسى خۇداغا تايىنىدۇ. لېكىن ئۇ ھېچكىمگە تايانمايدۇ. ئۇنىڭ سىلەرگە قاراپ قولنى سوزىشى ، سىلەردىن نېمىنى تەلەپ قىلغانلىقى بولىدۇ؟ ئەمىلىيەتتە بۇنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن، ئۆزەڭلار ئۈچۈن، ئۆزەڭلارنىڭ خىزمىتىڭلار ئۈچۈندۇر. الله مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ ئېيتتىكى: بۇ خىراجەتلەر مېنىڭ يولۇمدا، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل قەرز ھېسابلىنىدۇ. مەن سىلەرگە نېئمەت بەردىم. مەن ئۇنى قەرز دەپ ھېسابلايمەن. سەن ئۇممىتىڭ ئىچىدىكى كەمبەغەللەرگە خەير - ئېھسان قىلغىنىڭدا، ئۇلار نېمىسى بىلەن قايتۇرسۇن؟ مەن ئۇلارغا ۋاكالىتەن قايتۇرىمەن. سەن ئاجىز - كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلغان ۋاقتىڭدا، ماڭا قەرزدار بولغىنى ئۇلار ئەمەس بەلكى مەن. مەن سېنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ئىلتىپات قىلىمەن. ئەگەر سەن يېتىم بالا، ئېغىر ئاياق ئايالالارغا، پالەچ قېرىنداشلىرىڭغا بەرگەن بولساڭ، مېنىڭ ھساب دەپتىرىمگە يېزىلىدۇ. سىنىڭ قەرىز سۆيلەيدىغان ئوبيىكتىڭ ئۇلار ئەمەس، بەلكى مەن. مەن قەرىزنى قايتۇرىمەن. چىقىش يولى تاپالماي قىينىچىلىقتا قالغان قېرىنداشلىرىڭغا پۇل قەرز بەرسەڭ بولىدۇ. بىراق ئۆسۈم ھسابلىما. ئەگەر ئۇلارغا پۇل قايتۇرالماي قالسا، ئۇلارنى تۈرمىگە تۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋالما، ئۇلارنى ماكانسىز قالدۇرما. ساڭا قەرىزدار بولغىنى ئۇلار ئەمەس، بەلكى مەن. ئەگەر ئۇلار پۇلنى تولۇق قايتۇرسا، مەن ساڭا ئۆسۈم ھسابلايمەن. ئەگەر ئۇلار ئۇنى يەنىلا قايتۇرالماي قالسا، ئۇنداقتا بۇنىڭ ئۆسۈمنى تۆلەيمەن. ئوخشاشلا سەن خەلقىڭ بەختى ئۈچۈن، قېرىنداشلىرىڭنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلارش ئۈچۈن، سەرپ قىلغانلىرىڭدىن گەرچە سەنمۇ پايدىلانغان بولساڭمۇ، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنىلا ساۋاپلىق ئىش. مەن بىر تامچىلىككىمۇ ئۆسۈم قوشۇپ بېرىمەن. (بۇ يەردە ئۆسۈم دېگىنى اللهنىڭ

ساۋاپ يازىمەن دېگىنى) ».

مانا بۇ پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى، مېھرىبان، شەپقەتلىك اللەنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. سىز ئىگە بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ سىزگە ئاتا قىلغان. ھەرگىز باشقا يەردىن كەلگەن ئەمەس. سىز ئېرىشكەن بايلىقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خەزىنىسىدىن كەلگەن. سىز قىلغان سەدىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنىڭغا بەرمەيسىز. بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭىزغا، مىللىتىڭىزگە، قېرىنداشلىرىڭىزغا بېرىسىز ياكى ئومۇمنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىسىز. سىز خۇدانىڭ بايلىقى ئارقىلىق ئۆز ئادىمىڭىزگە سەدىقە بېرىسىز. شەپقەتلىك اللەنىڭ بۇ توغرۇلۇق نېمە دېگەنلىكىگە قاراڭ:

« سەن بەرگەننى، مەن ساڭا قايتۇرۇپ ئىنئام قىلىمەن.»

خۇدا ھەممىدىن ئۇلۇغ ! ھېچكىمگە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان شاھ ۋە ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسىلا مۇشۇنداق شەپقەتلىك ۋە كەڭ قورساق بولالايدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر بۇنى ھەرگىز قىلالمايدۇ، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ.

## الله نىمە ئۈچۈن سەدىقە بېرىشنى سەممىيلىك بىلەن تاپلايدۇ؟

ھازىر بىز ئويلاپ باقايلى، الله نېمە ئۈچۈن كىشلەرنى مېھرىبان ۋە كەڭ قورساق بولۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى قانچە چوڭقۇر ئويلىسىڭىز، دىنى ئەقىدىلەرنىڭ پاكلىقىنىڭ ماھىيىتىنى شۇنچىكى بىلەلەيسىز. كۆڭلىڭىزمۇ شۇنچە روشەنلىشىدۇ. بۇ خىل سەممى تاپلاش پەقەت اللەدىنلا كېلىدۇ. باشقا ھېچقانداق جايدىن كەلمەيدۇ.

(١) ئادەم شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئادەم تۇغۇلىشدىنلا ئادىل بولماسلىق، نادانلىقتىن ئىبارەت خاھشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى تار، يىراقنى كۆرەلمەيدۇ. ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا يىراقنى كۆرەلەيدۇ. ئۇلار شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ

ئىدىيىسى يىراق كەلگۈسىنى سىغدۇرالمايدۇ. ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلار بولسىمۇ، يەنىلا ئالدىراقسان كېلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان، سىلەرگە ئالامەتلىرىنى (يەنى ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىيالايدىغانلىقىمنى) كۆرسىتىمەن.» (سۈرە ئەنبىيا ٣٧-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئۇلار بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانسا، ھازىر ئۇنىڭ نەتىجىسى ۋە پايدىسىنى كۆرۈشكە ئالدىرايدۇ. ئۇلار چوڭقۇر تەسىرى بولغان ئىشلارنى بايقىيالمايدۇ. چوڭ دائىرىدىكى، ئۇزاق مۇددەتلىك پايدىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۆپلىگەن بۇنداق پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقى. مانا مۇشۇ ئاجىزلىق ئۇلارغا كىچىككىنە پايدىنى قوغلاشتۇرىدۇ. ئۇلار دائىم ئۆزىنى ئاقلاپ: « مەن تاپقان پۇل ۋە ئاتا - بوۋىلىرىم قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسى مېنىڭ. باشقىلار بۇنىڭدىن بەھرىمان بولالمايدۇ. مەن بۇ نۇرغۇن پۇللارنى ئۆزەمنىڭ ئارزۇلىرىمنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىپ، تېخىمۇ راھەت تۇرمۇش كەچۈرىشىم، ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ ھوقۇق - مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىشىم، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشىم كېرەك. ئەگەر بۇنداق بولمىسا، مەن پۇل خەجلەپ نېمە قىلاي؟ ئەگەر بىر يېتىم بالا ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالغان بولسا ياكى ئەتىدىن كەچكىچە بىكار تەلەپلىك قىلىپ يۈرگەن بولسا، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىمەن؟ ئۇ ئاتىسىدىن ئۆزىگە ئاز - تولا مىراس ياكى ئۆمۈر سوۋغىسى قالدۇرغان - قالدۇرمىغانلىقىنى سورىشى كېرەك. ئەگەر خۇلۇم - قوشنىلىرىمىز ئىچىدە بىرەر تۇل ئايال بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى نامراتچىلىقتا ئۆتسە، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم؟ ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا بىر ئاز مال - مۈلۈك قالدۇرۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بىرەر ساياھەتچى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم؟ بۇ ئەخمەق نېمىشقا ئىشىكتىن چىقىشتىن ئىلگىرى تولۇق تەييارلىق قىلماپتىكەن؟ ئەگەر بىرسى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇنىڭ

بىلەن مېنىڭ نېمە چاتىقىم، خۇدايىم ئۇنىڭغىمۇ ماڭا ئوخشاش ئىككى قول، ئىككى پۇت بەرگەن، ئۇ ئۆزىگە تايىنىشى كېرەك. چۈنكى مېنىڭ بۇ كۈنۈمنى خەققە بىكاردىن - بىكارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ. مەن شۇ پۇلغا ئۆي سالالايمەن، ئاپتوموبىل سېتىۋالالايمەن. پۇل قەرز ئالغان ئادەم ئۇنىڭدىن پايدا ئالالايدۇ، مەن ئۇنىڭ پايدىسىدىن بىر قىسمىنى ئېلىشىم كېرەك» دېيىشىدۇ.

(٢) شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى

بۇ خىل شەخسىي غەرىزى بار بايلار خۇددى ئۆز بايلىقىنى بېسىپ ياتقان يىلانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ پۇل خەجلىمەكچى بولسا، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى تېخىمۇ زورايتىش ئۈچۈن خەجلەيدۇ. ئەگەر پايدا تەگمەيدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭغا كەمبەغەللەرگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەر دېسىڭىز، ئۇ بىر پۇڭمۇ چىقارمايدۇ، تاساددىبىي بېرىپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۇ ھەر خىل ئامىللارنى قوللىنىپ، شۇ كەمبەغەللەرگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن بولسا، ئۇ چوقۇم ھەممىلا يەردە، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ شەپقەت قىلغانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇنى خىجىل قىلىپ، ئۇنىڭ غۇرۇرىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر ئاممىۋى پائالىيەتكە قاتناشماقچى بولسا، چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قانچىلىك پايدا ئالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. پايدىسى بولمىسا ھەرگىز قاتناشمايدۇ. بۇ خىل خارەكتېردىكى ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى مۇنداق بولىدۇ: كوللېكتىپلا زور زىيانغا ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى ئاخىرىدا ئۆزىمۇ بالايى - قازاغا ئۇچرايدۇ. بىر جەمئىيەتتە بۇ خىلدىكى ئادەملەر بولىدىكەن، ئۇ ھالدا بايلىق ئاستا - ئاستا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئاچ - يالىڭاچ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بايلارنىڭ پۇلى دوملىغانسېرى ئېشىپ بارىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ كۈنى بارغانسېرى ناچارلىشىدۇ. نامرات جەمئىيەتنىڭ ئۆزى بىر جىنايەت بىلەن تولغان ئىللىق كارۋات بولۇپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ كۆپچىلىكنىڭ كۈچى تەبىئىي ئاجىزلاپ كېتىدۇ، كىسەللىك ئامىللىرى يېقىنلىششقا

باشلايدۇ. كۆپچىلىكنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ۋە بايلىق يارىتىش كۈچى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ. نادانلىق ئەۋج ئېلىپ، ئەخلاق ناچارلىشىدۇ. كەمبەغەللەر ئالدىراپ - تىنەپ خەتەرگە قاراپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زورلۇق بارغانسىرى كۈچىيىپ، بايلار قەستكە ئۇچرايدۇ. ئۆيلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىدۇ. ئاخىرى بىرمۇ باي قالمايدۇ.

(٣) كوللىكتىپنىڭ پاراۋانلىقى شەخسنىڭ پاراۋانلىقىنى يارىتىدۇ.

كۆپچىلىك تەپسىلى ئويلىنىپ باقسا شەخسىي پاراۋانلىقنىڭ تامامەن كۆپچىلىكنىڭ پاراۋانلىقىغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى بايقىيالايدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ بايلىقى ئارقىلىق قېرىندىشىڭىزغا ياردەم قىلىسىڭىز بۇ خىل بايلىقنىڭ ئوبۇرۇت قىلىنىش نەتىجىسى سىزنىمۇ بىۋاستە پايدىغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەگەردە سىز بىر يېتىم بالىنى بېقىۋېلىپ، ئۇنى تەربىيىلەپ، جەمئىيەتتە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ھالال ياشايدىغان ئادەم قىلىسىڭىز بۇ سىزنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بايلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىقىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىز ئۆزىڭىز بېقىپ چوڭ قىلغان يېتىم بالىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى بايقىيالىسىڭىزمۇ، لېكىن، سىزمۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە جەمئىيەت مەنپەئەتىدىن بەھرىمەن بولىسىز. ئەگەر سىز ئىچى تارلىق ۋە شەخسىيەتچىلىك قىلىپ: «مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغاندىمەن؟ ئاتىسى ئۇنىڭغا مىراس قالدۇرىشى كېرەك» دىگەن بولسىڭىز، ئۇ ھالدا بۇ يېتىم بالا ئەتىدىن - كەچكىچە بىكار تەلەپلىك قىلىپ، ئاخىر جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ تاشلانغان، قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالمىغان، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالمىغان بولار ئىدى.

شۇنداقلا ئوغرى، قاراقچى بولۇپ، ئۆزىڭىزنى بۇلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ سىزنىڭ جەمئىيەتكە بىر شاللانغۇچى، بىكار تەلەپ، جىنايەتچى ياراتقانلىقىڭىزنى، ئۇنى قەستلەپلا قالماستىن، بەلكى ئاخىر ئۆزىڭىزنى قەستلىگەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ ھۆكۈم بويىچە بولغاندا، ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ

شەخسىي مەنپەئەتنى ئويلىماي، ئۆز جايىدىكى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پۇل خەجلىسە، ئۇ ھالدا جەمئىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ، گۈللىنىشىنىڭ نەتىجىسى ئۇنى ئۆزى سەرپ قىلغان پۇلدىنمۇ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ھالبۇكى شەخسىيەتچى كىشىلەر ئۆز جايىدىكى ئومومنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر پۇڭمۇ چىقارماي، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز بايلىقىنى كۆپەيتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ بايلىقى ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن كېمىيىپ بارىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ تۈگىشىنى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. الله بۇ سىرنى بىزگە ئېيتىپ بەرگەن:«الله جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۆچۈرىۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ بەرىكىتىنى زىيادە قىلىدۇ. الله ھەر بىر ناشۈكرى (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ.» (سۈرە بەقەرە ٢٧٦-ئايەت)

«سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرەر پۇل - مال بەرسەڭلار، اللهنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمدىن كۆپراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوۋغىنىڭ اللهنىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ)، اللهنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلار (ياكى ئېھسانىڭلارغا) ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ.» (سۈرە رۇم ٣٩-ئايەت)

لېكىن ئىچى تار، نادان كىشىلەر بۇنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلار بايلىقنىڭ قۇلى. ئۇلار يانچۇقىدىكى جىرىڭلاپ تۇرغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ، بانكىدىكى ئامانەت پۇلىنىڭ كۆپىيىشىنىلا ئويلايدۇ. لېكىن ئۆز پۇلىنىڭ قەيەرگە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى، قانداق كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، كېڭىيىپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ، قايسى ۋاقىتتا پايدىسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆز يانچۇقىغا كىرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى ئۆزى ئىشلەتكەن پۇلنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىدىنلا ئىبارەت.

ھازىرچە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، نادانلىقتىن ئىبارەت بۇ تۈگۈنى يېشەلمەيۋاتىدۇ. پۈتۈن دۇنيا خەلقىمۇ شۇنداق

بولىۋاتىدۇ.

## ھەل قىلىشنىڭ يولى

ھەممىگە قادىر خۇدا چوشۇرگەن قۇرئاندا مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاشنىڭ يولى يېزىلغان، مۇھىمى اللهقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت. اللهقا چىن دىلدىن ئىشىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئالەمدىكى بايلىقلارنىڭ اللهقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ھاياتلىقتىكى ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭمۇ اللهنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى، اللهتىن بىسوراق قىل تەۋرىمەيدىغانلىقى، مەيلى ساۋاپلىق ئىش قىلسۇن ياكى گۇناھ ئىش قىلسۇن، ئۇ ئالەمگە بارغاندا اللهنىڭ بىرمۇ - بىر ھېساب ئالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار اللهقا ئىشىنىدۇ. ئۆزىنىڭ دېگىنىنى راست قىلالمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ بايلىقلىرىنى اللهنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. پايدا - زىيان مەسىلىسىنى اللهنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قويىدۇ. بۇنداق قەتئىي ئېتىقاد ئاستىدا، ئۇنىڭ خەجلىگەن پۇلى اللهقا قىلىنغان سوۋغا سۈپىتىدە بولىدۇ. شۇڭا تەبىئىي ھالدا اللهنىڭ ھېساب دەپتىرىگە يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ ساۋاپلىق ئىشلىرىنى باشقىلار بىلمىسىمۇ، لېكىن الله ھەرگىز ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىغا ئىشىنىش ئىشەنمەسلىكتىن قەتئىينەزەر، الله بۇنى چوقۇم بىلىدۇ ھەمدە چۇقۇم ئىشىنىدۇ. لېكىن، الله بىرىشكە ۋەدە قىلغان شەپقىتىنى ياكى ئۇ ئالەمدە بىرىدۇ ياكى بۇ ئالەمدە قايتۇرىدۇ.

## ٤. لېكسىيە الله يولى ئۈچۈن تەقدىم قىلىش

(INFAQ FI SABILILLAH) نىڭ ئادەتتىكى يولىيۇرۇقلىرى ئىككى خىل يولىيۇرۇق ___ ئادەتتىكى ۋە ئالاھىدە يولىيۇرۇق

ئىسلام قېرىنداشلار !

الله «شەرىئەت»تە ئىنسانىيەتنى ھۆرمەتلەش يولىغا مېڭىشقا تەربىيەلەش ئۈچۈن ھەرىكەتنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قارىتا ئادەتتىكى يولىيۇرۇقنى چىقارغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە يولىيورۇقنى چىقارغان.

## اللهنى سېغىنىشتىكى ئادەتتىكى يولىيورۇقلار

اللهنى سېغىنىش بىر خىل ھۆرمەتلەش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن چوڭ ئۇلۇغلاش، شۇنداقلا بارلىق ساۋاپلىقنىڭ مەنبەسى.

ئادەتتىكى يولىيورۇق ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا اللهنى سېغىنىشقا ھەرگىز ئېتىبارسىز قارىماسلىق كېرەك دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

«نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردا ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا اللهنى ياد ئېتىڭلار (الله سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى ئۈمكىن). خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى.» (سۈرە نىسا ١٠٣-ئايەت)

«شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار.ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللهنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن.» (سۈرە ئال ئىمران ١٩٠-،١٩١- ئايەتلەر)

«سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ئاخشامدا ئۈنىڭغا

ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇزىنىنتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەفسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن.» (سۈرە كەھف ٢٨-ئايەت)

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇنلىغان دىنى كىتابلاردا كىشلەرنىڭ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا اللەنى سېغىنىپ تۇرىشى ئېيتىلغان، چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندىلا كىشلەرنىڭ مۇۋاپىق ھالىتىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەت يولىدىكى تۇرمۇشىنى غەمدىن خالاس قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار اللەغابولغان سېغىنىشقا سەل قارايدىكەن،ئۇ ھالدا شەھۋانىي نەپسى ۋە يامان نىيەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالىدۇ. ساقلانغىلى بولمايدىغان نەتىجە شۇكى، ئۇلار ھەقىقەت يولىدىن سىقىپ چىقىرىلىدۇ. تۇرمۇشىمۇ قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ.

## اللەنى سېغىنىشتىكى ئالاھىدە يولىيۇرۇقلار

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز ئادەتتىكى يولىيۇرۇقلار، ھازىر بىر خىل ئالاھىدە اللەنى سېغىنىشنى يەنى ئىبادەتنى سۆزلەيمىز. بىر كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇلىدۇ. ھەر بىر ۋاق ناماز يەنە بىر قانچە رەكئەتكە بۆلىنىدۇ. ئۇلار اللەنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولۇپ، ھەممىسىنى قوشقاندا ۋاقتى ٥-١٥ مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. يەنى ھەر بىر ۋاق نامازدا سىز دائىم اللەقا سېغىنىشىڭىز كېرەك. لېكىن بۇ، اللەقا بەلگىلەنگەن

ۋاقىتىلا سېغىنىپ، باشقا ۋاقىتتا اللهنى ئۇنتۇپ قالغىن دىگەنلىك ئەمەس.باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كەم دىگەندە، سىز مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىخلاس بىلەن اللهقا سېغىنىشىڭىز، نامازدىن كېيىن ئالدىراش ۋاقىتلىرىڭىزدىمۇ يەنىلا اللهقا سېغىنىپ تۇرىشىڭىز كېرەك.

## «الله يولىدا تەقدىم قىلىش»نىڭ ئادەتتىكى يولىيۇرۇقلىرى

ئوخشاشلا زاكاتمۇ ئادەتتىكى يولىيۇرۇق ۋە ئالاھىدە يولىيۇرۇق دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە مۇنداق يولىيۇرۇق بار. بېخىللىقنى كىچىك ئىش دېمە، ئۇ گۇناھنىڭ مەنبەسى، كۆڭلىدىلىك تۇرمۇشىڭدا اللهنىڭ نۇرىنى جارى قىلدۇر. گەرچە ھېچ قانداق كىشىنىڭ اللهقا ئۆزىگە شەيقىتنى يەتكۈزۈش تەلىپىنى قويۇش ھوقۇقى بولىسىمۇ، لېكىن الله ھەر ۋاقىت جىمىكى كائىناتقا ئۆزىنىڭ شەپقىتنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز الله يولىدا مۇمكىنچىلىكى بولغان تەقدىم قىلىشلاردىن باش تارتماي، ئىمكان قەدەر ئۆزىڭىز يىمەك - ئىچمەك، كىيىم-كېچەك جەھەتتە تېجەشلىك ئىشلىتىپ، يىغقان پۇلىڭىز ئارقىلىق باشقا نامراتلارغا ۋە اللهنىڭ قۇللىرىغا ماددىي ياردەم بېرىشىڭىز، اللهقا بولغان ھۆرمىتىڭىزنى، دىنغا قوشقان تۆھپىڭىزنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىڭىز ۋە مال - مۈلكىڭىزنى ئايىماسلىقىڭىز كېرەك. ئەگەردە سىز اللهنى سۆيسىڭىز، ئۇ ھالدا اللهقا بولغان مۇھەببىتىڭىز ئۈچۈن مال - مۈلكىڭىزنى ئايىماسلىقىڭىز كېرەك. ئەگەردە سىز اللهنى سۆيسىڭىز، ئۇ ھالدا اللهقا بولغان مۇھەببىتىڭىز ئۈچۈن مال - مۈلۈككە بولغان مۇھەببىتىڭىزدىن كېچىشىڭىز كېرەك. مانا بۇ ئادەتتىكى يولىيۇرۇقدۇر.

## «الله يولى ئۈچۈن تەقدىم قىلىش»نىڭ ئالاھىدە يولىيۇرۇقلىرى

يەنە بىر جەھەتتە بىر تۈلۈك ئالاھىدە يولىيۇرۇق بار بولۇپ، ئەگەردە سىزنىڭ نۇرغۇن بايلىقىڭىز بولسا، سىز چوقۇم بىر قىسمىنى ئايرىپ ئېلىپ، الله يولى ئۈچۈن ئىشلىتىشىڭىز كېرەك. ئەگەردە سىزنىڭ يېرىڭىز بولۇپ، مول - ھوسۇل ئالسىڭىز،

چوقۇم بىر قىسمىنى ئايرىپ ئېلىپ، الله يولىدا ئىشلىتىشىڭىز كېرەك. بۇ خۇددى ناماز ئوقۇغاندا اللهقا چوقۇم بىر نەچچە مىنۇت سىغىنىش كېرەك دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن ناماز ئوقۇغاندىلا اللهقا بىر نەچچە مىنۇت سىغىنىپ، باشقا ۋاقىتتا اللهنى ئۇنتۇپ قېلىش كېرەك دەپ بەلگىلەنمىگەن. ئوخشاشلا بۇ يەردىكى ئالاھىدە يولىيۇرۇقتا ئېيتىلغان سىز چوقۇم ئاز بىر قىسىم بايلىقىڭىزنى ياكى مال-مۈلكىڭىزنى الله يولى ئۈچۈن ئىشلىتىشىڭىز كېرەك دىگەن سۆز ھەرگىزمۇ بايلىقى ئېشىپ تۇرغان ئادەملەر شۇنداق قىلىشى كېرەك، بايلىقى ئاز بولغانلار ئۇنداق قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. شۇنداقلا بايلار زاكاتنى تاپشۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، «مەن ئۆشرە-زاكاتنى تاپشۇردۇم، سەدىقىنى بېرىپ بولدۇم، ئەمدى مەندىن بىر تىيىنمۇ ئالالمايدۇ.» دېسە بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. بۇ ھەرگىزمۇ زاكاتنىڭ ئەسلى مەنىسى ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەنىسى زاكات ھەر بىر ھاللىق ئادەمنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، ئۇنىڭدىن سىرت، ھەر بىر ئادەم يەنە قۇربىنىڭ يېتىشىچە الله يولى ئۈچۈن قۇربان بېرىشى كېرەك.

## «تەقدىم قىلىش» نىڭ ئادەتتىكىچە يولىيۇرۇقنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلىشى

هازىر مەن كۆپچىلىككە ئادەتتىكى يولىيۇرۇقنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. ئالاھىدە يولىيۇرۇقنى كېيىن چۈشەندۈرىمەن. «قۇرئان كەرىم» نىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ھەر قېتىم بىر يولىيۇرۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، ئۇنىڭدا بۇ يولىيۇرۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان دانالىق ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ سەۋەبلىرى چۈشەندۈرۈلگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇ يولىيۇرۇقنى يولغا قويغۇچى ھەر بىر ئادەم ئۇنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ پايدىسىنى بىلىدۇ. سىز «قۇرئان كەرىم»نى ئاچسىڭىز، مۇنۇلارنى كۆرەلەيسىز.

«بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر.

ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال- مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا ) سەرپ قىلىدۇ.» (سۈرە بەقەرە ٢-، ٣-ئايەت)

بۇ ئايەتلەردە ئاساسى، پىرىنسىپلار كۆرسىتىلگەن. بۇ دۇنيادا توغرا يولغا مېڭىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى: چوقۇم ئىشىنىش (بۇ اللهقا، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىر قاتارلىق كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئىشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.)

ئىككىنچى: ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىش.

ئۈچىنچى: الله ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن بىر قىسمىنى ئايرىپ ئېلىپ، خۇدا يولى ئۈچۈن ئىشلىتىش.

الله مۇنداق دەيدۇ:

‹‹ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر، (اللهنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.›› (سۈرە ئال ئىمران ٩٢-ئايەت)

‹‹شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ؛ الله سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. اللهنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.›› (سۈرە بەقەر ٢٦٨-ئايەت)

‹‹اللهنىڭ يولىدا (پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.›› (سۈرە بەقەر ١٩٥-ئايەت)

‹‹ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار مۇھتاج

تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.›› (سۈرە ھەشر ٩-ئايەت)

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئايەتتىن بۇ دۇنيادا ئىككى خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىرى الله يولى،ئۇنىڭدا اللهنى ھۆرمەت قىلىش، اللهدىن قورقۇش، ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە مۇۋەپپەقىيەت بار. بۇ يولدا ماڭغان كىشىلەرنىڭ كۆكسى-قارنى كەڭ بولىدۇ. الله شۇنىڭغا بەرگەن نەرسىنى كۆپكەن ياكى ئازكەن دېمەي ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ ھەمدە بىر قىسمىنى ئايرىپ ئېلىپ، قېرىنداشلارغا ياردەم قىلىپ، اللهنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا ئىناقلىق ئورنىتىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە پايدا بىلەن تولغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمىلىيەتتە بولسا، كىشىنى تۇگەشتۈرىدۇ. بۇ يولدا ماڭغان كىشىلەر ئىمكان قەدەر ئۆزىگە بايلىق توپلايدۇ. پۇل ئۈچۈن جېنىنىمۇ بېرىدۇ. باشقىلارغا بىر تىيىنمۇ بەرمەيدۇ. پۇل خەجلەشكە توغرا كەلگەندىمۇ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

## الله يولىدا تەقدىم قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى

ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ الله يولىدا تەقدىم قىلىش ئۇسۇلى ھەققىدە سۆزلەيمەن.

(١) تەقدىم قىلىشتا چوقۇم اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزلەش ئۈچۈنلا تەقدىم قىلىش كېرەك.

تەقدىم قىلىشتىكى مەقسەت اللهنى خوشال قىلىش، ئۇنىڭدا قىلچىلىك زورلاش ۋە نام چىقىرىش مەقسىتى يوق. قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ:

‹‹(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت اللهنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈش). لېكىن الله خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېھسان

قىلماڭلار، ئۇ ئۆزەڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير -ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير-ئېھسانىڭلار ئۈچۈن اللهنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار). مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ.)›› (سۈرە بەقەر ٢٧٢- ئايەت)

‹‹ئى مۆئمىنلەر !پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى(نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكەنگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەرزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل - مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپ - چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. الله كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.›› (سۈرە بەقەر ٢٦٤-ئايەت)

(٢)شەپقەتنى قەستەن كۆرسەتمەسلىك كېرەك.

ئىككىنچى ئىش، سىز بىرەر كەمبەغەلگە تاماق ياكى كىيىم - كېچەك جەھەتتىن ياردەم بەرگەن بولسىڭىز، ئۇنى باشقىلارغا قەستەن ئۇقتۇرماسلىقىڭىز، ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكىڭىز كېرەك. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ:

‹‹پۇل - مېلىنى الله يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ. ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان

سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. الله (بەندىلىرىنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر(يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ).›› (سۈرە بەقەر ٢٦٢-،٢٦٣-ئايەتلەر).

(٣) تەقدىم قىلغان نەرسە چوقۇم ياخشى بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى ئىش: تەقدىم قىلغان نەرسە چوقۇم ياخشى بولۇشى، ناچار نەرسىنى تەقدىم قىلماسلىقى كېرەك. كەمبەغەللەرگە كونا، يىرتىق نەرسىلەرنى بەرگەن، تىلەمچىلەرگە ئەڭ ناچار تاماقنى بەرگەنلەر كەلگۈسىدە اللهدىن ئالىدىغىنىمۇ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

‹‹ئى مۆئمىنلەر ! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇتۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، الله (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر.›› (سۈرە بەقەر ٢٦٧-ئايەت).

(٤)ئىمكان قەدەر باشقىلارغا ئۇقتۇرماسلىق كېرەك.

تۆتىنچى ئىش: باشقىلارنىڭ نام - شۆھرەت قازىنىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دېگەن مەسخىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سەدىقە بەرگەندە ئىمكان قەدەر باشقىلارغا ئۇقتۇرماسلىق كېرەك. ئاشكارا سەدىقە بېرىشكە بولىسىمۇ، لېكىن ئەڭ ياخشىسى مەخپىي قىلىش كېرەك. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

‹‹سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار، تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ، سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا كەپپارەت بولىدۇ. الله سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.›› (سۈرە بەقەر ٢٧١- ئايەت)

(٥)ھالى بەك خارابلارغا سەدىقە بەرگەندە بەك كۆپ بېرىۋەتمەسلىك كېرەك.

ھالى بەك خارابلارنىڭ ئەگرى يولدا مېڭىپ، يامان ئادەتلەرنى

يۇقتۇرۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا سەدىقە بەرگەندە بەك كۆپ بەرمەسلىك، ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بېرىش كېرەك. الله ئەڭ يامان، ئەڭ ئەسكى ئىش قىلىدىغان ئادەملەرگىمۇ تاماق سەدىقە بېرىشنى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يامان ئىشلاردىن يېنىشىغا ياردەم بېرىشنى، لېكىن ، هاراقكەش، بەڭگى ۋە قىمارۋازلارغا سەدىقە بەرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

‹‹الله تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يىمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار. ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار.›› (سۈرە نىسا ٥-ئايەت).

(٦)قەرىز ئالغۇچىنى قىستىماسلىق كېرەك.

ئەگەر بىر ئادەم ئازراق پۇلغا جىددى ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا (ئۆسۈمسىز)، سىز ئۇنى قەرزنى قايتۇرۇشقا زورلىماسلىقىڭىز، ئۇنىڭغا ۋاقىت بېرىپ، ئاستا - ئاستا قايتۇرۇشقا ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇ سىزنىڭ بۇ قەرزىڭىزنى قايتۇرۇشقا ھەقىقەتەن ئامالسىز قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇل سىزگە جىددى لازىم بولمىسا، سىز ئەڭ ياخشىسى بۇ قەرىزنى ئەمەلدىن قالدۇرىشىڭىز كېرەك.

بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

‹‹ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغىچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىينچىلىقتا قالغان قەرىزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر.›› (سۈرە بەقەر ٢٨٠- ئايەت)

(٧)سەدىقە بەرگەندە ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك كېرەك.

سەدىقە بەرگەندە ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك كېرەك. الله سىزدىن بارلىق مۈلكىڭىزنى سەدىقە بېرىۋېتىپ، ئايالىڭىز ۋە بالىڭىزنى ئاچ قويۇشىڭىزنى تەلەپ قىلمايدۇ.

ئەمىلىيەتتە ئۇ سىزدىن ئائىلىڭىزنى كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق، ئاددى - ساددا تۇرمۇشقا ئىگە قىلىپ، ئېشىپ قالغان قىسمىنى ئايرىپ ئېلىپ، الله يولى ئۈچۈن تەقدىم قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

‹‹ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، ‹‹(ئېھتىياجىدىن) ئارتۇقنى (سەدىقە قىلىڭلار)›› دېگىن. (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.›› (سۈرە بەقەر ٢١٩- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

‹‹ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ.›› (سۈرە فۇرقان ٦٧-ئايەت)

‹‹قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ كەتمىگىن (يەنى ئىسراپچىلىق قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.›› (سۈرە بەنى ئىسرائىل ٢٩-ئايەت)

باشقىلارغا ياردەم بېرىش كېرەك.

ئاخىرىدا سىلەر الله كۆرسىتىپ بەرگەن تىزىملىكتىكى كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى بىلىشىڭلار كېرەك. تىزىملىكتىن سىز قايسى كىشىلەرنىڭ سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى،الله سىزگە ئاتا قىلغان بايلىقنىڭ ئىچىدە ئەسلىدە ئۇلارنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەققى بارلىقىنى بايقىيالايسىز. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

‹‹سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا ( يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (پۇل مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە

قۇللارنىڭ ئازاتلىقىقا ئېرىششىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كىسەللىكتە ۋە (اللهنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ.ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.›› (سۈرە بەقەر ١٧٧-ئايەت).

‹‹ئۆزىنى الله يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەيرى -ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنى چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىششىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ئېھسان قىلماڭلار، الله ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر.» (سۈرە بەقەرە٢٧٣- ئايەت)

«تۇققانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا ) ئىسراپ قىلمىغىن.»(سۈرە بەنى ئىسرائىل ٢٦- ئايەت)

«ئۇلارنىڭ پۇل ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان ) مۇھتاجلار ھوقوقتا ئىگە ئىدى.( يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە مۇھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى.).»(سۈرە زارىيات ١٩- ئايەت)

«ئۇ مۇھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن( بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز. شۈبھىسىزكى ، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر قاتتىق كۈندىن قورقىمىز.»» (سۈرە ئىنسان ٨-١٠ )

«..ئاتا-ئاناڭلارغا ، خىش ئەقرىبالىرىڭلارغا ، يېتىملەرگە ، مىسكىنلەرگە، يېقىن خوشنىغا، يىراق خوشنىغا ، ياندىكى ھەمراھقا (سەپەرداشقا ، ساۋاقداشقا ) ،

مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار...» (سۈرە نىسا ٣٦-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

## ٥-لىكسىيە زاكاتنىڭ ئالاھىدە يول يورۇقلىرى

ئىسلام قېرىنداشلار !

ئالدىنقى قېتىم مەن« الله يولى ئۈچۈن تەقدىم قىلىش » نىڭ ئادەتتىكى يول يورۇقلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. ھازىر چۈشەندۈرۈدىغىنىم زاكاتقا مۇناسىۋەتلىك يول يورۇق بولۇپ ، بۇ بەش پەرزنىڭ بىرسى.

## زاكاتقا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ تۈرلۈك يول يورۇق

الله قۇرئاننىڭ ئۈچ يېرىدە زاكاتقا ئۈچ تۈرلۈك يول يورۇق بەرگەن.

١.ئىككىنچى پارىدىكى سىرىق كالا ( بەقەرە) دە مۇنداق دېيىلدۇ:

«ئى مۆمىنلەر ، سىلەر ئېرىشكەن نەرسەڭلارنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر ( يەنى ئاشلىقلار ، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار. ئۆزۈڭلارمۇ كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىغاپ سەدىقە قىلماڭلار، بىلىڭلاركى ، الله (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن ) بىھاجەتتۇر ،ھەمدىگە لايىقتۇر.» ( بەقەرە ٢٦٧- ئايەت)

٢. ٦- پارىدىكى سۈرە ئەنئامنىڭ ١٤١- ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«الله بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى ، دانلىرى ( رەڭگى ، تەمى ھەجىمى ۋە پۇرىقى ) بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى ، زىرائەتلەرنى ، ( رەڭگە ۋە شەكلى) بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان ، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى، مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە ( نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقتتا) ، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، الله ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.»

يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتتە بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى يەر يۈزىدىكى ئىشلەپ چىقىرىش مەھسۇلاتلىرى بولۇپ ھەنىفە مەزھىپىدىكىلەر ئۆلكىدىن ئۆسىدىغان مەھسۇلاتلارنى، يەنى ياغاچ ماتېرىياللىرى ، ئوت - چۆپ ، بامبۇك قاتارلىقلارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئاللاقا تېگىشلىك قىسمىنى تۆرلەرگە بۆلۈپ ئايرىم ھىسابلاشتى. مەسىلەن ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ، كۆكتات ، مېۋە- چېۋە، قاتارلىقلارنى ئايرىم ھېسابلاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەزكۇر مەزھەبنىڭ دېيىشىچە ، يامغۇر سۈيىگە تايىنىپ ئۆسىدىغانلاردىن ئاللاقا تېگىشلىكى ١٠دىن بىرى، سۇغۇرۇشقا تايىنىپ ئۆسىدىغانلاردىن تېگىشلىكى يىگىرمىدىن بىرى بولىدىكەن . ئاللاقا تېگىشلىك بولغىنى ھوسۇل ئالغاندا تاماملىنىشى كېرەك.

٣. ئونىنجى پارە سۈرە تەۋبىنىڭ ٣٤،٣٥- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«...ئالتۇن كۈمۈش يىغىپ ئۇنى ئاللانىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە ( يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پىشانىلىرى ، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ . ئۇلارغا :«بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن كۈمۈشۈڭلار ( سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى ئاللانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار) ،يىغقان ئالتۇن كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ ».

ئاللا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«( ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە ( ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن.» (سۈرە تەۋبە ١٠٣- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئايەتلەردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى ، توپلىغان مال مۈلكىڭىزدىن بىر قىسمىنى ئايرىپ ئېلىپ، ئاللا يولى ئۈچۈن ئىشلەتمىسىڭىز، بۇ مال- مۈلۈكىڭىز پاك بولماي قالىدۇ، ئۇنى پاكلاشتۇرۇشنىڭ بىردىن بىر ئۇسۇلى

اللهقا تېگىشلىك بولغان قىسمىنى ئايرىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىگە سەدىقە بېرىشتىن ئىبارەت.

ھەدىستە مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار، ئالتۇن كۈمۈش توپلىغۇچىلارغا قىيامەت قايىم بولغانلىقىنىڭ سىگنالى چېلىنىپ ، الله ئەرشكە باش سودىيە بولغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا ئىنتايىن ئېغىر كۈلپەت چۈشىدىكەن، شۇ چاغدا يېنىدا بىر تىيىنمۇ قالدۇرمايدىكەن ، بارلىق مال- مۈلكىنى ئىشلىتىۋېتىدىكەن، شۇ چاغدا چوڭ خەلىپە ئۆمەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگىلى بېرىپ ، خەلقنىڭ كۈلپەتلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىدىكەن ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدىكەن : «اللهنىڭ زاكىتىنى ئاساسلىق بۇيرۇق قىلىش ، سىلەرنىڭ ئېشىنغان مال مۈلكۈڭلارنى پاكلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.»

يەنە بىر ئابزاس ھەدىسنى ئەبۇ سەئىد خۇزەرى بايان قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ئۆز مال-مۈلكىڭدىن زاكات ئايرىغان چاغدا ، سەن تۆلەشكە تېگىشلىك باجمۇ تۆگەيدۇ.» دېگەن.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئايەتلەردە يەرلىك مەھسۇلات ۋە ئالتۇن كۈمۈش ئۈچۈن زاكات ئايرىش توغرىسىدا يول يورۇق كۆرسىتىلگەن ، لېكىن ھەدىسكە ئاساسەن ، تاۋار، تۆگە ، كالا ۋە قوي ئۈچۈنمۇ زاكات تۆلەش كېرەك.

## بىر قانچە تۈرلەردە زاكات ئېلىشنىڭ تۆۋەن چېكى

كۈمۈش:

ئالتۇن؛

تۆگە: ٥ دانە قوي: ٤٠ دانە كالا: ٣٠ دانە

تاۋار:٥٢ ، ١/٢ كۈمۈشكە باراۋەر كېلىدىغان تاۋار. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك نەرسىلەر ئۆزىدە بىر يىل بار بولغان كىشىلەر، ئۇنىڭ ٣٠ دىن ١ قىسمىنى ئېلىپ زاكات بېرىشى كېرەك. ئالتۇن ۋە كۈمۈش توغرىسىدا ھەنىفە مەزھىپىدىكىلەر ئۇنى ئايرىپ ھېسابلاشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ ، يەنىلا باج

ئېلىشنىڭ تۆۋەن چېكىگە يەتمىگەن، لېكىن بىرلەشتۈرۈپ ھېسابلىغاندا باج ئېلىش ئۆلچىمىگە يەتكەن ، شۇڭا چوقۇم زاكات بېرىشى كېرەك.

## ئۈنچە-مەرۋايىتتىن ئېلىنىدىغان زاكات

ئەگەر ئالتۇن كۈمۈش ئارقىلىق زىننەت بويۇملىرى ياسىسا چوڭ خەلىپە ئۆمەر ۋە ئىبنى مەسئۇدنىڭ تەشەببۇسى بويىچە ئۇنىڭدىن چوقۇم زاكات ئېلىش كېرەك. ھالبۇكى چوڭ ئىمام ھەنىفە بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلغان. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن : بىر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ئايالنىڭ قولىغا ئالتۇن بىلەيزۈك سېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن :« سىلەر زاكات تاپشۇرمىدىڭلارمۇ؟ » دەپ سورىغان، ئۇلاردىن بىرى «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام :« سىز قىيامەت كۈنى قولىڭىزغا ئوتتىن ياسالغان بىلەيزۈكنى سېلىشنى خالامسىز؟» دېگەن.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ھەدىسنى بۇۋى سەلىمە بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھوشۇقىغا سالىدىغان ئالتۇن بىلەيزۈكى بار ئىكەن، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇ توپلىغان مال-مۈلكۈم الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرامدۇ يوق؟ دەپ سورىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام :« ھوشۇق بىلەن بىلەيزۈك بىساپتىن تۆۋەن بولسا، سىز زاكات تۆلىگەن بولسىڭىز، بۇ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنىدىغان مال مۈلك بولمايدۇ.» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ ھەدىستىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئالتۇن كۈمۈش زىننەت بويۇملىرى ياسىغان تەقدىردىمۇ ، يەنىلا ئۇنىڭغا زاكات تاپشۇرۇش كېرەك. خۇددى نەق پۇلغا ئوخشاش، لېكىن ئالماس ئۈنچە مەرۋايىتتىن زاكات ئېلىنمايدۇ.

## زاكاتنى كىم قوبۇل قىلىشى كېرەك؟

قۇرئاندا تۆۋەندىكى ٨ خىل ئادەمنىڭ زاكاتنى قوبۇل قىلىشى بەلگىلەنگەن:

(١) كەمبەغەللەر

ئازراق پۇلى بولسىمۇ لېكىن هايات كەچۈرۈشكە يەتمەيدىغان، تۇرمۇشى قىيىن بولسىمۇ ، لېكىن باشقىلاردىن تەلەپ قىلمايدىغانلار. بۇ تەبىرنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ، ئىبنى ئاببىاس ۋە بۇرۇنقى باشقا داڭلىق ئەربابلار.

(٢) يوقسۇللار

هېچنىمىسى يوق ، تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئادەملەر، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر خىزمەت قىلىش ئىقتىدارى بار، لېكىن خىزمەت تاپالمىغانلارمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ دەپ قارايدۇ.

(٣) ئۆشرە زاكات تۆلەشكە قەرزدار كىشىلەر

ئىسلام دىنى هۆكۈمىتى ئۆشرە-زاكات يىغىشقا ئەۋەتكەن كىشىلەر، ئۇلار ئېرىشكەن زاكات ، زاكات فوندىدىن تۆلىنىدۇ.

(٤) ئىسلام دىنىغا مايىل كىشىلەر.

بىر خىل كىشىلەر بار، ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوللاش ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنى توسۇش ئۈچۈن پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇشى مۇمكىن ، يىغىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەرمۇ شۇ تۈرگە كىرىدۇ.

بىر ئادەم ئەگەر كاپىرلاردىن قۇتۇلۇپ، ئىسلام قاتارىغا كىرسە، لېكىن ئۇ ئىشسىز قالغان بولسا ياكى كەمبەغەل بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى بار. گەرچە ئۇ ئەسلىدە باي بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يەنىلا زاكات بېرىشكە بولىدۇ . هۆنەيىن جېڭى مەزگىلىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئولجا ئالغان ئولجىلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئايرىپ ئېلىپ، يېڭىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەرگە بەرگەن، ئۇلاردىن ھەر بىرىگە يۈزدىن تۆگە تەقسىم قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا :« بۇ ئادەملەر كاپىرلىقنى تاشلاپ ئىسلام

دىنىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى خۇشال قىلىش كېرەك.» دەيدۇ.

«قەلبى ئىنتىلپاقلاشقانلار»غا مۇنداق بىر تەبىر بېرىدۇ. ھەر قاندان بىر خىرىستىيان مۇخلىسى، يەھۇدى مۇرتى، مۇسۇلمان ئەمەسلەر، مەيلى ئۇلار باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ئىسلام دىنىغا كىرسلا قەلبى ئىنتىلپاقلاشقانلا ر بولىدۇ.

(٥) ئۇستىخىنىنى ساتقۇچى قۇللار.

قۇللار ، يېلىنغان ئەركىن كىشىلەر، ئۇلارنىڭ خوجايىنىغا ئۇستىخىنىنى ساتقان پۇلنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن زاكات بېرىش كېرەك. ھازىر قۇللۇق تۈزۈم مەۋجۇد ئەمەس، شۇڭا مېنىڭ شەخسەن قارىشىم، سوت مەھكىمىسىگە جەرىمانە ھەققىنى تۆلىيەلمەيدىغان، شۇ سەۋەبتىن تۈرمىگە سېلىنىدىغانلەرمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ، ئۇلارغا زاكات بېرىش، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك .

(٦)قەرزدارلار

بۇ باشقىلارغا قەرزدار بولۇپ قالغانلارنى كۆرسىتىدۇ . لېكىن ئۆزىدە مىڭ يۈەن پۇل بار بولۇپ يەنە باشقىلارغا يۈز يۈەن قەرز بولۇپ قالغانلارنى كۆرسەتمەيدۇ، يەنى بۇ ئادەم قەرزنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئېشىپ قالغان پۇلى زاكات ئېلىش ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار ھەددىدىن زىيادە بۇزۇپ چېچىپ ياكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ قەرزدار بولۇپ قالغانلارغا زاكات بەرمەسلىك كېرەك دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇلارغا زاكات بېرىش ئۇلارنىڭ داۋاملىق بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلىشى ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشىغا ئىلھام بەرگەنلىكتىن باشقا ئىش ئەمەس.

(٧) يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىقتىسادسىز قالغان كىشىلەر

ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆيىدە پۇل بولىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ئۆيىدىن ئايرىلغاندا پۇلغا ئېھتىياجلىق بولسا، ئۇلارغا زاكات بېرىش كېرەك.

## قانداق ئادەمگە زاكات بېرىش، قانداق ئادەمگە زاكات

## بەرمەسلىك كېرەك؟

هازىرقى مەسىلە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سەككىز تۈرلۈك ئادەمگە قانداق ئەھۋال ئاستىدا زاكات بەرمەسلىكتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

(١) ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا ۋە ئوغلىغا زاكات بېرىشكە بولمايدۇ، ئەرلىرى ئاياللىرىغا، ئاياللىرىمۇ ئەرلىرىگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ. بارلىق فىقھشۇناسلار بۇ پىكىرگە بىردەك قوشۇلىدۇ. سىزگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان يېقىن تۇغقانلىرىڭىزغا زاكات بېرىشكە بولمايدۇ، يەنى دىنىي قائىدىلەرگە ئاساسەن سىزنىڭ ۋارىسىڭىز بولىدىغان يىراق تۇغقانىڭىزغا زاكات بەرسىڭىز بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا زاكات ئېلىشقا تېخىمۇ ھەقلىق. لېكىن ئىمام ئەنسارى: «زاكاتنى ئالغاندىن كېيىن تۇغقانلارنى ئىزدىمەسلىك كېرەك»دەيدۇ.

(٢) مۇسۇلمانلار زاكات ئېلىشقا ھەقلىق، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ زاكات ئېلىش هوقۇقى يوق.

ھەدىستە زاكاتقا مۇنداق دەپ تەبىر بەرگەن : «ئۇ ئاراڭلاردىكى بايلاردىن ئېلىنىپ، ئاراڭلاردىكى كەمبەغەللەرگە بېرىلىدۇ». لېكىن مۇسۇلمان بولمىغانلار ئادەتتىكى مېھرىبانلىقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. چۈنكى مېھرىبانلىق ئىشلىرىنى قىلغاندا دىن تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كەمسىتىشكە، مۇسۇلمان ئەمەس دەپ ئۇلارغا تېگىشلىك ياردەمنى تارتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

(٣) زاكاتنى شۇ يەرلىك كەمبەغەللەرگە بېرىش كېرەك.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ ۋە ئىمام مۇھەممەد بۇنى ئوخشاشلا تەشەببۇس قىلىدۇ. جاينىڭ زاكاتلىرىنى جايغا ئاپىرىپ سەدىقە بېرىش مۇۋاپىق بولمايدۇ. پەقەت جايدىكى كىشىلەرنىڭ زاكات ئېلىش سالاھىيتى بولمىسا ياكى جايدا تەبىئي ئاپەت يۈز بېرىپ، مەسىلەن: ( سۇ ئاپىتى، ئاچارچىلىق) قۇتقۇزۇشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولسا ئۇ ھالدا ئېلىشقا بولىدۇ.

(٤) بەزى ئۆلىمالار ئىككى ۋاق تاماققا قۇربى يەتكەنلەر زاكات ئالماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ، يەنە بەزى ئۆلىمالار ئۇن رۇپىيىسى بولغانلار زاكات ئېلىشقا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ، (يەنە بەزىلەر ٢١ رۇپىيىسى دېيىشىدۇ،) لېكىن ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مەزكۇر مەزھەپتىكى ئۆلىمالار پۇلى٥٠ رۇپىيىگە يەتمىگەنلەر زاكاتنى ئېلىشقا بولىدۇ، بۇ ئۆي، ئائىلە ئۇسكۇنىلىرى، ئات ۋە مالاي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ دەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا گەرچە ئۇنىڭدا بۇلارنىڭ ھەممىسى بولسىمۇ، لېكىن يىنىدىكى پۇلى ٥٠ رۇپىيىگە يەتمىسە، زاكات ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن قانۇننىڭ بىر ئىش ئادەتلىنىپ قالغان پرىنسىپلارنىڭ يەنە باشقا ئىش ئىكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئادەتلىنىپ قالغان پرىنسىپتا مۇھەممەد〖سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللام!〗مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك ئىككى ۋاق تاماققا قۇربىتى يەتسە، ئۇ يەنە باشقىلارغا قولىنى سوزۇپ تىلەمچىلىك قىلسا، ئۇ ئۆزىگە ئوت ئىزدىگەنلىك بولىدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللام مۇنداق دېگەن: «مەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوتتۇن سېتىپ جان بېقىشىغا رازىمەنكى، تىلەمچىلىك قىلىشنى خالىمايمەن.» ئۈچىنچى يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن : « بىر ئادەمنىڭ يەيدىغان نەرسىسى بولسا ياكى تېنى ساغلام، تىمەن، كۈچلۈك بولۇپ جېنىنى باقالايدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇ زاكاتنى ئالماسلىقى كېرەك. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىيجاناب ساۋاق. قانۇنغا كەلسەك،ئۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ زاكاتنى قوبۇل قىلىشىدىكى ئەك تۆۋەن چېكى». باشقا بىر ھەدىستىكىگە ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ. مۇھەممەد〖سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللام!〗مۇنداق دېگەن: « بۇ ئىشلەمچىنىڭ ھوقۇقى، گەرچە ئۇ ئاتقا مىنىپ كەلگەن بولسىمۇ».

بىر ئادەم مۇھەممەد ﴿سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللام!﴾ دىن «مىنىڭ ئارانلا ١٠ دانە پارچە پۇلۇم بار، مەن كەمبەغەل ھېسابلىنامدىمەن؟»دەپ سورىغاندا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللام « ھەئە » دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىر قېتىم ئىككى ئادەم مۇھەممەد﴿سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللام!﴾دىن زاكات سورىغان، مۇھەممەد﴿سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللام!﴾ ئۇلارغا دىققەت بىلەن بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن، «ئەگەرde سىلەر خالىساڭلار مەن بېرىمەن، لېكىن بۇ بايلىقنىڭ ئىچىدە بايلارنىڭ ھەققى يوق، بەلكى جېنىنى باقالايدىغان، ئەسكەرلىككە يارايدىغان يىگىتلەرنىڭ بار» دېگەن. يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بايلىققا ئىگە كىشلەر زاكات ئېلىش سالاھىيتى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ھەمدە زاكات ئېلىش سالاھىيتىگە توشقانلار بولۇپ ئۇلار قەلەندەرلەر تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇلارغا زاكات بېرىشكە بولىدۇ. ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى زاكات ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلار اللهقا ئېھتىياجلىق ئادەملەر بولىدۇ.

## كوللېكتىپ ھالدا زاكات يىغىش تۈزۈمى

زاكاتقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم يول يورۇقلارنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. لېكىن يەنە بىر مۇھىم ئىش بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغاش كېرەك. يېقىنقى زامان مۇسۇلمانلىرى ئۇنتۇپ كەتكەن بىر ئىش، ئىسلام دىنىدا ھەرقانداق بىر ئىشنى كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىش، شەخسىيەتچىلىكنى ياقتۇرماسلىق بولۇپ، ئەگەر ئۆيىڭىز مەسچىتكە يېقىن بولمىسا، ئامالسىز نامازنى ئۆيىڭىزدە ئوقۇيسىز، بۇ توغرا. لېكىن بۇ يەردە تەلەپ قىلغىنى كوللېكتىپ ئىبادەت ئەمەس بەلكى كوللېكتىپ تەشكىلات بولمىسلا ئۆزىڭىز يالغۇز سەدىقە، زاكات بەرسىڭىزمۇ خاتا بولمايدۇ. لېكىن يەنىلا زاكاتنى توپلاپ ئىشلىتىشكە تىرىشىپ ئۇنى تۈزۈمگە

ئايلاندۇرۇش كېرەك.

قۇرئاندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن:

« (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتكەيسەن... » (سۈرە تەۋبە ١٠٣-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، الله مۇھەممەد 〖سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللام!〗غا مۇنداق بۇيرۇق بەرگەن: «مۇسۇلمانلاردىن زاكات يىغىش مۇسۇلمانلارنى ئۈزلۈكىدىن سەدىقە، زاكات بېرىشكە بۇيرۇق قىلغانلىق بولمايدۇ».

ئوخشاشلا زاكاتنىڭ ئېچىدە مەلۇم بىر قىسمىنى زاكات يىغقۇچىغا بېرىش كېرەك. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى قەرەللىك ھالدا زاكات ئېلىپ، ئۇنىڭغا سىستېمىلىق ھالدا سەدىقە بېرىش.

ئوخشاشلا مۇھەممەد〖سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللام!〗 مۇنداق دېگەن: «مەن بۇيرۇققا ئاساسەن ئاراڭلاردىكى بايلاردىن زاكات ئېلىپ، ئۇنى ئاراڭلاردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بىرىمەن».

مۇھەممەد〖سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللام!〗 ۋە تۆت چوڭ خەلىپىنىڭ ھەممىسى بۇ تۈزۈمگە رىئايە قىلغان. بارلىق زاكاتنى ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى يىغقان ھەمدە مەركەز بىر تۈتاش تارقاتقان زاكات يىغىش چارىسى،بىر تۈتاش تەقسىم قىلىش چارىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزۈڭلار زاكات چىقىرىپ، بەلگىلىمە بويىچە سەدىقە بەرسەڭلار بولىدۇ. زاكاتنى بىر تۈتاش يىغىپ، بىر تۈتاش تارقىتىش تۈزۈمىنى قانداق قىلىپ تۇرغۇزۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى. چۈنكى ئەگەردە بىر تۈزۈم بولمىسا، زاكات ئۆز فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

# ٦- بۆلۈم ھەج قىلىش

# ١. لېكسيە ھەج قىلىش

ئىسلام قېرىنداشلار!

ئالدىنقى بىر نەچچە ھەپتىدە كۆپچىلىككە ئىبادەت قىلىش، روزا تۇتۇش ۋە زاكات بېرىشنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قانداق قىلىپ ئىسلام خىسلىتىگە ئىگە قىلىپ، اللهنىڭ رازىلىقىنى ئالدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. بەش پەرزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرى ھەج قىلىش بولۇپ، مەن كۆپچىلىككە ھەج قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

## ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئەرەب يېزىقىدىكى**اﻟ HA** (ھەج) سۆزى(مۇقەددەس جاينى تاۋاپ قىلىش) دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرى **KABA** ( كەبە) نى تاۋاپ قىلىشقا ئىرادە باغلىغانلىقتىن ھەج قىلىش دەپ بەلگىلەنگەن.

## ھەج قىلىشنىڭ پەيدا بولۇش مەنىسى

ھەج قىلىشنىڭ پەيدا بولۇشى ئىنتايىن تەربىيۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق ئىگىلىۋېلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن دىققەت بىلەن ئاڭلىشىنى سورايمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سىلەر ھەج قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايسىلەر.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئەھۋاللار

ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە يەھۇدىي دىنى مۇرىتلىرىدىن ئىبراھىمنى بىلمەيدىغانلاردىن بىرمۇ ئادەم يوق. پۈتۈن يەر شارى نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن

ئىككىسى ئۇنى داھىمىز دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. ئۈچ پەيغەمبەر، يەنى مۇسا، ئەيسا ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسساللاملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەۋلادى. ئۇ ياندۇرغان چىراغ پۈتۈن دۇنيانى يورۇتتى ھەمدە پۈتۈن دۇنيانى باشلاپ ماڭدى. ئۇ تەخمىنەن بۇنىڭدىن ٤٦٠٠ يىل ئىلگىرى ئىراقتا تۇغۇلغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا اللهنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ھېچكىم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ھېچكىم اللهنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ ئۇنىڭ بەرگەن رىزقىغا شۈكرى قىلمايتتى. شۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن دۆلەت ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار دۆلەت ئىدى. شۇنداقلا ساختا تەلىمات جەھەتتىمۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. گەرچە سەنئەت، ئىلىم-پەن، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت قاتارلىق جەھەتلەردە ھەممىدىن بەك تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتلەرنىڭ ئادەملىرى«يالغان نەرسىگە ئېتىقاد قىلىشقا بولماسلىق»تىن ئىبارەت ئەڭ ئاددىي داۋلىنىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇلار بۇتقا ۋە يۇلتۇزغا ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلمىي ئۇقۇم، بۇتقا چوقۇنۇش، رەم سېلىش، جادۇگەرلىك، ئەپسۇن ئوقۇش، تۇمار قاتارلىقلار ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بولۇپ، خىرىستىيانلىقلار ئارىسىدىكى ئۇلىما (PANDIST) ۋە(BRAHMINS) قا ئوخشايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى مۇقەددەس بۇتخانىلارنى ساقلايدىغان بۇددا روھانىيلار سىنىپى خەلقىنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ۋە خۇشاللىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى ھەمدە روھى دۇنيانىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزەتتى. ئادەتتىكى ئاما بۇددا روھانىيلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قاراپ ياماں تەقدىرلەرنى ئېلىپ تاشلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالاتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشاھ خەلقنى قۇل قىلىشقا ئوڭايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆز خىلى بولغان روھانىيلار سىنىپى بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشاتتى. بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت روھانىيلار سىنىپىنى قوللايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن روھانىيلار سىنىپى خەلق

ئامىسىغا: «پادىشاھ - دۆلەت ۋە خەلقنىڭ خوجايىنى، شۇنداقلا ئىلاھنىڭ بىرى، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۆزى قانۇن بولىدۇ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى ئۇنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ.» دېگەنلەرنى سىڭدۈرەتتى. بۇنداق بولۇپلا قالماستىن خەلق ئامىسىغا پادىشاھنىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيتى بارلىقىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر قانداق نەزرى-چىراق پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلەتتى.

## ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى روھانىيلار سىنىپىغا تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا- ئانىلىرى شۇ جاينىڭ ئۆلىماسى ۋە ئېسىلزادىسى ئىدى. ئۇ ئالدىغان تەربىيمۇ دەل بۇددا روھانىيلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئالدىغان تەربىيە ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا مۇشۇ دائىرىدىن چىقالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى PIRIS ياكىPIRAZADAHS ياكى ئىدى. بۇتخانىنىڭ تۆرىدىكى ئورنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ياخشى داھىي بولۇشى ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى مول تەربىيە بۇيۇملىرىمۇ ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. نۇرغۇنلىغان تالىپلار ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كىرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئىلاھ بىلەن ئالاقىلىشالايمەن دەپ ئاتىۋېلىپ پال ئېچىش شەكلى ئارقىلىق يۇقىرىدا پادىشاھتىن تۆۋەندە ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە ئەخمەق قىلالايتتى. قارا تۇتەك بىلەن قاپلانغان بۇ نەم، دىمىق ھاۋادا ھەقىقەتكە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. ھېچكىم ھەقىقەت نۇرىغا ئېرىشەلمەيتتى. شۇنداقلا ئومۇمى يۈزلۈك ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى تاشلاپ ھەقىقەت ئىزدەشنى، ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشنى خالىمايتتى.

## ئىبراھىمنىڭ چىگرىنى ئېنىق ئايرىغانلىقى توغرىسىدىكى

## خىتابنامىسى

لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايتتى. ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا مىجەزى باشقىلارنىڭكىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇ چوڭ بولۇپ ئۆزى تەپەككۇر قىلالايدىغان ۋاقىتتا : قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىشى ، قۇللاردىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ تاش مەبۇدلارنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەر قولى بىلەن ياسايدۇ. بۇ پادىشاھلار بىز بىلەن ئوخشاش ئادەم تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئىلاھ قىلىۋالىمىز؟ ھېچقانداق ئىش قىلالمايدىغان بۇ نەرسىلەر ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن قۇتۇلالمىسا، ئۆزىگە-ئۆزى ياردەم بېرەلمىسە، ئۆزىنىڭ ھايات-ماماتىنى ئىگىلىيەلمىسە، ئىنسانلار يەنىلا ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۇلارغا بويسۇنىدىكەن، بۇ زادى قانداق ئىش؟ بۇ دۇنيادا بىز كۆرەلەيدىغان نەرسىلەر ۋە بىز بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى باشقا بىر كۈچكە تايانماي قالمايدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن ئۇلارنىڭ قايسىسى بىزنىڭ خۇدايىمىز بولالايدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىزنى يارىتالمايدۇ، ھېچقايسىسى بىزنىڭ ھايات - ماماتىمىزنى، بەخت ۋە بېشىمىزغا كېلىدىغان بالايى ئاپەتلەرنى،ھايات كەچۈرۈشىمىزنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالمايدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، مەن نېمەئۈچۈن چوقۇم ئۇنى ئۆزۈمگە خوجايىن قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرىمەن؟ بارلىق كائىناتنى ياراتقۇچى، ھەممە ئېتىقاد قىلغۇچى، ھايات-ماماتنى، بەخت سائادەتنى ۋە بالايىئاپەتنى بەلگىلىگۈچى خوجايىنلا مېنىڭ ئىگەم بولىدۇ ، دېگەن مەسىلىلەر ئۇستىدە چوڭقۇر ئويغا پاتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام باشقا مىللەتلەر ئېتىقاد قىلغان ئىلاھقا ئېتىقاد قىلماسلىق قارارىغا كېلىپ، خەلققە ئاشكارا ھالدا مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى:

«ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلاردىن ئادا-جۇدامەن. مەن ھەقىقەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ،

ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن. » (سۈرە ئەنئام ٧٨-، ٧٩- ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى)

## بالايى ئاپەت چۇشۇش

ئىبراھىم ئۇنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بېشىغا ئارقا- ئارقىدىن بالا-قازا چۈشتى. ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى قوغلاپ چىقىرىمەن دەپ تەھدىت سالدى. قەۋمدىكىلەر ئۇنى ھېچقانداق قوغدىمىدى. ھۆكۈمەتمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇردى. ئاخىر ئۇ شاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىندى. لېكىن ئۇ يەككە، ئۆلۈمنى بىر يەرگە قايرىپ قويغان ئادەم، پولاتتەك مەزمۇت تۇرۇپ كۆز ئالدىدىكى بارلىق قىينچىلىقلار ئالدىدا قىلچە ھودۇقماي ئەدەپ بىلەن دادىسىغا : « مېنىڭ بىلمىمنى ھەرگىزمۇ سىز ئاتا قىلمىغان، شۇڭا مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلمايمەن. ئۆزۈمنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار» دەيدۇ. ئۆز قەۋمدىكىلەرنىڭ تەھدىتىگە قارتا ئۇ ئۆز قولى بىلەن بۇتلارنى چېقىۋېتىپ ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان مەبۇدىنىڭ قانچىلىك جانسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ شاھ ئوردىسىدا قەيسەرلىك بىلەن مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى: «سىز مېنىڭ ئىگەم ئەمەس. مېنىڭ ئىگەم سىزنى ۋە بىزنىڭ ھايات-ماماتىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئاللاھ، ئۇنىڭ قانۇن دائىرىسىدە ھەتتا قۇياشمۇ ئۇنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن يولى بىلەن ماڭىدۇ. »ئوردا ئاخىرى بۇ ئادەمنى كۆيدۈرۈشنى قارار قىلدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پولاتتەك قەيسەرلىك بىلەن قىلچە تەۋرەنمەستىن، بىردىن-بىر ھەقىقىي ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىپ بۇ جازانى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. الله ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ئارقىلىق ئۇنى ئوت جازاسىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئائىلىسى، ئۇرۇق-تۇغقىنى ۋە يۇرتىنى تاشلاپ يىراق جايغا كېتىدۇ.ئۇ ئايالى ۋە بىر ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ نەمۇنە سەرگەردانلىق قىلىپ يۈرىدۇ. ئەسلىدە بۇددا روھانىيلىرىنىڭ ئالىي ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە دىنىنىڭ داھىيسى بولىدىغان، بەخت

سائادەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان ھەمدە ئۇنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد مىراس قىلىپ بېرەلەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئۇلارنى ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ ئۆي-ماكانسىز، سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ يالغان ئىلاھ ئارقىلىق خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمايدۇ. ئۇ خەلقنى يېتەكلەپ اللەنىڭ باشقۇرۇشىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇ ئىش ئۈچۈن جازالاندى، ئۆي-ماكانسىز قالدى،تۇرمۇشى ئەندىشىدە قالدى

.

## كۆچۈش

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن سۇرىيە، پەلەستىن، مىسىر ۋە ئەرەبىستاندىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈردى، بۇنداق سەرگەردانلىقنىڭ جاپاسىنى پەقەت الله بىلىدۇ. ئۇ ئۆيىدىن ئايرىلغاندا ئوشۇقچە بىساتى يوق ئىدى. سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندىمۇ ھايات كەچۈرۈش يولىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ كېچە-كۈندۈز ئويلايدىغىنى پەقەتلا قانداق قىلىپ كىشىلەرنى بۇتقا چوقۇنۇشتىن ئۆزگەرتىپ اللەنىڭ سادىق چاكىرى قىلىش. ئۇنى ئۆزىنىڭ دادىسى ۋە قەۋملىرى سىغدۇرمىغان يەردە باشقىلار قانداقمۇ سىغدۇرسۇن؟ ئۇنى كىممۇ قارشى ئالسۇن؟ ھەممە جاي بۇتخانا ۋە بۇددا روھانىيلىرى بىلەن ئۆزىنى ئىلاھنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتىۋالغانلار، نادان، ئەخمەق ئەر-ئاياللار بىلەن تولۇپ كەتكەن تۇرسا بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قانداقمۇ خاتىرجەم بولالىسۇن؟ ئۇ ئۆزى ھېچقانداق ئادەمگە ئېتىقاد قىلمايلا قالماستىن بەلكى يەنە باشقىلارنىمۇ بىردىن-بىر اللەقا ئىشىنىشكە، يالغان ئىلاھقا ئىشىنىشكە زورلايدىغان كىشىلەرنى يوقىتىپ، اللەنىڭ قۇلى بولۇشقا نەسىھەت بېرىشكىمۇ ئادەتلەنگەن ئىدى.

مانا بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر جايدا ئۇزاق تۇرالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئۇ قانچىلىغان يىللارنى خۇددى كۆچمەن چارۋىچىدەك

ئۆتكۈزدى. بەزىدە KAN AN (كەنئاندىكى) ئادەم توپلاشقان جايدا، بەزىدە مىسىردا، بەزىدە ئەرەب چۆللۈكىدە ئۇنىڭ ياشلىقى مانا مۇشۇنداق ئۆتتى. قارا چاچلىرىنىڭ ھەممىسى كۆلرەڭگە ئۆزگەردى.

## بالىسىغا بولغان تەربىيە

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ٨٦ ياشقا كىرگەندە بىر پەرزەنت كۆرۈشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلدى. الله ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى، لېكىن اللهنىڭ بۇ چاكىرى ئائىلەم مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى دەپ قارىمىدى.ئۇ كەم دېگەندە ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھالال ياشاشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ياق، بۇ پېشقەدەم مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىن-بىر ئەندىشە قىلىدىغىنى دىن تاقىتىش ئىدى. ئۇ دىن تارقىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم ئۇنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك، شۇڭا ئۇ اللهدىن ئۆزىگە پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلىدى. الله ئۇنىڭ تىلىكىنى راۋا قىلدى. ئۇنىڭ ئۈمىدى پەرزەنتلىرىنى دىن تارقىتىشقا مىراسخورلۇق قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئىدى. بۇ مۇكەممەل ئەربابنىڭ ھاياتى بىر ساپ مۇسۇلماننىڭ ھاياتى ئىدى. ئۇ ئەمدىلا بالاغەتكە يېتىپ ھەق-ناھەقنى ئايرىيالايدىغان بولغاندا اللهنى تونۇيالىدى. الله ئۇنىڭغا 〖ASLIM〗 ( مەنىسى- مۇسۇلمان بولساڭ، ئۆزۈڭنى ماڭا، پەقەتلا ماڭا تاپشۇر ) دېدى. ئۇ مۇسۇلمانچە ئاتاشتا مۇنداق دەپ قەسەم بەردى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم. » (سۈرە بەقەرە ١٣١- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بۇ سەممىي ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ قەسىمدە چىڭ تۇرۇپ بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن، ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنى مۇراسىملىرىدىن، شۇنداقلا شۇ ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان بايلىقتىن ۋاز كېچىپ، ئوت جازاسىدىن ئىبارەت خەتەرگە قارىماي، بىر دۆلەتتىن يەنە بىر

دۆلەتكە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. الله ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى سەرپ قىلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن اللهنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىردا خۇدا بىر ئوغۇل بەرگەندىمۇ ئوغلىنىڭ بۇ دىنىنى ۋە ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

## ئەڭ ئۇلۇغ سىناق

نۇرغۇن جاپالارنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۇنى يەنە بىر سىناق - ئۇنىڭ اللهقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ياكى چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ سىناق ئۇنىڭدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېرىشكەن ئوغلىنى جىمى مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى بولغان الله ئۈچۈن قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى.ئۇ بۇ سىناقتىن ئۆتتى. ئۇ دەل ئوغلىنى بوغۇزلاشقا تەمشەلگەندە اللهدىن مۇنداق دەپ ۋەھى كەلدى. بۇ ۋەقە قۇرئاندا مۇنداق دەپ ۋەھى قىلىنغان:

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمىرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى، الله (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن»دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ»دېدى. الله: «مېنىڭ ( پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى. (سۈرە بەقەرە ١٢٤- ئايەت)

## ئىنسانلارنىڭ داھىيسى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق قىلىپ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ كۆتكىنىدەك دۇنيا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسىغا ئايلاندى. ئۇ بۇ ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلارغا مەخسۇس

تۇرۇشلۇق ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىگە ۋەكىل قىلىشنى ھاۋالە قىلدى. بۇ دىنىنى تارقىتىش خىزمىتىدە ئۈچ ئادەم ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. بىرى ئۇنىڭ ئوغۇل جىيەنى (لوت)، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل (بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا ھاياتىنى قۇربان قىلىشنى ئېيتقاندا ئۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان)، ئۈچىنچىسى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئىسھاق.

## لوتنى ئىئوردانىيىدە تۇرۇشقا ئەۋەتىش

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغۇل جىيەنى لوتنى سۇدۇم شەھرىگە ( يەنى ھازىرقى ئىئوردانىيىگە) ئەۋەتىدۇ. بۇ جايدىكى كىشىلەر ئۆرپ-ئادەتكە مۇخالىپ ئىشلارنى بەك قىلاتتى. ئىبراھىمنىڭ مەقسىتى ئىلاھنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ خەلققە نەسىھەت قىلىش ۋە كەڭ دائىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئىدى. چۈنكى ئىران، ئىراق، مىسىرنىڭ سودىگەرلىرى بۇ جايدىن دائىم ئۆتۈپ تۇراتتى. بۇ جايدا دىن تارقاتقاندا ئىككى تەرەپكە تارقاتقىلى بولاتتى.

## ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى پەلەستىندە تۇرۇشقا ئەۋەتىش

كىچىك ئوغلى ئىسھاقنى كەنئەنگە يەنى ھازىرقى پەلەستىنگە ئەۋەتىدۇ. بۇ جاي سۈرىيە بىلەن مىسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز ياقىسىدا بولغانلىقتىن باشقا دۆلەتلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. مۇشۇ جايدىن ئىسلام ھەرىكىتى ئىسھاقنىڭ ئوغلى ياقۇپ (يەنە بىر ئىسمى ئىسرائىل) ۋە نەۋرىسى يۈسۈف ئارقىلىق مىسىرغا سىڭىپ كىردى.

## ئىسمائىلنى ھېجازدا تۇرۇشقا ئەۋەتىش

چوڭ ئوغلى ئىسمائىل ھىجاز دۆلىتىنىڭ مەككە شەھرىدە ئىبراھىم بىلەن بىر

مەزگىل تۇرۇپ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئەرەبنىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىدۇ.

## كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئاتا-بالا ئىككىيلەن بۇ جايدا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى يەنى بۈگۈنكى دۇنياغا مەشھۇر كەئبىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ الله ئۆزى تاللاپ بەرگەن جاي. بۇ جاي خۇددى مەسچىتكە ئوخشاش ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلمەستىن بەلكى، ئۇ باشتىن-ئاخىر ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ دىن تارقىتىش مەركىزى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مەقسىتى پۈتۈن دۇنيادىكى اللهقا ئىشىنىدىغان مۆرىتلارنىڭ بۇ يەرگە يىغىلىپ اللهنىڭ « ئىبادەت » نى كوللىكتىپ ئورۇنلاپ ئاندىن ئىسلام دىنى ئۈچۈرلىرىنى ھەر قايسى جايلارغا ئېلىپ كېتىش. مانا بۇ چوڭ كۆلەمدىكى يىغىلىش ھەج قىلىش دېيىلىدۇ. كەبە قانداق قۇرۇلغان؟ ئاتا-بالا ئىككىيلەن قانداق ھىسياتتا تۇرۇپ بۇ تامنى سالغان؟ ھەج قىلىش قانداق باشلانغان؟ بۇلار قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا )مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن( يەنى ھەجنى تەرىك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، الله ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر. » (سۈرە ئال ئىمران ٩٦-،٩٧-ئايەتلەر)

«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئەمىن (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، اللهنىڭ نېئمىتىنى ئىنكار قىلامدۇ؟» (سۈرە ئەنكەبۇت ٦٧-ئايەت.)

كەبە مەڭگۈ تىنچ، لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاش

توختىماي بولۇپ تۇرىدۇ. چەيدەس بەيتۇللالىقلار ئاتىسنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ چەكلەنگەن رايون ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا چىقلالمايدۇ.

## ئىبراھىم ۋە ئىسمائىلنىڭ دۇئاسى

ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشلەرگە) مەقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق). ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى(يەنى كەئبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن. »دېدى. الله «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن» دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت! ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئايىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن،بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى ( يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن،ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى. (سۈرە بەقەرە ١٢٥-،١٢٩- ئايەتلەر)

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ جاي قىلىپ بەرگەن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى. كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن ، ئۇ مىنىڭ دىنىمدىندۇر. كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا ( قادىرسەن). پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى(يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى بىر ئېكىنسىز ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم. پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن. » (سۈرە ئىبراھىم ٣٥-،٣٧- ئايەت)

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللانىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق. ئۇلارغا ئېيتتۇقكى: «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن. تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا ، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى ) ھەجگە چاقىرىپ ئىندا قىلغىن. ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان(دىنى ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن. بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللىرىنى ( يەنى قوي، تۆگە، ئۆچكىلەرنى اللهنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ) اللهنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قۇربانلىق قىلسۇن ». سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىنى يەڭلار، موھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار. (سۈرە ھەج ٢٦، ٢٨ ئايەت)

مۇسۇلمان قېرىنداشلار مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بەش پەرزى بولغان ھەج قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى. سىلەر مەككىنىڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا

ئاساسەن دۇنياغا بىرىنچى قېتىم ئىسلام دىنى تارقاتقان باش شتاب ئىكەنلىكىنى بىلگەنسىلەر؟ ئىسلام ئەقىدىلىرى كەئبىدىن پۈتۈن دۇنياغا تارالغان. اللهنىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىدىغان، اللهقا ئىتائەت قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئېرىق ۋە دۆلەت ئايرىماي مۇشۇ مەركەزگە قاراپ، بىر يىلدا بىر قېتىم جەم بولۇش ئۈچۈن ھەج قىلىش تۈزۈمى مانا مۇشۇنداق ئورنىتىلغان. ئۇلارنىڭ ھاياتى خۇددى چاققا ئوخشاش چاقنىڭ ئوقنى چۆرىدەپ مەڭگۈ ئايلىنىدۇ.

## 2.لىكسىيە   ھەج قىلىشنىڭ تارىخى

ئىسلام قېرىنداشلار، ئۆتكەن قېتىمدا كۆپچىلىك ھەج قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشنى، مەقسىدىنى، ئىبراھىم ئەلەھىسسالامنىڭ مەككىنى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرغانلىقنى، ھەمدە ئوغلى ئىسمائىلنى بۇ ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئاشۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق.

## ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىنىڭ بۇتقا چوقۇنۇش ئادىتى

ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قانچىلىك ۋاقىت دىنغا ئېتقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى پەقەت اللەلا بىلىدۇ. ئىشقىلىپ نەچچە يۈز يىلدىن كىيىن بۇلار ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ پەيدىن-پەي بىلمەيدىغان مىللەتلەر ئارىسدا ئومۇملاشقان خاتا ئۇسۇللارنى قوللۇنۇشقا باشلىدى. نەچچە يۈز مەبۇد كەئبىگە قويۇلدى،   بۇ كەئبە ئەسلدە ئىنسانلارنى بىردىن-بىر خۇداغا ئىشىنىشكە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئىدى، ھازىر ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسالام بىلەن بالىسىنىڭ بۇتنى ياسىدى، ئۇ ئىنتايىن كۈلكىلىك ئىش. ئىبراھىم ئەلەيھىسالام بىلەن بالىسى پۈتۈن ئۆمرىنى ئەشۇ بۇتقا چوقۇنۇشنى

تۆگىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئىدى. ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى ياسىغان بۇتلار ئارىسىدا لات، مانات، ھۇبەل، ئۇززا ISSAT,YAGHUS,NASIR قاتارلىقلار بار ئىدى ھەممە ئۇلارغا چوقۇناتتى، ئۇلار ئاي ۋە نىپتون (NIPTON) ، ۋېنىرا (VENUS)، ساتورىن (SATRURN) قاتارلىق يۇلتۇزلارغا چوقۇناتتى، ئۇلار جىن (JINNS) ، ئەرۋاھلارغا (GHOSTS) ، پەرىشتىلەرگە

(ANGELS) ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كەلگىنىگە تېخىمۇ چوقۇناتتى، ئەڭ يامان يېرى شۇكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى مەبۇدى كارغا كەلمىسە ئۇلار پارقىراق سىلىق تاشتىن بىرنى تېپىپ كېلىپ شۇنىڭغا چوقۇناتتى. تاش تاپالمىسا ئازراق سېغىز توپا ئەكىلىپ قوي سۈتى قۇيۇپ يۇملاق قىلىپ ، شۇنىڭغا چوقۇناتتى، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ بىر دۆۋە تاشلار ئۇلارنىڭ ئىلاھى بولۇپ قالاتتى. ئىبراھىم بۇرۇنقى كۆنلەردە ئىراقتا قارشى تۇرغان بۇددا روھىيانلىرى سىنىپى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مانا مۇشۇنداق كىرىپ كەئبىنى مۇقەددەس شەھەر لۆھ، ھەج قىلىشنى تاۋاپ قىلىشقا (ھىندى دىنىدىكى تاۋاپ قىلىشقا) ئۆزگەرتىپ، كەئبىدە بۇتقا چوقۇنۇشنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان. بۇ ئۆي ئەسلدە پەقەت اللهقا ئىشىنىشنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ياسالغان بۇ بۇددا روھىيانلىرى سىنىپى ، ئەرەبىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سەجدە قىلغىلى كەلگەن خەلقنى قايمۇقتۇرغان، ئۇلارغا سوۋغا تەقدىم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئوغلى قۇرغان شانلىق ئىش بىتچىت بولۇپ، ئۇلار باشلىغان ھەج قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى، خاراكتىرىنى تامامەن ئوخشمايدىغان باشقا بىر دىن ئىگەللەپ كەتكەن.

## ھەج قىلىش قانداق بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن؟

(١) شئېر ئوقۇش مۇسابىقىسى

ھەج قىلىش قانداق شەكىلدە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن؟ ئاشۇ نادان يىللاردا بىر قېتىم توپلىشىدىغان( بىر يىلدا بىر قېتىم توپلىشىدىغان)بازار بولۇپ، ھەر قايسى چوڭ

قەبىلىلەر ھەر يىلى نۇرغۇنلىغان ئاممىنى باشلاپ مەككىگە كىلىپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا چىدىر تىكىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ شائىرلىرى ۋە قىززىقچىلىرى مەيدانغا چۈشۈپ ئاغزى بىسلماستىن ئۆز مىللىتىنىڭ كەڭ قوساقلىقىنى مەدھىيلەپ، ئۆزىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق باشقىلارنى چۈشۈرۈپ، مەسخىرە قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى.

(٢) قەستەن كەڭ قورساقلىقلىقنى كۆرستىش

ئاندىن كىيىن مۇسابىقىدە كىم ئەڭ كەڭ قورساق بولسا، شۇ مىللەتنىڭ باشلىقى ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، چوڭ قازان ئىسىپ بۇرغۇن تۆگىلىرىنى سويۇپ پىشۇرىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى،ئۆزىنى كۆرستىش، ياخشى نامىنى پۈتۈن ئەرەبكە تارقىتىپ ھەممە ئادەممگە بىلدۇرۇش، بىرەرسى تۆگە سويۇپ نۇرغۇن نۇرغۇن ئادەملەرگە بەرسە، ئۇلار ناخشا ئىيتىپ، ھاراق ئىچىپ، خالىغانچە مەيلىگە قويۇپ بىرىپ پاھىشۋازلىق قاتارلىق پەسلىكلەرنى بولدى دىگۈچە قىلىپ اللهنى بۇرۇنلا ئۇنتۇپ قالدى.

(٣) يالىڭاچ ئايلىنىپ يۈرۈش

ئىلگىرى كەئبىنى يالىڭاچ سەيلە قىلىش مۇراسىمى بارمىدى؟ئۇلارمۇ كەئبىنى ئايلىنىشۋىرىدۇ، لىكىن ئەر-ئاياللار قىپيالىڭاچ يۈرىشۋىرىدۇ، ئۇلار: «بىز ئانىمىزدىن تۇغۇلغان ھالەتتە بىرىپ اللهنى كۆرىمىز» دىيىشىدۇ. ئىبراھىمنىڭ مەسچىتىدە ئۆتەشكە تىگىشلىك ساۋاقچۇ؟ ئۇلار چاۋاك چىلىشىدۇ، ئىسقىرتىدۇ ھەمدە كالا مۈڭگۈزى پۈۋلەيدۇ، ئۇلار اللهنى ئۇلۇغلىغاندا قانداق پوزىتسىيەدە بولىدۇ؟ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ:« ئىگەم مەن كەلدىم، مەن بۇ يەردە يىنىڭىزدا، ئەسلىدە سىزگە تەۋە بولغاندىن باشقا ھىچكىم سىز بىلەن تەڭ بولالمايدۇ، سىز ئۇلارنىڭ خوجايىنى، ئۇنىڭدا بار بولغان ھەممە نەرسىنىڭ خوجايىنى.»

(٤) مال سويۇش ئۇسۇلى

ئۇلار مال سويغاندا بۇتلىرىنىڭ نامىنى ئاتايدۇ ھەمدە ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئوخشمايدۇ، ئۇلار مالنىڭ قېنىنى كەئبىنىڭ تېمىغا چېچىپ ، گۆشنى كەئبىنىڭ ئىشىكىگە تاشلاپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە اللەدىن مەغپىرەت قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، الله ئۇلاردىن گۆش ئالىدىكەن.

(٥) مۇقەددەس جايغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش

ئىبراھىم ھەج قىلىش مەزگىلدىكى تۆت ئاينى مۇقەددەس ئاي، بۇ مەزگىلدە ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ دەپ ئېلان قىلغان ئىدى.بۇ ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنىڭ «دۇئا»سىنىڭ راۋا بولۇش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھسسالام كەئبە تېمىنى سېلىش ۋاقتىدا قىلغان «دۇئا»سى مۇنداق:« پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى(يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى يەنى پاك سۈننەتنى ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارغا(مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن،»(سۈرە بەقەر ١٢٩-ئايەت). ئاخىرى ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن مۇكەممەل بىر ئادەم چىقتى. ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا(اللەدىن ئۇنىڭغا تىنچلىق سورايمەن). ئىبراھىم ئەلەيھسسالام بۇددا روھىيانلىرى سىنىپىغا تەۋە بولغان ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھسسامۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا كەئبىنى باشقۇرۇۋاتقىنىغا نەچچە يۈز يىلدىن ئاشقان ئائىلىدىن كېلىپ چىقتى. ئىبراھىم ئەلەيھسسالام ئۆز ئائىلىسىدىكى روھىيانلىق تۇرۇمنى ئۆز قولى بىلەن بىتچىت قىلغان ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھسسالامۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا بۇ تۈزۈمنى بىتچىت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى يىلتىزىدىن قۇرۇتتى. ئىبراھىم ئەلەيھسسام پۈتۈن كۈچى بىلەن يالغان ئىلاھنى ۋە بىر مەزگىل داۋاملاشقان يالغان ئېتىقادنى يوقۇتۇپ، تىرىشىپ كىشلەرنى بىردىن-بىر اللەقا ئېتىقاد قىلىشقا نەسىھەت قىلغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھسسالامۇ تىرىشىپ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلدى،

ئىبراھىم ئەلەيھسسالام تارقاتقان ساپ دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ٢٣ يىل ئىچىدە بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلدى ھەمدە «كەئبە پۈتۈن دۇنيانىڭ اللهقا ئېتقاد قىلىدىغان مەركىزى» دىگەن بۇيرىقنى تەشۋىق قىلدى،يەنە بۇ كىشلەرنى بۇ جايغا كىلىپ ھەج قىلىشقا چاقىردى:

ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى ، مەقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى،بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ، قادىر بولغان كىشلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن، يەنى ھەجنى تەرىك قىلىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە، شۈبھىسىزكى، الله ئەھلى جاھاندىن يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن بىھاجەتتۇر.(سۈرە ئال ئىمران ٩٧-ئايەت)

## ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ گۈللىنىشى

ھەج قىلىش ئەسلىگە كەلگەنلىكتىن ٢٥٠٠ يىلدىن بۇرۇنقى نادان دەۋىرلەردە ئومۇملاشقان تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى سۈپۈرۈپ تاشلاندى.

(١)بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ ئاخىرلىششى

كەئبە ئىچىدىكى بۇتلارنىڭ ھەممىسى سۈپۈرۈپ تاشلاندى. اللهدىن باشقا چوقۇنىدىغان بارلىق نەرسىلەر تۈگىتىلدى. تۈرلۈك مۇراسىملار بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. كەيىپ-ساپا بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىغان پائالىيەتلەر توختىتىلدى. قۇرئان كەرىمدە اللهنىڭ (ئىبادەت)نى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئادا قىلىش بەلگىلەنگەن. «پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق)رىزىق تەلەپ قىلساڭلار ،سىلەرگە ھىچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرەمدە (يەنى مۇزدەلىفەدە) اللهنى ياد ئېتىڭلار ،ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى الله سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار) » (سۈرە بەقەرە ١٩٨-ئايەت )

(٢)ناچار قىلمىشلارنى چەكلەش

بارلىق ناچار قىلمىشلار چەكلەنگەن:

«ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئىد، ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېينىڭ ئۇن كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان)ئادەمنىڭ جىنسى ئالاقە قىلىشى ، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار ، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. (ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ) زاد - راھىلە ئېلىۋېلىڭلار ، ئەڭ ياخشىسى زاد - راھىلە تەقۋادارلىقتۇر . ئى ئەقىل ئىگىلىرى ! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. » (سۈرە بەقەرە ١٩٧- ئايەت )

(٣)شېئىر ئېيتىش مۇسابىقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

شېئىر ئېيتىش ئارقىلىق ئاتا -بوۋىلىرىنىڭ مۇۋەپپىقىيىتىنى مەدھىلەيدىغان ، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ، باشقىلارغا تەخسكەشلىك قىلىدىغان بارلىق مۇسابىقىلەر بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان . «سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، اللهنى بولسا ئاتا -بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار ،بەزى كىشىلەر : «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ھالبۇكى ،ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن ) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر. » (سۈرە بەقەرە ٢٠٠- ئايەت)

(٤)كەڭ قۇرساقلىقنى ئاشۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بارلىق كەڭ قورساقلىق مۇسابىقىلىرى بىردەك چەكلەنگەن.شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئىبراھىم دەۋرىدىكى اللهنىڭ نامى ئۈچۈنلا ئۆزىنى قۇربان قىلىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . ھاللىق كىشىلەر مال سويسا ،كەمبەغەللەرنىڭمۇ گۆش يېيىش پۇرستى بولىشى كېرەك.

«ئى ئادەم  بالىلىرى !ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى سەترى قىلىپ  تۇرىدىغان) كىيىملىرىڭلارنى كىيىڭلار ،يەڭلار ،ئىچىڭلار ، ئىسراپ قىلماڭلار ، الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ. » (سۈرە ئەئراف ٣١-ئايەت )

« (كەئبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان) تۆگىنى ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ)ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەرگە نۇرغۇن پايدا بار ، ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ ، ئۈچ پۇتى بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا)اللهنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىلا دەڭلار )، ئۇلار بوغۇزلىنىپ جىنى چىققاندا ، ئۇلارنى يەڭلار ، قانائەتچان مۇھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار ، سىلەرنى شۈكرى قىلسۇن دەپ ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردۇق» (سۈرە ھەج ٣٦- ئايەت )

(٥)ئۆلتۈرگەن مالنىڭ قېنى ئارقىلىق كەئبىنى بۇلغاشقا روخسەت قىلىنمايدۇ ، بۇ خىل ئادەتنى چوقۇم تۈگىتىش كېرەك.

«اللهقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ ، اللهقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر ، اللهنىڭ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىغا يېتەكلىگەنلىكىنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن ، الله ئۇلارنى سىلەرگە ئاشۇنداق ئېرىشتۈرگەنلىكى بىلەن  خوش خەۋەر بەرگىن. » (سۈرە ھەج ٣٧- ئايەت )

(٦)كەئبىنى قىيپالىڭاچ ئايلىنىشنى چەكلەش

كەئبىنى قىيپالىڭاچ سەيلە قىلىشنى چەكلەش كېرەك . « (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى ، «پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرىدى . ھەر بىر سەجدە قىلغاندا پۈتۈنلەي اللهقا يۈزلىنىڭلار ، اللهقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار، سىلار الله دەسلەپتە پەيدا قىلغان ھالىتىڭلاردا (ئەسلىگە) قايتىسىلەر». » (سۈرە ئەئراف ٢٩- ئايەت )

«ئى ئادەم بالىلىرى ! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى

سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىملىرىڭلارنى كىيىڭلار ،يەڭلار ،ئىچىڭلار ، ئىسراپ قىلماڭلار ، الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ. » (سۈرە ئەئراف ٣١-ئايەت )

«ئېيتقىنكى، «الله بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى ، شېرىن پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ )،ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگە خاستۇر. » (اللهنىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىلەنلىكنى) بىلدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلارنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز. » (سۈرە ئەئراف ٣٢-ئايەت )

(٧)مۇقەددەس ئاينى ئۆزگەرتىشنى چەكلەش

ھەج ئېيىنى ۋە ئۇرۇش ئۈچۈن قانۇنسىز (ھارام)نى قانۇنلۇق (ھالال) غا ئۆگەرتىۋېتىشنى قاتتىق چەكلىدى.

«ئاينى ئارقىغا سۈرۈش (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينى باشقا بىر ئايغا ئۆزگەرتىپ ،يىلنىڭ ١٢ئېينى ١٣ ئايغا كۆپەيتىش) كۇفرىنى زىيادە قىلىشتۇر ، بۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئازدۇرۇلىدۇ ؛ ئۇلار الله ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن ئۇنى بىر يىل ھالال قىلسا ،ئىككىنچى يىلى ھارام قىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار الله ھارام قىلغان ئاينى ھالال قىلىدۇ ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى. الله كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ . » (سۈرە تەۋبە ٣٧-ئايەت )

(٨) سەللە يۆگەشنى بۇيرۇش

ھەجگە ماڭغاندا سەللە يۆگىمەسلىك چەكلەندى . « ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال ، زۇلقەئدە ، ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر ). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان ) ئادەمنىڭ جىنسى ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئىي قىلىندۇ

، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار ، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن ) زاد- راھىلە ئېلىۋېلىڭلار ، ئەڭ ياخشى زاد -راھىلە تەقۋادارلىقتۇر . ئى ئەقىل ئىگىلىرى ! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار . » (سۈرە بەقەرە ١٩٧-ئايەت ).

(٩) ھەج قىلىش جەريانىدا تىرىكچىلىك قىلىشقا يول قويۇش

ئىلگىلىرى ھەج قىلىش جەريانىدا تىرىكچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ ، شۇنداق قىلغاندىلا اللهنى ھۆرمەتلىگەنلىك بولىدۇ ، تىرىكچىلىك قىلىش قانۇنسىز دەپ قاراپ كەلگەن ، بۇ يۇتۇنلەي خاتا قاراش .

«پەۋەردىگاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق )رىزىق تەلەپ قىلىڭلار ، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ . ئەرافاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرەمدە (يەنى مۇزدەلىفەدە) ئالاھنى ياد ئېتىڭلار ، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى الله سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار .» (سۈرە بەقەرە ١٩٨-ئايەت )

(١٠) نادان ئۆرۈپ- ئادەتلەرنى تۈزىتىش

«ھەج قىلغاندا گەپ- سۆز قىلىشقا بولمايدۇ »، «ھەج قىلغاندا تاماق يېيىشكە ، سۇ ئىچىشكە بولمايدۇ » دەيدىغان ئەخمىقانە ئادەتلەر بىردەك چەكلەنگەن . شۇنداقلا ئادەمنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان نۇرغۇن ئۆرۈپ -ئادەتلەرمۇ بىكار قىلىنىپ ھەج قىلىش ئادىدى ، تەنتەنىلىك ۋە اللهدىن قورقىدىغان بىر تۈرلۈك شەكىلگە ئۆزگەرتىلدى . الله ھەج قىلغۇچىلارغا يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ھەرخىل ناچار ئۆرۈپ - ئادەتلارنىڭ چاڭ - توزانلىرىدىن ساقلىنىشنى ، جىنسى ھەۋەستىن خالىي بولۇشنى ، ھەج مەزگىلدە ئايالى بىلەن بىرگە بولماسلىقنى ، سەت گەپ قىلماسلىقنى ۋە پەسكەش ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىقنى بۇيرۇدى .

(١١) « پەرز تۇتۇش ئۆتكىلى »نى قۇرۇش

كەئبىدىن ئۆتىغان ھەرقايسى يول ئېغىزلىرىغا «پەرز تۇتۇش ئۆتكىلى»قۇرۇلغان بولۇپ ، پەرز تۇتۇش ئۆتكىلىدىن ئۆتۇشتىن بۇرۇن پەرز تۇتۇش كىرەك . ئۇلار پەرز تۇتۇش كىيىمنى كىيىپ باي - كەمبەغەل دېمەي ، دۆلەت ئايرىماي ، ھەممىسى بىردەك كىچىك پېئىللىق بىلەن اللهنىڭ ئوردىسىدىن ئۆتەتتى .

(١٢) تىنچلىق ساقلاش

پەرز تۇتقان مەزگىلدە ھېچقانداق ھايۋاننى ئۆلتۈرۈكە بولمايتتى . ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تېخمۇ بولمايتتى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت بىر خىل مېھرىبانلىق كەيپىياتىنى شەكىللەندۇرۇپ ھەج قىلغۇچىلارنى ساپ دىلى بىلەن ، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تاشلاپ ئالىي جانابلىققا باشلاش ئىدى. ھەج قىلىش مەزگىلدىكى تۆت ئاي مۇقەددەس ئاي قىلىنىپ بەلگىلەنگەن بولۇپ ، بۇ تۆت ئاي جەريانىدا ، ئۆلتۈرۈش ، چېپىش ئىشىنىڭ يۈزبىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. كەئبىگە بېرىشتىكى يوللار تىنچ بولۇپ ھەجگە ماڭغانلار ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايتتى . ھەج قىلغۇچىلار بۇنداق ھالەتتە كەئبىگە يىتىپ بارغاندىن كېيىن ھېچقايسىسى ئۆزىنى ئۇنتۇپ سەلتە نەتلى زىياپەتلەرنى قىلمايتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت ئىبادەتلا قىلاتتى . مال سۇياتتى ۋە كەئبىنى سەيلە قىلاتتى . بەزى بىر ئاڭلانغان ۋاراڭ - چۇرۇڭلار پەقەتلا تۇۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى .

(١٣)بىر شۇئار «تەلبىيەھ »(TALBIYAH )

«ئىگەم مەن كەلدىم ، ئىگەم مەن كەلدىم . بارلىق مەدھىيەلەر سىزگە مەنسۇپتۇر . ئەلۋەتتە ، بارلىق مېھرى -شەپقەتنىڭ ھەممىسى سىزگە تەئەللۇق ، سىز پۈتۈن كائىناتنىڭ خوجايىنى .»

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاددى -ساددا ، پاك ، سەخسىيەتسىز ۋە ساپ دىلى بىلەن ھەج قىلغۇچىلارغا «الله ئۈچۈنلا ھەج قىلغان ھەممە ھەج قىلىش جەريانىدا زىنادىن خالى بولغان ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلغان ئادەملار ئۆيگە

قايتقاندىن كېيىن ، ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقتەك پاك بولىدۇ . » دىگەن .

## ھەج قىلىشنى اللهنىڭ ئىرادىسى قىلىپ بىكىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيتى

كۆپچىلىك ھەج قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ھەج قىلىشنىڭ اللهنىڭ ئىرادىسى ھەققىدىكى قانداق بىر دەرىس ئىكەنلىكنى كۆرستىپ ئۆتىشىم كېرەك . الله قۇرئاندا مۇنداق دېگەن :« ئۇنىڭدا ئۇچۇق ئالامەتلەر باركى ، مەقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى ، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ . قادىر بولالىغان كىشلەرنىڭ الله ئۇچۇن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىگەن ، زىيىنى ئۆزىگە) ، شۈبھىسىزكى ، الله ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن )بىھاجەتتۇر .» (سۇرە ئال ئىمران ٩٧-ئايەت)

بۇ ئايەتتە ھەج قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق بارمىغانلار كاپىر دېيىلگەن. تۆۋەندە ئىككى تەپسىر بۇلۇپ ئۇنىڭدا تېخمۇ ئېنىق سۆزلەنگەن.

«پۇل خىراجىتى ۋە قاتناش قۇرالى بار تۇرقلۇق ھەج قىلىشقا بارمىغانلار ، ئۆلگەندە يەھۇدىيلارنىڭ خىرىستىئان مۇرىتلىرىغا ئوخشاش بولىدۇ .»

چوڭ خەلىپە ئۆمەر «الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن» بۇ ھەدىسنى تېخمۇ ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بەرگەن :

«ھەج قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق بارمىغانلاردىن «جىرايەھ »(ئىسلام دىنى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمان مۇرىتى بولمىغانلاردىن ئالىدىغان باج) ئالمەن . ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس .»ئالااھنىڭ ئايەتلىرىدىن ، ھەدىستىن ۋە چوڭ خەلىپىنىڭ چۈشەندۈرىشدىن اللهنىڭ ئىرادىسى توغرىسىدىكى بۇ دەرىس سىز خوش بولغاندا قىلدىغان ، خالىمىسىڭىز قىلمايدىغان نەرسە بولماستىن ، بەلكى يول خىراقىتى (يەنى ھەج قىلىشقا كېتىدىغان پۇل )غا قۇربى يېتىغان ، تېنى ساغلام

بولغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دۇنيانىڭ قايسى جايىدا بولىشىدىن قەتئىنەزەر بىر قېتىم ھەق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشۈنۈپ يېتەلەيسىز . شەرتلىرى ھازىرلانغان ، لېكىن ھەج قىلىشنى ھەر يىلى كەينىگە سۈرەپ تۇرلۇك باھانىلەر بىلەن ھەجگە بارمايدىغانلار ئۆزىنىڭ ئىمانىنى دەخسەپ بېقىشى كېرەك . يەنى بەزى ئادەملەر باركى ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈر بويى بۇنداق ئىشقا يۈلۈقۈپ قېلىشنى ئويلىمايدۇ ھەم ئويلاپ قويمايدۇ . ئۇلار يەرشارىنى ساياھەت قىلىش جەريانىدا خەنجى دېڭىز ياقىسى (مەككىگە ئاران بىر - ئىككى سائەتلىك يول ) دىن ئۆتسىمۇ ھەجگە بارماي ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە دائىم بارىدىغان ياۋرۇپاغا بارىدۇ . بۇنداق ئادەملەرمۇ مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان بولسا ، ئۇ ھالدا ئۇلار يالغان ئېيتقان بولىدۇ . ئۇلار ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتىۋالغىنى بىلەن قۇرئان ھەققىدە ھېچ نېمە بىلمەيدۇ . ئۇلار قەستەن مۇسۇلمانلارغا كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشى مۇمكىن . ئۇلار توغۇرسىدا ئېتىقاددىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ .

## ٣. لېكسىيە ھەج قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى

ئىسلام قېرىنداشلار !

قۇرئان بىزگە ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ ئىبراھىمغا پۈتۈن دۇنياغا ھەج قىلىشنى ئېلان قىلىش توغۇرسىدا بۇيرۇق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى . بۇ بۇيرۇقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى :

«كىشلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنى ۋە دۇنياۋى ) مەنپەئەتلەرنى كۆزلىسۇن ، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە )الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە ، قوي ، ئۆچكىلىرنى اللهنىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ) اللهنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن . سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار ، مۇھتاجغا ، پېقىرغا بېرىڭلار . » (سۈرە ھەج ٢٨- ئايەت ). بۇ ئۇلار ساياھەت قىلىپ ، مۇشۇ جايغا يىغىلىپ

ھەج قىلىشنىڭ ئۆزى ئۇچۇن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئىسپاتلىغانلىقىنى ، شۇنداقلا بۇ دەرسنى ئۆزى بىۋاستە تاماملىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ پايدىلىق تەرتىپنى ھېس قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن .

ئەمما ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا ئۇ ھەج قىلىشتىن ئىلگىرى بەش پەرزنىڭ ئىچىدە قايسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلالمىغان . لېكىن ئۇ ھەجنى تاماملىغاندىن كېيىن ، نۇرغۇنلىغان پايدىلىق تەرەپلەرنى ھېس قىلغان . شۇڭا ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ھەج قىلىشنىڭ ئورنى باشقىلاردىن يۇقىرى تۇرىدۇ دەپ ئېلان قىلغان . ھازىر مەن كۆپچىلىككە ھەج قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن .

## ھەج قىلىشنىڭ ساياھەت قىلىش خارەكتىرى

كۆپچىلىك ساياھەت قىلىشنىڭ جان بېقىش ، پۇل تېپىش ئۇچۇن قىلىدىغان ساياھەت ۋە مەنزىرىلىك جايلارنى سەيلە قىلىش ئۇچۇن قىلىدىغان ساياھەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . بۇ ئىككى خىل ساياھەت قىلىشنىڭ بىرى ئېھتىياج ئۇچۇن ، يەنە بىرى ھەۋەس ئۇچۇن . قىسقىسى : بۇ ئىككى خىل ساياھەتنىڭ مەقسىدى ئۆزى ئۇچۇن ، ئۇ پۇل ۋە ۋاقىتنى سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ . شۇڭا بۇ ئىككى خىل ساياھەتتە ھەرگىزمۇ قۇربان قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس . لېكىن ھەج قىلىش ساياھىتى ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ . بۇ خىل ساياھەت ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكى ياكى «ئۆزىنىڭ مېۋىسى »ئۇچۇن قىلىنغان ساياھەت بولماستىن بەلكى پۈتۈن دىلى بىلەن اللهقا سېغىنىش ، الله بەلگىلىگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۇچۇن قىلىنغان ساياھەتتۇر . بۇ خىل ساياھەتنى قىلغان ئادەملەر چىن قەلبتىن اللهقا سېغىنغان ، اللهنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەملەردۇر . ئۇلار اللهنىڭ ئىرادىسىنى چوقۇم ئورۇنداش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ . شۇڭا ئۇلار ھەج قىلىشنى قارار

قىلغان ھامانلا ئائىلىسىدىن ۋە ئۇرۇق - تۇققانلىرىدىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ ، ئىشلىرىدىكى زىيانغا ، پۇل خەجلەشكە ۋە سەپەرنىڭ جاپاسىغا بەرداشلىق بېرىدۇ . ئۆزىنىڭ سەممىيلىكى ئارقىلىق چىن قەلبىدىن اللهدىن قورقىدىغانلىقىنى ، اللهنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ھەمدە بىر خىل مەسئۇلىيەتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . ئۇلار ئاشۇ كۈچكە تايىنىپ ئۆيىدىن ئايرىلىدۇ . شۇڭا الله نىڭ بىرەر چاقىرىقى بولىدىكەن ، ئۇ اللهنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ، ھەر قانداق خىيىم -خەتەرگە قارىماي خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە مال مۈلكىنى قۇربان قىلىدۇ .

## چىن دىل بىلەن ساۋابلىق ئىش قىلىش

ھەج قىلىدىغان ئادەم يولغا چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭ چىرايى باشقىچە نۇرلىنىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ اللهقا سېغىنىش ، كەئبىگە بېرىشنى ھاياجانلىق بىلەن ئارزۇ قىلىش بىلەن تولغان كۆڭلى پەقەت ساۋابلىقنىلا تولدۇرالايدۇ . ئۇ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىدىن پۇشايمان قىلىدۇ . ئىلگىرى ئازار بېرىپ قويغان كىشىلەردىن كەچۈرۈم سورايدۇ .

ھەمراھلىرىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى ئۇرۇنداپ بولمايلا اللهنىڭ ئوردىسىغا بارالمايدىغانلىقىدىن ساقلىنىش ۋە گۇناھتىن قېچىپ ساۋابلىق ئىش قىلىش ئۈچۈن باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ . شۇڭا ئۇ يولغا چىقىپ كەئبىگە يېقىنلاشقانسىرى ئۇنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرى كۆرىنەرلىك بولىدۇ . ئۇ ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇپ ، باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئازار يېيىشنى خالىمايدۇ. ئۇ ئىمكانقەدەر باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ خارەكتېرى ھاقارەتلەش، بىشەملىك قىلىش، ئالداش ، ماختاش، تالىشىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن خالى، چۈنكى ئۇ الله يولىغا قاراپ ماڭماقتا . مەنئى قىلىنغان مەسچىتكە ساياھەتكە ماڭغان بىر ئادەم ناچار ئادەتلەردىن قۇتۇلالمايدۇ؟ بۇنداق ئىپلاسلىقنى كىم قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ سەپىرى پۈتۈن بىر «ئىبادەت »نى

شەكىللەندۈرىدۇ .باشقا خىلدىكى ساياھەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، ھەج قىلىشتا زۇرلۇق ۋە ناچار قىلمىشلارنى تاپقىلى بولمايدۇ . ھەر بىر ھەج قىلغۇچى ئۆچۈن ئېيتقاندا ، خۇددى بىر قېتىملىق تەسىر قىلدۇرۇش دەرىسى ئۆگەنگەنگە ئوخشاش بولىدۇ.

## پەرز كىيىمى(IHRAM)

سەپەرگە چىقىپ مەككىگە يېقىنلاشقاندا پەرز ئۆتكىلدە پەرز تۇتۇپ ، پەرز كىيىمنى كىيگەندىلا ئاندىن مەككىگە كىرگىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا پەرز كىيىمى دىگەن نېمە ؟ ئۇ دەرۋىشلەرنىڭكىگە ئوخشاش بىر پارچىسى بىلەن بەدەننىڭ ئۈستىنى ئورىۋالىدىغان، يەنە بىر پارچىسى بىلەن بەدەننىڭ ئاستىنى ئورىۋالىدىغان ئىككى پارچە لات. ئۇنى كىيىشتىكى مەقسەت، مەيلى سىزنىڭ ئورنىڭىزنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولىشىدىن قەتئىنەزەر، اللهنىڭ ئوردىسىغا كىرىش ئۆچۈن ماڭغان ئىكەنسىز، چوقۇم «جاپاكەش دەرۋىشلەردەك ياسىنىشىڭىز، تاشقى كۆرىنىشىڭىزلا قەلەندەرگە ئوخشىماستىن، قەلبىڭىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىشى، ئېسىل كىيىملىرىڭىزنى سېلىپ تاشلاپ پايپاق كىيمەسلىكىڭىز، ئەتىر چاچماسلىقىڭىز، چاچ تارىماسلىقىڭىز، ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى تاقىماسلىقىڭىز، ئەر -ئاياللىق مۇناسىۋىتىنى توختىتىشىڭىز، ھەتتا پاراڭلاشقاندىمۇ بۇلارنى ئويلىغانلىقىڭىزنى ئاغزىڭىزدىن چىقارماسلىقىڭىز ، ئوۋ ئوۋلىماسلىقىڭىز، ئوۋلىغانلارنى يوشۇرۇنچە ئاشكارلاپ قويماسلىقىڭىز، قەيەردە ئوۋ بارلىقىنى ئاشكارلىماسلىقىڭىز كېرەك. ئەگەر سىرتقى كۆرىنىشىڭىزدە بۇ خىل ھالەتنى ئىپادىلىسىڭىز، بۇ ئەمىلىيەتتە سىزنىڭ ئىددىيىڭىزگە تەسىر كۆرستىدۇ. سىزنىڭ قەلبىڭىزدە جاپاغا چىداپ ئىبادەت قىلىۋاتقان ھالەت شەكىللىنىدۇ. شۆھرەتپەرەسلىك يوقىلىدۇ. كۆڭلىڭىز ئەلۋەتتە، كەمتەر، مۇلايىم ھالەتتە بولىدۇ. لايىغەزەللىك قىلىپ كۆڭلىڭىزنى بۇلغىغان بولسىڭىز، شۇ ئارقىلىق ئۇنى تۈگىتەلەيسىز، شۇنداقلا كۆڭلىڭىز ۋە تاشقى قىياپىتىڭىزنىڭ ھۆرمەتلەش بىلەن

تولغانلىقنى ھىس قىلالايسىز.»

## تەلبىيەھ (ئاۋاز قوشۇش)

ھەج قىلغۇچىلار پەرز كىيىمنى كەيگەندىن كېيىن ھەر قېتىم ئىبادەت قىلىپ بولغان، ھەر قېتىم دۆڭگە چىققاندا ياكى دۆڭدىن چۈشكەندە، ھەر قېتىم تۆگە ھەيدەپ ماڭغان كارۋانلارغا ئۇچرىغاندا، ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرغاندا ۋە ئوخلاش ۋاقتىدا تۆۋەندىكى سۆزنى ئۈنلۈك يادلىشى كېرەك .

LABBAIKA ALLAHUMMA LABBAIKA, LABBAIKALA SHARIKA LAKA LABBAIKA, INNALHAMDA WAN-NIMATA LAKA WALMULK, LASHARIKALAKA

(مەن كەلدىم، ئىگەم مەن كەلدىم. ساڭا ھىچقانداق نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ . مەن كەلدىم، بارلىق كائىنات ساڭا مەنسۇپ، بارلىق مېھرى -شەپقەتلەرنىڭ ھەممىسى سىنىڭ، سەن ئەڭ ئۇلۇغ ھوقوقدار، ھېچقانداق نەرسە ساڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ. )

ئەمىلىيەتتە، بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭدىن ٤٥٠٠ يىل ئىلگىرى اللهنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن پۈتۈن خەلققە بېرىلگەن جاۋاب بولۇپ ، بۇنىڭدىن ٤٥٠٠ يىل ئىلگىرى مۇنداق ئىلان قىلىنغان:

«اللهنىڭ مۆمىن بەندىلىرى اللهنىڭ ئۆيىگە كېلىڭلار . دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن پىيادە ياكى قاتناش قۇرالى بىلەن كېلىڭلار .»

ھەر بىر ھەج قىلغۇچى يۇقىرى ئاۋازدا ئوخشاش بىر تەلبىيەنى توۋلاپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئوغلى باشلىغان اللهقا ئېتقاد قىلىش ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتى بارغانسىرى قويۇقلاشتى. ٤٥٠٠ يىل ئىلگىرى چىقىشالماسلىق خۇددى ئىبراھىم ئۇ تەرەپتە، ھەق قىلغۇچىلار بۇ تەرەپتە توۋلاۋاتقاندەك بىردەمدىلا غايىب بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ماسلىشىپ بىر تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرلەپ ماڭدى. ئالدىغا قانچىلىك ماڭغانسىرى ئۇنىڭ ئىرادىسى شۇنچە كۈچىيىپ باردى. ھەر

قېتىم سىز دۆڭگە چىققاندا ياكى دۆڭدىن چۈشكەندە اللهنى تۇۋلىغان ئاۋاز قۇلىقىڭىزدىن نېرى كەتمەيدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن مېڭىپ بىر تەرەپتىن « مەن كەلدىم » دەپ تۇۋلايتتى. ھەر بىر كارۋان ئۇنىڭغا اللهنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمدەك كۆرىنەتتى. خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا «مەن كەلدىم ،مەن كەلدىم» دەپ تۇۋلايتتى. ھەر بىر سەھەر ئۇنىڭ ئۈچۈن دوستى زىيارەتكە كەلگەندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ: «مەن كەلدىم پەرۋاردىگارىم! مەن كەلدىم!» دەپ تۇۋلايتتى. ئومومەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئۆزلۈكسىز تۇۋلاش ھەم دەرۋىشنىڭ پەرزكىيمى، سەپەر ئەھۋالى، كەئبىنىڭ تەسىرلىنىشكە بارغانسىرى يېقىنلىشىپ روھى جەھەتتە ئۇنۋىرسال بىر خىل ئۇنۇمى پەيدا قىلغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ھەج قىلغۇچىلار ئالاھقا يېقىن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق خىياللىرى چىقىرىپ تاشلانغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەتلا دوستىنى ئويلاشتىن ئىبارەت.

## كەئبىنى تاۋاب قىلىش

ھەج قىلغۇچىلار بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەككىگە بېرىش بىلەنلا ئۆزىنى جەلىپ قىلغان مۇقەددەس جايلارنى ئايلىنىدۇ. ئۇلار كەئبىنىڭ ئىشكىلىرىنى سۆيىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئېتقادىنى چۆرىدىگەن ھالدا «ئىمان » دىن ۋە دىنىنىڭ مەركىزى جايلىرىدا سەيلە قىلىدۇ. ھەر بىر قېتىم ئايلىنىشنىڭ باشلىشى ۋە ئاخىرلىشى «قاراتاش »نى سۆيۈش بىلەن تامام بولىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تىكلىگەن جايدا ئىككى رەكئەت قۇتلۇقلاش نامىزى ئوقۇپ ئاندىن سافا تېغىغا چىقىپ كەئبىگەقاراپ تۇرۇپ مۇنۇلارنى ئوقۇيدۇ :

**LA ILAHA ILLALLAH WA LA NA'BUDU ILLA IYYAHU MUKHLINA LAHUD DINA WA LAN KARIHA ALKAFIRUN**

(ئاللاھتىن بۆلەك ئىلاھ يوقتۇر. بىز باشقىلارغا ئېتقاد قىلمايمىز. بىزنىڭ «ئىبادەت » مىز پەقەت الله ئۈچۈن.)

بىر قىسىم شاللاق ئادەملەر قارا تاشنى سۆيۈشكە دائىم قارشى چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنىمۇ بىر خىل بۇتقا چوقۇنۇش دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ پەقەت ئىشىكنى سۆيۈشتىنلا ئىبارەت. كەئبىنى سەيلە قىلىش قارا تاشتىن باشلىنىدۇ. يەتتە قېتىم ئايلىنىش جەريانىدا ھەر قېتىم ئايلانغاندا قارا تاشنى بىر قېتىم سۆيۈپ قويىسىمۇ قولى بىلەن سىيلاپ قويىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدا قىلچىمۇ چوقۇنۇش مەنىسى يوق. چوڭ خەلىپە مۆئمىنلەر بىر ھېكمەتنى دىگەن: «سەن پەقەت بىر تال تاش، ئەگەر پەيغەمبەر سىنى سۆيمىگەن بولسا، مەن ھەرگىزمۇ سۆيمىگەن بولاتتىم.» بۇ تاشنى سۆيۈشتىكى مەقسەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تاشنى ھەققىي (بۇ تاش جەننەتتىن چىققان بولۇپ ، ھەجەرۇل ئەسۋەد دېيىلىدۇ.)چىن دىلىدىن خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن بۇ تاش قىيامەت كۈنى رازىلىق بېرىدۇ دېگەن.

# مېڭىپ ئۆتۈش

## (سافا ۋە مەرۋەر تېغىنىڭ ئوتتۇرسىدىن مېڭىپ ئۆتۈش)

شۇنىڭ بىلەن سافا تېغى بىلەن مەرۋەر تېغىنىڭ ئوتتۇرسىدىن مېڭىپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ. بۇ شۇنىڭ بىلەن ئېپادىلىپ قالمايدۇ. اللهقا بولغان سەممىي -ساداقىتىڭىزنى ئېپادىلەش، ئۇنى خوش قىلىش ئۈچۈن، سىز شۇنىڭغا ئوخشاش جاپالاردىن باش تارتماي پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئاتلىنىسىز، مېڭىش جەريانىدا توختىماستىن مۇنۇلارنى ئوقۇيمىز :

ALLAHUMMA TA'MILNI BISUMMATI MABIYYIKA WA TAWAFFANI'ALA MILLATIHI WA AIZNI MIN MUDILLAT ILFITANI.

(پەرۋاردىگارىم! مېنى بۇ ئىبادىتىمنى سەن خۇددى پەيغەمبەرلىرىڭنىڭكىنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلغىن . سەندىن ئۆلگەندە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىر يولدا

ئۆلشمنى ، يامان يولغا مېڭشمدىن قۇتقۇزۇشڭنى تىلەيمەن .)بەزىدە مۇنۇلارنى ئوقۇسڭىز بولىدۇ :

(پەرۋاردىگارىم !مېنى كەچۈرگەيسەن ، ماڭا ئىنساپ ئاتا قىلغايسەن ، مېنىڭ سەۋەنلىكمنى سەنلا بىلسەن . كەچۈرىشڭنى تىلەيمەن . سېنىڭ رەھمتىڭ كەڭ ، مېرى - شەپقىتىڭ چەكسىزدۇر .)

## منا ۋە ئەرافات

مېڭشنى تاماملىغاندىن كېيىن سىز ئالدى بىلەن منادا بىر كۈن تۈرسىز. ئككنچى كۈنى ئەرافاتقا بېرىپ تۈرسىز. ئۇ يەردە كوماندىرنىڭ بۇيرۇق خارەكترىدىكى مۇئاملىسىنى ئاڭلايسىز. شۇ كۈنى كەچتە قونىشڭىز كىرەك.

## تاش ئېتىش

تاش ئېتىش بىلەن تەڭ ھەج قىلغۇچىلار مناغا بېرىپ بىر تاش تۈۋرۈككە تاش ئاتىدۇ . تاش ئاتقاندا مۇنۇلارنى ئوقۇش لازىم .

تاش ئېتىشنىڭ مەنىسى :« كىم سېنىڭ دىنىڭنى يوقاتماقچى بولسا، سېنىڭ ھەقىقىتىڭنى دەپسەندە قىلماقچى بولسا ، مەن سېنىڭ ھەقىقتىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلمەن» دىگەندىن ئىبارەت. بىرىنچى قېتىم تاش ئېتىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، دەرھال مال سويۇپ الله يولىدا قان تۆكۈشكە بولغان قەتئى ئىرادىسنى ئىپادىلەپ، ئاندىن خۇددى ئەسكەر غەلبىسى بىلەن قايتقاندەك كەئبىگە قايتىشى كىرەك. تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئاندىن پەرزنى بۇيرۇشقا، پەرز كىيمنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. پەرز تۇتۇش ۋاقتىدا چەكلەنگەن ھەر قەنداق بەلگىلىملەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىكار قىلىنىدۇ. ھەجقىلغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن يەنىلا مناغا بېرىپ ئەتىسى نۆۋەت بويىچە تۈۋرۈككە ئۈچ تاش ئېتىش كىرەك. بۇ

«رامات» دەپ ئاتىلدۇ. ئۇ سىزگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلدىكى پىل قوشۇنىنىڭ بۇ جايدا يۇقىتىلغانلىقى توغۇرسىدىكى تارىخنى ئەسلىتىدۇ. پىل قوشۇنى ھەج ئېيىدا مەككىگە تاجاۋۇز قىلىپ كەئبىنى يوقاتماقچى بولغاندا اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن قۇشلار ئاسماندىن تاش تاشلاپ ئۇلارنى يۇقىتىۋەتكەن.

تاش ئېتىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىنى قۇربان قىلىش توغۇرسىدىكى ھىكايىسىنى خاتىرلەش ئۈچۈن قىلىنغان پائالىيەت . ئەينى ۋاقىتتا ئىبلىس كېلىپ ئۇنى ئازدۇرغاندا، ئۇ تاش ئېتىپ ئۇنى كەتكۈزىۋەتكەن ئىدى. اللهتائالا بۇ توغۇرسدا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش- كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمىر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى اللهنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن». ئىككىسى (اللهنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)» دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)» دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق. »(سۈرە سافغات ۱۰۱-، ۱۰۷-ئايەت)

ئۈچۈنچى كۈنى تاش تۈۋرۈككە تاش ئاتىدۇ . ئاندىن مەككىگە بېرىپ كەئبىنى يەتتە قېتىم سەيلە قىلدۇ . بۇ خوشلۇشۇش تاۋېپى دېيىلدۇ. خوشلىشىش

تاۋىپنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ھەج قىلىش ۋەزىپىسى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئاخىرلاشقان بولىدۇ .

## ھەج قىلىشنىڭ شاپائىتى ۋە ئۈنۈمى

سىلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارغا ئاساسەن قىسقىغىنا ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەجگە بېرىشنى ئويلىغاندىن تارتىپ ھەجنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ ئادەمنىڭ قەلبىدە ۋە روھىدا قانداق ئۈنۈملەرنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايسىلەر. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتىنى، پۇلنى، خاتىرجەملىكنى، ئۆرۈپ - ئادەت جەھەتتىكى غەمخورلۇقنى، جىسمانى جەھەتتىكى نۇرغۇنلىغان ئېھتىياجنى ۋە ھەۋەسنى قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى الله ئۈچۈن، ئۇنىڭدا قىلچە شەخسى غەرەز يوق. يەنە كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسى اللهقا سېغىنىش، اللهنى ئۇلۇغلاش، اللهنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش قاتارلىقلار. ھەج قىلغۇچىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىدا تەۋرەنمەس تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ. مۇقەددەس جايغا بارغاندىن كېيىن ، ھەر بىر قەدەمدە اللهنىڭ غەمخورلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلغانلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇتتا چوقۇنىدىغان ئەرەبلەر بىلەن كۆرەش قىلىپ يەتكىچە جاپا تارتىپ ئاخىرى سەرگەردان بولدى. جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بەردى. ئاخىر اللهنىڭ بۇ مۇقەددەس دىننى تىكلىدى ھەمدە بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، اللهقا شېرىك قىلىۋالغان بارلىق ئىلاھلارنى يوقاتتى. ئىلاھنى ھۆرمەتلەيدىغان ھەر بىر ئادەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ مۇقەددەس ئىش -ئىزلىرىدىن باتۇر ۋە قەتئى ساۋاقلارنى ئالدى. بۇنىڭغا باشقا جايدىن ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

«دىن» نى مەركەز قىلغان ئەخلاق بىلەن كەئبىنى سەيلە قىلىپ، غازات ئۇرۇشىغا قاتنىشىدىغان جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئالدىن ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە ھەج مۇراسىمى، مەسىلەن: مېڭىپ ئۆتۈش، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرلەش ۋە توختاش قاتارلىقلارنىمۇ ئالدىن ئۆگىنىپ تەييارلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسلىدىكى ناماز

ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە زاكات بېرىش قاتارلىقلاردىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىغان بىر خىل چېنىقىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىلەيسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن كەئبىگە بېرىشقا قۇربىتى يېتىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئېيتقاندا، اللهنىڭ ئىرادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەر بىر دەۋردە بۇ چېنىقىشنى تولۇق قوبۇل قىلغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمكانىكەدەر كۆپ ساندا بىلىشنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

## ھەج قىلىش كوللىكتىپ «ئىبادەت» قىلىشتۇر

سىلەر مۇنداق ھەقىقەتكە دىققەت قىلىشىڭلار كېرەك. ھەر بىر ھەج قىلغۇچى ھەرگىزمۇ يەككە - يىگانە ھەج قىلمايدۇ. مەلۇم بىر ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىكتە ھەج قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر يىلى سانسىزلىغان ھەج قىلغۇچىلار بىرلاۋاقىتتا ھەرىكەتلىنىدۇ. مۇشۇنى چۈشىنىپ يەتكەندىلا ئاندىن ھەج قىلىشنىڭ پايدىسىنى تۇلۇق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. يۇقىردا ئېيتقانلىرىم پەقەتلا ئايرىم ساندىكى ھەج قىلغۇچىلارنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلغان چاغدا ھېس قىلغان تەسىرى. مەن كىلەر قېتىم كۆپچىلىككە بۇنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىمەن. چۈنكى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ھەج قىلىدۇ . شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سانى نەچچە ئون تۈمەن ھەسسە ئاشىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكى، مانا شۇ. ئۇبىر چالمىدا مىڭلىغان پاختەكنى سوقىدۇ. بىر ئادەم يالغۇز ئىبادەت قىلىسىمۇ ساۋابى چوڭ بولىدۇ. ئەگەر كوللىكتىپ ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئىمام بولۇش تۈزۈمنى ئورنىتىپ توپلىشىپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ۋە ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقوشنى كېڭەيتكەندە ئۇنىڭ ساۋابى نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ . يالغۇز روزا تۇتۇشنىڭ ئىرادىنى چېنىقتىشتا پايدىسى ئىنتايىن كۆپ،لىكىن پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا «رامزان» ئېيىدا تولۇق روزا تۇتۇشنى بەلگىلەشنىڭ پايدىسى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. يالغۇز بىر ئادەم سەدىقە ۋە زاكات بەرسە كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. لېكىن بىرەر بەيتۇلمالنى تەسىس قىلغاندا ئۇنىڭغا

ئېرىشدىغان ساۋابنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كىيىن سىلەر بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بەرگەن زاكاتلىرىنىڭ بىر يەرگە توپلانغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ زاكات ئېلىش سالاھىتىگە ئىگە كىشلەرگە تەشكىللىك ئاساستا بۆلۈپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرىسلەر. ئۇنىڭدىن ئېرىشدىغان ساۋابنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. ھەج قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر ھەر بىر ئادەم يەككە - يىگانە ھالدا ھەج قىلسا، گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىنقىلاب خارەكتىرلىك تەسىر كۆرسەتسىمۇ، لېكىن پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا ھەج قىلىشنى بەلگىلەشنىڭ پايدىسى تىخىمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ تىمنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش لازىم. بۇنى كۆپچىلىككە كىلەركى قېتىمدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

## ٤ .لىكسىيە پۈتۈن دۇنيا خارەكتىرلىك ھەج قىلىش

## ھەج قىلىشنىڭ مۇۋەپىقيەتلىرى

(١) مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ھاياتى كۈچ.

ئىسلام قىرىنداشلار !

سىلەرگە مەككىگە بېرىشقا قۇربى يىتىدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەج قىلىشى پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىسلەر. بۇنداق ئادەملەر بىر ياكى ئىككى ئەمەس . ئومومەن ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىكى رايۇنلاردا ئاز بولمىغان بۇ خىلدىكى ئادەملەر بار. يەنە بىر شەھەردە نەچچە ئون تۈمەن بولىشى مومكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز بولمىغان ئادەملەر ھەجگە بارىدۇ. پۈتۈن دۇنيادا قانچىلىك مۇسۇلمان بار. ئويلاپ بىقىڭلار! ھەر بىر ھەج قىلىش پەسلى كەلگەندە، ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ ھاياتى جانلىنىپ كېتىدۇ ھەممە بۇ خىل جانلىنىش بىر خىل مەزگىل داۋام قىلىدۇ. ھەر يىلى ٩-ئاي (رامىزان)دىن باشلاپ ھەر يىلى ١١-ئاي (زۇلقەئىدە)غىچە پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ھەجگە بېرىش

تەييارلىقنى قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھىجرىيە ١٢-ئاي (زۇلھەججە)نىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ھىجرىيە ٢-ئاي (سەپەر) ٣-ئاي (رەبىئەل )ھەتتا ٤-ئايغىچە يەنى ھەج قىلغۇچىلار ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلمىگىچە ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىمەيدۇ. بۇ ئالتە - يەتتە ئاي ئىچىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە بىر خىل پائالىيەت توختىماستىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەج قىلىشقا ماڭغانلار ۋە ھەجنى تۈگىتىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتقانلار شۈبھىسىز ھالدا دىننى ئىبادەتكە بېرىلىپ كېتىدۇ. ھەجگە بارمىغانلارمۇ ئۇلارنىڭ شەپقىتىگە ئاز - تولا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەج قىلغۇچىلارنى شەھەر - شەھەرلەردە قارشى ئالىدۇ ۋە ھەج قىلىش جەريانىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

(٢) ھەج قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ھامان، ئادەمنىڭ قەلبىدە اللهدىن قورقىدىغان، گۇناھنى بويىنغا ئالىدىغان، تۆۋە ئىستىغفار ئېيتىدىغان بىر خىل كەيپىيات شەكىللىنىپ ئادەم ساۋابلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. سىلەر يۇقۇردا ئېيتىلغان ئىككى خىل ئادەمنىڭ دىلىنىڭ اللهنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ تەسرلەندۇرىشى ئارقىسىدا پاكلاشقانلىقىغا ئاساسەن، ھەجگە بارغۇچىلارنىڭ دىلى ۋە خارەكتىر ئۆزگىرىشىنىڭ ئەتراپتىكىلەرگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭلار. ئەگەر بىر دۆلەتتىن ھەر يىلى ئون مىڭ ئادەم ھەجگە بارسا ھەممە بۇ خىل پالىيەتكە ئىگە بولسا، ئۇلار كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەخلاق قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەج قىلغۇچىلار ئۆمىكى يولدىن ئۆتكەندە ئۇلارنى «مەن كەلدىم !مەن كەلدىم!»دېگەننى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشلەر شۇ ئارقىلىق دىققىتىنى اللهقا ۋە كەئبىگە يۆتكەپ قاتتىق ئۇخلاۋاتقان روھلارنى ئويغىتىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ھەجگە بېرىشنى قارشى ئالىدۇ. ھاياجان بىلەن تولغان ھەج قىلغۇچىلار ئۆز جايىغا قايتىپ بارغاندا سانسىزلىغان كىشلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ خىل ئالاقە قىلىش بىلەن ئۆز دۆلىتىگە قايتقانلارنىڭ ھەج قىلىش جەريانىدا بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىشى قوشۇلۇپ مۆلچەرلىگۈسىز

دىنىي خىسلەت شەكىللەندۈردۇ.

(٣) ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئويغىنىش پەسلى

بىز مۇنداق دېيەلەيمىز: «روزا ئېيى» ئىسلام دىنىدا ئولۇغلىنىدىغان پەسىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەج قىلىش مەزگىلى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئويغىنىدىغان، ھاياتى كۈچكە تولغان پەسىل. ئەلۋ ئېھتىياتچان اللهمۇ شۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق، تەڭداشسىز تۈزۈمنى بارلىققا كەلتۈردى. اللهقا تايانغاندا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەركىتى ئاخىرقى زاماندىمۇ مەڭگۈ خاراپلاشمايدۇ. ۋەزىيەتنىڭ قانداق ئۆزگىرىش ۋە زاماننىڭ ناچار بولىشىدىن قەتئىنەزەر بۇلار كەئبە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئورنىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇ خۇددى ئادەمنىڭ يۈرىكىنىڭ ئادەم ھاياتىدىكى ئورنىغا، يەنى يۈرەك بىر كۈن سوقۇپ تۇرسا، ئادەم ئۆلمىگىنىگە ئوخشىشى مومكىن. ئىسلام دىنى دۇنياسىنىڭ بۇ يۈرىكى يىراقتىكى تومۇرلار ئارقىلىق قاننى ھەر بىر قىسمىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ يۈرەك بىر كۈنلا سوقىدىكەن، بۇ خىل قان ئايلىنىش ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. گەرچە كېسەل سەۋەبىدىن ھارغىنلىق ھېس قىلسىمۇ ، ئەمما بۇ بەدەندىكى ھاياتلىق توختاپ قالمايدۇ.

(٤) ئىتتىپاقلىشىپ تەسىرلەندۈرۈش مەنزىرىسى

كۆپچىلىك كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ بۇ مەنزىرىنى ئويلاپ بېقىڭلار. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن خەلق بىر مەركەزگە توپلىنىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ چىراي شەكلى، ئىرق، تىلى ئوخشىمىسىمۇ لېكىن پەرز ئۆتەكىلگە كەلگەن ھامان ھەممەيلەن ئەسلىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئاددى بولغان كىيىمنى كىيىشىدۇ. ھېچكىممۇ بۇنىڭ سىتىدا قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىر قوشۇن بىرلىققا كېلىدۇ. بۇ قوشۇن بىردىن - بىر اللهنىڭ قوشۇنى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چاقىرىپ كېلىنگەن قوشۇن. ئۇلارنىڭ ئۇلار بىردىن بىر اللهنى ئېپادىلەپ تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە قاتار - قاتار

بولۇپ كۆزلىگەن نىشانغا - اللهقا يېقىنلىشىدۇ. رەتلىك كىينگەن بۇ قوشۇن پەرز ئۆتكىلىدىن ئۆتكەنگە ئوخشاش شۇئارنى توۋلاپ ماڭىدۇ. گەرچە ئۇلار ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما بۇ شۇئار ئوخشاش نىشانغا يېقىنلاشقانسىرى، چەمبىرەك شۇنچە كىچىكلەپ بارىدۇ. ھەر قايسى دۆلەتتىن كەلگەن بۇ قوشۇن بىر يەرگە جەم بولۇپ ئوخشاش كىيىم كىيىپ ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدۇ . ئوخشاش تىل ئىشلىتىدۇ. (اللهۇ ئەكبەر ) دېگەن بۇيرۇق بىلەن كۆپچىلىك بىرلىكتە رۇكۇدىن قوپىدۇ. بىرلىكتە رۇكۇغا بارىدۇ، بىرلىكتە  سەجدە قىلىدۇ، كۆپچىلىك ئوخشاشلا بىر ئەرەپ يېزىقىدىكى قۇرئاننى يادلايدۇ، ئوقۇيدۇ، ئاڭلايدۇ. شۇ ئارقىلىق مىللەت، دۆلەتلەر ئوتتۇرسىدىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ اللهقا ئېتقاد قىلىدىغان دۇنياۋى قوشۇننى بارلىققا كەلتۈرگەندە كۆپچىلىك ئوخشاشلا «مەن كەلدىم !مەن كەلدىم!» دەپ ئۈنلۈك توۋلايدۇ. ئىككى قوشۇن ئۆز-ئارا ئۇچرىشىپ قالغاندا ئىككى تەرەپ مۇشۇ ئارقىلىق بىر -بىرىگە جاۋاپ قايتۇرىدۇ . ھەر بىر قېتىم ناماز ئوقۇغاندا ۋە سەھەردە مۇشۇ  شۇئار ياڭراپ ئالاھىدە بىر خىل كىينىپ ئوخشاش بىر مەركەزنى چۆرىدەپ ساياھەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كىين كۆپچىلىك سافا ۋە مەرۋەدىن ئىبارەت ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرسىدىن مېڭىپ ئۆتىدۇ. كۆپچىلىك مىناغا چىدىر تىكىدۇ. ئاندىن ئەرافاتقا يۈرۈش قىلىپ بىر ئىمامنىڭ تەپسىرىنى ئاڭلايدۇ. كەچ كىرگەندە كۆپچىلىك بىرلىكتە مۇزدەلىفەدە قونىدۇ. ئەتىسى يەنە بىرلىكتە مىناغا بېرىپ چوڭ تاش تۈرۈككە تاش ئاتىدۇ، بىرلىكتە مال سويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرلىكتە كەئبىگە بېرىپ كوللىكتىپ سەيلە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرلىكتە مىناغا ماڭىدۇ. تولۇپ تاشقان ھېسيات بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بۇ پائالىيەتلەرنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن ھەرگىزمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ.

**(٥) مەركەز ۋە نىشانى بىر بولغان يىغىلىش**

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشلەر بىر مەركەزگە توپلىشىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ نىيتى ۋە ئىدىيىسى بىردەك بولىدۇ. ئۇلار  ئۆز - ئارا

مۇھەببەتلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتى ۋە پاك نىشانى مۇقەددەس، ئەخلاقى دۇرۇس بولىدۇ. شۇنى سوراپ باقايكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا كىمىۇ شاپائەتنى ئاتا قىلغان. دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرمۇ دائىم بىر يەرگە توپلىشىدۇ. لېكىن بۇنداق توپلىشىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ ئۇرۇشتا كۆپچىلىك بىر -بىرنى قىرىشىدۇ. تىنچلىق سۆھبىتىدە ھەر قايسى دۆلەت، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز-ئارا پارچىلىنىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا بولسا بىر - بىرنى ئالداپ، بىر - بىرنى چەتكە قېقىپ باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقاننىڭ ئورنىغا پايدىغا ئېرىشىدىغان ئىشلارنى يەتكىچە قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى پۇقرالار بولسا ئۆزلىرىنىڭ يۇرۇق قەلبى، پاك مۇئامىلىسى، ساپاسى، ئىدىيىسى ۋە سەممىيىتى بىلەن روھ، ھەرىكەت، ئىدىيە ۋە نىشان جەھەتتە بىرلىككە كېلىپ بىر جايغا توپلىشىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بىر قېتىملىق تاساددىپىي يىغىلىش بولماستىن، بەلكى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوخشاشلا بىر مەركەزگە يىغىلىشتۇر. ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بۇ خىل شاپائەت ئىسلام دىنىدىن باشقا يەنە قەيەردە بار؟ دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ۋەزىيەتنى تۈگىتىپ، دوستانە ئىناق بىر كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن كىممۇ بۇنىڭدىن ياخشىراق تۈزۈمنى لاھىيەلەپ چىقالايدۇ.

(٦)تىنچلىقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تۈزۈمنى ئورنىتىش

ئىسلام دىنىنىڭ پايدىلىق تەرىپى بۇلا ئەمەس. ئۇنىڭدا ھەج قىلىش مەزگىلىدىكى تۆت ئاي ئىچىدە كەئبىگە بارىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسىدە تىنچلىق ساقلاش كېرەك دەپ قاتتىق بەلگىلەنگەن. بۇ دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك تىنچلىقىنى بەرپا قىلىشتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھەرىكەت. ئەگەر ئىسلام دىنى دۇنيانىڭ سىياسىتىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولسا ئۇ ھالدا مۇسۇلمانلار ھەج قىلىش تۈزۈمىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوقۇم كۈچىنىڭ

بارىچە دۇنيادىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىشكە تىرىشىدۇ.

(٧) دۇنيادىكى بىردىن -بىر تىنچلىق مەركىزى

ئىسلام دىنى بۇ دۇنياغا تاجاۋۇز قىلغىلى بولمايدىغان بىر زېمىنى بېرىپ، بىر تىنچلىق شەھىرى بەرپا قىلدى. قىيامەت كۈنىگىچە شۇنداق بولىدۇ. چەكلەنگەن رايۇندائادەم ئۆلتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن ئوۋ ئولاشقىمۇ، بىر تال گۈل - گىياھنىمۇ يۇزىشقا بولمايدۇ. بىرەرسىنىڭ يولدا يوقىتىپ قويغان نەرسىگە باشقىلارنىڭ تېگىشىگە تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ تىنىچ شەھەردە قۇرال ئېلىپ يۈرگەن، ئاشلىق توپلىغان ياكى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىۋالغانلار ئېتقادى يوق ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغانلارنى الله ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن :

«كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز .» (سۈرە ھەج ٢٥-ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

(٨) ھەقىقى باراۋەرلىكنىڭ مەركىزى

ئىسلام دىنى بۇ دۇنياغا بىر مەركەزنى بەردى بۇ ئومۇمەن اللهنىڭ قۇدرىتى ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ رەھبەرلىكىنى ئېتراپ قىلغان كىشلەرنىڭ ئۇ ئامېرىكىلىق بولسۇن ياكى ئافرىقىلىق بولسۇن ... بۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ ھوقوقى باراۋەر بولىدۇ. مۇسۇلمانلا بولىدىكەن ئۇلارنىڭ ھوقوقى مەككىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ دېگەن مەنىدە. پۈتۈن چەكلەنگەن رايۇننىڭ (ھەرەمنىڭ) ئەھۋالى خۇددى بىر مەسجىدكە ئوخشىشىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم ئۇنىڭ قايسىلا يېرىدە تۇرسا، شۇ يەر ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ. ھېچكىم ئۇنى ھەيدىۋېتەلمەيدۇ ياكى شۇ جاينى ئۇنىڭغا ئىجارىگە بەرمەيدۇ. ئۇ ئادەم خالىسا ئۇ يەردە مەڭگۈ تۇرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ جاي مېنىڭكى دېيىشكە ھوقوقى يوق. بۇ يەرنى ئۇ ھەم باشقىلارغا سېتىپ بېرەلمەيدۇ، ئىجارىگىمۇ بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئادەم بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن، باشقىلار بۇ يەردە تۇرالايدۇ. مانا بۇ مەككە شەھرىدىكى چەكلەنگەن

رايۇن كەئىبنىڭ ئەھۋالى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: « بۇ شەھەرگە كىم بۇرۇن كىرسە ھەممە بىرەر يىرىدە تۇرسا ئەشۇ جاي ئۇنىڭ بولىدۇ.» دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدىن ئىجارە ھەققى ئېلىنمايدۇ. چوڭ خەلىپە ئۆمەر باشقىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قونىشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، يەرلىك كىشلەرگە ھويلىنىڭ تېمىغا ئىشىك بېكىتمەسلىك توغۇرسىدا بويرۇق بەرگەن ئىدى. كۆپلىگەن ھوقوقشۇناسلار ھەر قانداق ئادەمنىڭ مەككىدە مىراس قالدۇرىشىغا، ئۆيلىرىنى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇشىغا ھوقوقى يوق دېگەن تەلىماتنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىن بۆلەك يەنە نېمە ئىنسانلارغا مۇنداق شەپقەتلەرنى ئاتا قىلالايدۇ.

## ئىسلام قېرىنداشلار !مانا بۇ ھەج قىلىش

« ھەجگە بېرىڭ، نۇرغۇنلىغان پايدا سىزنى كۈتمەكتە، ھەجگە بېرىشنىڭ پايدىسىنىڭ كۆپلىكىنى بىر ئىغىز سۆز بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئاددى بايانىمدىن سىلەر بۇنىڭ پايدىسى توغۇرسىدا بىر ئاز چۈشەنچىگە ئىرىشكەنسىلەر. بىزنىڭ ھەجنى ھۆرمەتلىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس. يۇقۇردا چۈشەنچىلەرنى سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئەمدى مېنىڭ ئازاپلىنىۋاتقان قەلب سادايىمنى ئاڭلاپ بىقىڭلار. سىلەر ھازىرقى مۇسۇلمانلار خۇددى مەرۋايىت كېنىدا چوڭ بولغان، كىچىكىدىن باشلاپ ئەتراپىكى مەرۋايىتلارنى خۇددى بىر تال تاشنى ئوينىغاندەك ئويناپدىغان باللارغا ئوخشايسىلەر. ئۇ باللىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مەرۋايىتلار شۇ تاشقا ئوخشاش قەدرىسىز، سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار شۇ باللىغا ئوخشايدۇ. بۇگۈنكى دۇنيا ھالاكەتكە قاراپ چۈكۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا شاپائەتتىن قىلچە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دۇنيادىكى كىشلەر تۈرلۈك ئامالالارنى قىلىپ بۇ شاپائەتنى ئىزدىمەكتە، سىلەرچۇ؟ مۇسۇلمان ئائىلىسىدە ئىنتايىن تەلەيلىك تۇغۇلدۇڭلار ، شاپائەت يېنىڭلاردا، ئۇنى كۈچ سەرپ قىلىپ ئىزدىمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ اللهنى ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىنى ئېتراپ

قىلدىغان سۆزى «كەلىمە تەييىبە»لا ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بارلىق چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇ.ھەمدە ئىنسانلارغا ئاددى، ئۇنۇملۇك بىر يولنى كۆرسىتىپ بەردى. ۋەھالەنكى، بۇ سۆز سىلەر كىچىك بالا ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ ئاڭلاپ كەلگەن، ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇش توغۇرسىدىكى بەلگىلىمە (بۇ ئوتتىنا سۇرۇخ بىلەن دورا تەييارلاشتىنمۇ قىممەتلىك بولۇپ، ھايۋان سىياقىدىكى ئادەمنى بىر ئىنسانغا ئۆزگەرتەلەيدۇ.) ھازىرغىچە ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ ئادەمنى اللهتىن قورقىدىغان، ئىنسانلارنى قېرىنداشلاردەك ئۆتىدىغان قىلالايدۇ. ھالبۇكى بۇنى ئاتا -بوۋىڭىز سىزنىڭ تىلىڭىز چىققاندىن باشلاپلا ئۆگىتىپ كەلگەن. دۇنيادا تەڭدىشى يوق زاكات بىرىش تۈزۈمى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بەرھەم بەرگۈچى ھەم ھازىرقى زاماندىكى پۇل - مۇئامىلە تۈزۈمىنى تۈزەتكۈچى. بۈگۈنكى دۇنيادا مۇشۇ بىر تۈزۈم كەمچىل بولغانلىقتىن، كىشلەر ھېيلىگەرلىك بىلەن بۇلاپ - تالايدىغان بولۇپ كەتتى. سىزچۇ؟ كىچىكىڭىزدىن باشلاپ بۇ خىل رىتسىپقا ۋارىسلىق قىلىپ، باشقىلارغا ئوخشاش كۈچ سەرپ قىلىپ ئىزدەپ ئولتۇرمايسىز. ھەق ئېلىش تۈزۈمىمۇ ئوخشاش بىر ھەيۋەتلىك تۈزۈم. ھازىرغىچە ھەج قىلىشتىنمۇ كۈچلۈكرەك بولغان بىرەر ھەرىكەتنىڭ كېيىكىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە يېتىپ بارغىنى يوق. بۈگۈنكى دۇنيا اللهنىڭ نامى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، بىرلا اللهقا ئېتىقاد قىلدىغان ساپ نىيەت، باشقىلار ئۈچۈن بەخت تىلەيدىغان قىلالايدىغان كۈچ يوق. سىز ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا، دۇنيادا تەڭدىشى يوق بۇ مۈكەممەل تۈزۈمگە ئىگە بولدىڭىز. بۇ تۈزۈم دۇنياغا كەلگىلى بىر نەچچە يۈز يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىز ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ئازراقمۇ چۈشۈنەلمەيسىز. چۈنكى ئۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بولۇپ، شۇنداق قارىسىزلا ئۇنى كۆرەلەيسىز. سىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىڭىز خۇددى مەرۋايىت كېنىدا ئويناپ چوڭ بولغان مەرۋايىتنى تاش ئورنىدا ئوينايدىغان بالىلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

سىلەرنىڭ بىلمەسلىك ۋە نادانلىقتىن شۇنچە چوڭ بايلىقنى ئىسراپ قىلىۋەتكىنىڭلارنى كۆرۈپ يۈرۈكۈم زەرداپقا تولدى. ئىشچىلارنىڭ مەرۋايىتنى مىجىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كىممۇ ئۇنى توسماي تۇرالىسۇن ؟!»

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار !سىلەر بۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى ئاڭلىغان بولىشىڭلار مۇمكىن.

ئەيسانىڭكى ئېشكى،

گەر بارسىمۇ مەككىگە،

ئۇ يەنىلا ئىشەكتۇر،

قايتىپ كەلسە ئۆيىگە. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىر ئىشەك گەرچە ئۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئېشكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەككىگە بىر قېتىم بېرىپ كەلگەنلىكىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئۇ مەككىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىر ئېشەك.

ئىبادەت قىلىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىشنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈندۇر. ھەرگىزمۇ ھايۋانلارنى چېنىقتۇرۇش ئەمەس. ئەگەر بەزىلەر بۇ خىل چېنىقىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە نىشانىنى چۈشەنمىسە، ئۇلارنىڭ بۇ دەرىسلەرنى ئورۇنلاپ ساۋاپقا ئېرىشىش نىيىتىمۇ بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ كاللىسى قۇپ – قۇرۇق بولسا، بۇ دەرىسلەرنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنمەي، پەيغەمبەرنىڭ ھەرىكىتىنى دوراشنىلا بىلسە، قانداقمۇ ئۇنىۋمگە ئېرىشەلىسۇن!

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، بۇگۈنكى مۇسۇلمانلار مۇشۇنداقلارنىڭ دەل ئۆزى. ئۇلار پەقەت سىرىتقى كۆرۈنۈشنى دوراشنىلا بىلدۇ. لېكىن ئىچى قوپ -قۇرۇق بولۇپ ، ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارمۇ ھەر يىلى سانسىزلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلغىلى بارىدىغانلىقىنى ۋە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. لېكىن ئۇلار بارغاندا ھەج قىلغۇچىلارغا لايىق خىسلەتنى ھازىرلىمدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، ھەر بىر ھەج قىلغۇچى ھېس قىلالايدىغان تەسىرگە ئېرىشەلمىدى. ئۇلار سەپەر

جەرياندا بېسىپ ئۆتكەن جايلىرىدىمۇ شۇ جايدىكى كىشىلەرگە ياخشى تەسىر قالدۇرالمىدى. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ كىيىملىرى ناپاك، مۇئامىلىسى ناچار، ھەرىكىتى دۇرۇس ئەمەس بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئوبرازىغا داغ تەككۈزىۋاتىدۇ . باشقىلار ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن «دىن» ئەۋزەللىكىنى ھېس قىلىشىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئادەملىرى دىنىنى بىر ئىش ئورنىدا كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋرىمىزدىكى ياشلار دائىم مەندىن ھەج قىلىشنىڭ مەرتىۋىسى شۇنچە يۇقىرى ئىكەن، ھەتتا ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغانلارمۇ ئۇنىڭ رۇشەن پايدىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدىكەن ، ھەج قىلىشنىڭ زادى قانداق پايدىسى بار ؟ دەپ سورىشىدۇ. بۇ بىرخىل ھەرىكەتتە ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن سانسىزلىغان ئىسلام دىنى مۇرتلىرى بىر يەرگە جەم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسىسى ئۆز دۆلىتىگە قايتىدۇ. ئۇلار پاك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. پاك بولغان ئىدىيە ۋە دۇرۇس بولغان مۇئامىلىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار چوڭ - كىچىك شەھەر، بازارلاردىن ئۆتكەندە بۇ داۋلىنى ئېغىزىدىلا تەشۋىق قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا ٢٠-٣٠ يىل بولغىنى يوق. ئۇ ئون نەچچە ئەسىرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئويلاپ بېقىڭ، ئۇنىڭ پايدىسىنى سوراش ھاجەتمۇ؟ ﷲ: بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە ئۇنىڭ پايدىسىنى قارغۇمۇ كۆرەلەيدۇ، گاسمۇ ئاڭلىيالايدۇ ،دەپ ئېنىق قەيت قىلغان. ھەر يىللىق ھەج قىلىش پائالىيىتى ئون مىڭلىغان مۇسۇلماننى تېخىمۇ سەممىي قىلىدۇ. ئىسلام مۇرتى بولمىغان سانسىزلىغان كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتىدۇ. لېكىن شۇنچە ئۇلۇغ بىر ئىش بىر قىسىم نادان كىشىلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى.

## ھەج قىلىشنىڭ پايدىسىغا تولۇق ئېرىشىشنىڭ ئۇسۇلى

ھەج قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى مەركىزى، يەرشارى خارەكتېرلىك بۇ كۆچتىن خۇددى يۈرەكتە تازىلانغان ساپ قاننى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشلەرگە يەتكۈزۈپ بەرگىنىدەك، خۇددى الله ئاتا قىلغان بىر توپ سانسىزلىغان پوچتالىيۇن ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچۈرلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقانغا ئوخشاش تولۇق پايدىلىنىش كېرەك .كۆچى ئاجىز دېگەندىمۇ ساپ ئىسلام تۈرمۇشىنىڭ بىر باشلامچىسى بولۇپ ، توغرا يولغا ماڭدىغان بۇ يىغى دۇرىسىنى ئېچكۈزىۋېتىش كىرەك. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ مۇشىنىمۇ قىلالمىدى. ئۇزاق يىللاردىن بويان نادانلىق ئەرەبىستاندا يامراپ كەتتى. ئاباس خاندانلىقىدىن باشلاپ ئوسمان خانلىقىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر بىر دەۋرنىڭ پادىشاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ سياسي جەھەتتىكى مۇدداسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشى توختىماستىن ئۆزگىرىپلا قالماستىن، يەنە بىسىم ئىشلىتىپ ئەرەبلىكلەرنىڭ بىلىمى، ئەخلاقى ۋە مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتىپ تۆۋەن ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. نەتىجىدە ئىسلام نۇرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى يورۇتقان بۇ جاي، ھازىر ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى نادانلىق ھالىتىگە كىلىپ قالدى. ھازىر ئۇ يەردە ئىسلام دىنى بىلىملىرى يوق ياكى ئىسلام تۇرمۇشى يوق. كىشلەر چەكسىز سەممىيلىك بىلەن شۇنچە يىراقتىن كەئبىگە كېلىدۇ. لېكىن كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بۇ جاينىڭ نادانلىق، ئېپلاسلىقلار، ئاچكۆزلۈك، قوپاللىق بىلەن تولغانلىقىنى، ئۇ جايدىكى كىشلەرنىڭ پانىي ئالەمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، مۇئامىلىسىنىڭ ناچارلىقىنى، قالايمىقان ئىكەنلىكىنى، ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ يىلدىن - يىلغا ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. باشقا جايلاردىن كەلگەن ھەج قىلغۇچىلار بۇنى كۆرۈپ بىر سوغۇق نەپەس ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتىقادى كۆچىمەيلا قالماستىن، يەنە بىر ئاز

ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرى كەئبىگە قويۇپ قويغان، كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىكار قىلغان بۇتپەرەسلىك تۇرمۇشى ئۇ جايدا يەنە جانلاندى. اللەنىڭ ئۆيى ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكىگە ھەج قىلىش، مال – دۇنيا تېپىش مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ھەج قىلغۇچىلارنى ئۆزىگە خېرىدار قىلىپ، باشقىلارغا يۇقىرى مائاش بېرىپ ئۇلارنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا خېرىدار چاقىرىشقا ئەۋەتىدۇ.

مەسىلەن:

KHUDDAM OF AJMER ھەر يىلى مەككىدىن بىر تۈركۈم دەللەلەرنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خېرىدار تېپىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار كىشىلەرگە قۇرئان ئوقۇپ، ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ كىشىلەرنى ھەج قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىدى كىشىلەرنى اللەنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا ئۈندەش بولماستىن، بەلكى خۇددى اللەنىڭ ئەلچىلىرى بۇ تۇرمۇشنى روھانىي ۋە بۇ دەللەلەرنى بېقىش ئۈچۈن ئورناتقاندەك، ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئاز – تولا نەپ ئېلىشتۇر. شۇڭا بىر ئادەم ھەج قىلىشنى قارار قىلىپ ھەجگە بېرىپ كەلگىچە دىنىنىڭ تامىقىنى يەيدىغان ئادەمنى قانچىلىك ئۈچرىتىدۇ ؟

**MA’ALLIM, MUTAWWIF, VAKIL-I-MUTAWWIF, KILID BAR DAR-I-KA’BA**

ۋە خەنجى شەھىرى ھۆكمىتى مۇشۇ سودىنىڭ ئىگىسى ھەج قىلىشنىڭ تۈرلۈك مۇراسىملىرىنىڭ ھەممىسىگە پۇل ئېلىنىدۇ. ھەتتا KHANA-I-KA’BA نىڭ ئىشىكى ئۈچۈنمۇ ئازراق پۇل تۆلىمىسە، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىچىپ بېرەلمەيدۇ. اللەدىن بۇ جەھەتتە بىزنى قۇتقۇزىشنى تىلەيمەن، ھىندى دىنىنىڭ BANARAS ۋە ARDWAR دىن ئىبارەت ئىككى مۇقەددەس جايىدىكى ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەر قوللانغان ئۇسۇل ھازىر بىزنىڭ دىنىنى مەركىزىمىز بولغان MAJAWIRS (كەئبىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ)لار ۋە ئاتالمىش

«دىن» ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغۇچىلار تەرپىدىن قوللىنىلدى. ئىستىقامەت قىلدىغان بۇ جاي ئۇلارنىڭ پۇل تېپىش يولىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ھەج قىلغۇچىلاردىن پۇل ئېلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن اللهنىڭ پەرزلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى اللهنىڭ دەرىسىنى تامامالاشقا مەجبۇرلايدۇ. ھەر بىر تەپسىلى تۈرلىرىگىچە پۇل ئالىدۇ. ئۇلار «دىن» نىڭ شاپائىتىنى بىر خىل تاۋار ئورنىدىكى سودىغا ئايلاندۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا «ئىبادەت» نىڭ روھى قانداقمۇ ساقلىنىپ قالالىسۇن؟ سىز قانداقمۇ ھەجگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىسىز؟ ھەجگە بارغانلارمۇ «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىۋىي قىممىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ؟

مەن ھېچكىمنى ئەيىپلىمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمىشىم كېرەككى، شۇنچە قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ھەج نېمە سەۋەپتىن شۇنچە ئاجىز بولۇپ قالىدۇ؟ كۆپچىلىك ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈملىرىدە «قانداق كەمچىلىك بار؟» دەپ چۈشۈنۈپ قالماڭلار. ياق، ئەمەلىيەتتە كەمچىلىك ئىسلام دىننى توغرا يولغا قويمىغان ئاشۇ كىشىلەردە. ئىنسانلارنىڭ ئۆلگىسى بولۇشنى ئويلايدىغان ئەسلىدىكى ئۇسۇل توغرا بولغان. لېكىن، سىزنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىسلاھاتچىسى ۋە ئىمامى قىلغان ئۇسۇل ھازىر ئەسقاتمايدۇ. تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، خۇددى ئۇستا دوختۇر نۇرغۇنلىغان ئۈنۈملۈك رېتسىپلارنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ رېتسىپلار بىر تۈركۈم ئاددى ۋە بىلمىسىز دوختۇرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ كېرەكسىز بولۇپ قېلىپ، ئەسكى نامغا ئېرىشكەندەك، كىشىلەرمۇ بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈملۈك ياكى ئۈنۈملۈك ئەمەسلىكىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. ھەرقانچە ياخشى رېتسېپ بىلمىلىك كىشىلەر تەرپىدىن ئىشلىتىلسە، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ. ئەگەر كەسىپ ئەھلى بولمىغانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمايلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارغىمۇ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. ئادەتتىكى نادان ئادەمنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ياخشى بولمىغانلىقتىن، مۇشۇ رېتسىپنىڭ ئۆزىدە مەسىلە بارمىكىن دەپ خاتا چۈشىنىدۇ.

بۇ ئېكسپېدىتسىيە ١٩٣٨- يىلى يېزىلغان. ھازىر ئەھۋالدا كۆپ ياخشىلىنىش بولدى. سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكىمىتى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. مائارىپ ئومۇملاشتى، سالىياھقا ياردەم بېرىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى رىياد، مەككە ۋە جىددە قاتارلىق شەھەرلەردە تەسىس قىلىندى. مەدىنىدە كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ بولغان بىر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى بار. ئىسلام دىنى دۇنياسىدىكى بىر خەلقئارالىق تەشكىلات « دۇنيا ئىسلام دىنى ئىتتىپاقى » مەككىدە قۇرۇلدى. ئۇلار ھەج ئارقىلىق ھەر قايسى ئىسلام دىنى دۆلەتلىرىگە «دىن» نىڭ روھىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. مۇشۇ تەرەققىياتلار بولغانلىقتىن، ئەھۋالدا زور ياخشىلىنىش بارلىققا كەلدى. ھازىر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى ئىش بار. ئۇنىڭ بىرى، ئىككى مۇقەددەس جايدا (مەككە بىلەن مەدىنىنى كۆرسىتىدۇ) غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بۇلغىنىشى تولۇقتۇلدى. ئىككىنچى، ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ياخشىلاندى. اللهدىن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتتە توغرا تەدبىر قوللىنىشىنى تىلەيمەن! ئامىن!!!!

# ٧- بۆلۈم جىھاد

## ١. ئېكسپېدىتسىيە جىھاد

مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

ئالدىنقى بىر نەچچە قېتىمدا كۆپچىلىككە قايتا – قايتا اللهنىڭ بىزگە ئەمر قىلغان پەرزلىرىنى يەنى ئىسلامدىكى بەش پەرزنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. بۇ پەرزلەر باشقا دىنلاردىكى پەرزلەر (مەسىلەن: پۇجاپەت، نەزىر، نىياز ۋە جاتىرا قاتارلىقلار) بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. سىلەرنىڭ ئۇ پەرىزنى ئادا قىلىشىڭلار پەقەتلا اللهنىڭ خۇشاللىقىنى تىلەشتىن ئىبارەت. ئەمىلىيەتتە ھەقىقىي ئەھۋال بۇ پەرزلەرنى الله بىزگە شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمر قىلدىكى، بۇنىڭدىكى مەقسەت چوڭ

نىشان ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ۋە بىر چوڭ ۋەزىپە ئۈچۈن سىلەرنى تەربىيلەشتۇر. بۇ تەربىيە ئۇنىڭ تەييارلىق ئۇسۇلى، تەربىينىڭ مەقسىدى ھەققىدە مەن ھازىر كۆپچىلىككە تەپسىلىي توختىلىمەن.

## ئىسلامنىڭ ھەقىقىي نىشانى

ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي نىشانى ئادەمنىڭ ــ ئادەمگە قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىقىنى يوقۇتۇش ۋە يەر شارىدا بىر الله دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ھاياتى ھەتتا بارلىقى بىلەن كىرىشىشى جىھاد (كۆرەش) دېيىلىدۇ. ناماز، روزا، ھەج، زاكاتلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن قىلىنىدىغان تەييالىق خىزمەتلىرىدۇر. بىراق ئۇزۇندىن بىرى كۆپچىلىك بۇ نىشاننى ئۇنتۇپ قالدى ۋە ئۆزى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. چۈنكى ھەممە بەش پەرز خۇددى تەسەۋۋۇپ (سوفىزىم)دىكى مۇشەققەتلەرگە ئۆزگۈرۈپ كەتتى. بۇنىڭدىكى ئاساسى گەپنى بىر ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن ئېنىق تونۇشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ مەسىلىدە مەن كۆپچىلىككە ئەتراپلىق سۆزلەپ بىرىمەن.

## جىنايەتنىڭ مەنبەسى ــ چىرىك سىياسى تۈزۈم

بۇ دۇنيادا سىلەر ئىزدەپ تاپالايدىغان بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى دەل ئاشۇ سىياسىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ بەدئەخلاقىدۇر. ھوقوق ۋە بايلىق ئۇلارنىڭ قولىدا، قانۇننى شۇلار تۈزگەن، بارلىق مەمۇرى چوڭ ھوقوقلارنى ئاشۇلار يۈرگۈزىدۇ. ساقچى ۋە ھەربىيلەرمۇ ئۇلارنىڭ كونتۇروللۇقىدا بولىدۇ. شۇڭا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بارلىق جىنايەتلەرنى ئۇلار ئومۇملاشتۇرمىغان، بىراق دەل ئاشۇلارنىڭ ئىلھامى تۈپەيلىدىن بولغان. چۈنكى ئومۇملاشتۇرۇپ كىڭەيتىش ھوقوقلىرىمۇ ئەنە شۇلارنىڭ قولىدا. بىر مىسال ئالايلى: كۆپچىلىك قايسى دۆلەتتە

پاھىشە – بۇزۇقچىلىقنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى، پاھىشىخانىلارنىڭ ئوچۇق – ئاشكارا تەسىس قىلىنغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ ناھايىتى ئاددىي. ھوقۇقنى تۇتقانلارنىڭ نەزىرىدە پاھىشە – بۇزۇقچىلىق جىنايەت ھېسابلانمايدۇ. ئۇلارمۇ بۇنداق بۇزۇقچىلىقنى راسا قىلىدۇ ۋە باشقىلارنىڭمۇ بۇزۇقچىلىقىغا يول قويىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنداق ئىشنى چەكلىگەن بولسا ئىدى، بۇ جىنايەت بۇنچە يامراپ كەتمىگەن بولاتتى. يەنە مەسىلەن: جازانە خورلۇقنىڭ قۇترap كېتىشى، بايلارنىڭ كەمبەغەللەرنىڭ قان – تەرىنى شورىشى يەنە نېمە سەۋەبتىن؟ چۈنكى ئاشۇ ھۆكۈمەتلەرمۇ جازانە يەيدۇ ھەم باشقىلارنىڭ جازانە يېيىشىگە يول قويىدۇ. سوت مەھكىمىلىرى ئېلان قىلغان نىزاملارمۇ جازانىخورلار ئۈچۈن پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. مۇشۇنداق قوللاش تۈپەيلىدىن زاڭ مال بانكىلارغا خۇددى يامغۇردەك يامراپ كېتىدۇ. سىلەر ئۇ خەلقلەر ئىددىيىسىنىڭ تۇراقسىزلىقىغا دىققەت قىلىپ بېقىڭلار. بۇ زادى قانداق ئىش؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرى خەلققە مۇشۇنداق تەربىينى سىڭدۈرىدۇ. ئۇلارنى سىلەر كۆرۈپ تۇرغان ئاشۇ قىلىپلاشقان ئەخلاق پەزىلەتنى سىڭدۈرىدۇ. ئۇلارنى سىلەر كۆرۈپ تۇرغان ئاشۇ قىلىپلاشقان ئەخلاق پەزىلەتنى قوبۇل قىلىش بىلەن خۇشال قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ئەگەر سىلەر تەربىيە ۋە مەشقلەر ئارقىلىق باشقا بىر ئادەمنى ياساپ چىقىشنى ئويلىساڭلار، سىلەر قەيەردىن ياردەمگە ئېرىشەلەيسىلەر؟ گەرچە بىر قىسىم ياخشى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقساڭلارمۇ، ئۇلار قەيەردىن خىزمەت تاپىدۇ؟ بارلىق تىرىكچىلىك ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسەتلىرىنى رەزىل كىشىلەر چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان. سىلەر بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە قان ئېقىۋاتقانلىقىغا، ئىنسانلارنىڭ جاپالىق ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ كۆل بولىۋاتقانلىقىغا، قىممەتلىك كىتابلارنىڭ ئەخلەت ئورنىدا كۆيدۈرۈلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلساڭلار كۆرىۋالالايسىلەر. بۇ زادى قانداق ئىش؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب چوڭ ھۆكۈمرانلار بولسا ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ئەڭ جىنايەتكار كىشىلەردۇر.

ئۇلار بارلىق چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان. ھەممىنى ئۆزلىرى كونترول قىلىۋالغان. ئۇلار بىلىم، بايلىق، ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئىنسان ھاياتىنى قانداق قارار قىلغان ۋاقىتتا ھامان ھەممىدە ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىنى چىقىش قىلىدۇ. سىلەر بۇ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىزىش بارلىقىغا، ئاجىزلارنىڭ خاراب ھالىغا، كەمبەغەللەرنىڭ تۇرمۇش جاپالىرىغا، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سودا ئورۇنلىرىغا ئايلىنىپ، كىمنىڭ پۇلى بولسا شۇنىڭ توغرا بولىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ بېقىڭلار. خەلقنىڭ ئۈستىدىن شىلىنىۋېلىنغان باج – سېلىقلار ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرى مائاشى ئۈچۈن، چوڭ ھەشەمەتلىك بىنالارنى سېلىش ئۈچۈن، قورال – ياراق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ۋە ئەيش – ئىشرەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە. جازانىخورلار، پومىشچىكلار، يەر ئىگىلىرى، بەگزادىلەر ۋە ئۇنىڭۋان كويىدا يۈرگەنلەر، بۇتخانا خوجايىنلىرى، كىنوخانا خوجايىنلىرى، ھاراق سودىگەرلىرى، قىمارخانا سودىگەرلىرى، قىمارخانا خوجايىنلىرى دەل مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەر بولۇپ، الله ياراتقان ھاياتلىق، بايلىق، شان – شەرەپ، ئەخلاق قاتارلىقلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرماقتا. لېكىن مۇشۇ كىشىلەردىن نېمىشقا مۇشۇنداق؟ دەپ سورايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. تولىمۇ ئادەتتىكى سىياسىي ھاكىمىيەتلەردىن نۇقسان چىقتى. ھوقۇق تۇتقان قوللارغا پالاكەت كەلدى. ئۇلار باشقىلارنى ئېزىدۇ ۋە ئېزىلىۋاتقانلار بىلەن بىر تۇرىدۇ. ئادەتتە بوزەك قىلىش، خارلاش ئىشلىرىنىڭ پەيدا بولىشىنى ئۇلار ئارزۇ قىلىسمۇ، بىراق ئۇلار دائىم قانات ئاستىغا ئېلىپ تۇرىدۇ ۋە بۇنداق ئىشنى ياقلايدۇ.

يۇقارقى مىساللاردىن كۆپچىلىك ئاشۇ سىياسىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ پەسكەش پەزىلىتىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بارلىق گۇناھ – جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.خەلقنىڭ ئىددىيىسى بۇلغاندى، ئەخلاق چېكىنىپ كەتتى. ئىنسانىي پەزىلەت بۇزۇلدى. جازانە ۋە پاھىشىۋازلىق، تۇرمۇش چىرىكلىكى، زورلۇق – زۇمبۇرلۇق، ئىنسانىيەتنىڭ رەزىللىكىنىڭ ئەۋج ئېلىشى،

مانا مۇشۇنداق. ھەممىسىنىڭ سەۋەبى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ بۇزۇق كىشىلەر ھوقۇقنى ئىگىللىۋالغان. ناھايىتى رۇشەنكى بۇزۇق ئۇنسۇرلار ناۋادا ھوقۇقنى ئىگىلىۋالسا، بارلىق تىرىكچىلىك ئۇلارنىڭ كونترولluقىدا بولىدۇ. ئۇلار چوڭ ئىشلارنى بۇرمىلاپ ئەگرى قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا بارلىق ناتوغرا ئىشلار ئىنتايىن ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار بىر كۈن ھوقۇق تۇتسا، ئاشۇ بىر كۈن ئىسلاھات مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ.

## ئىسلاھاتنىڭ بىرىنچى قەدىمى _ ھۆكۈمەتنى ياخشىلاش

بۇ بىر نۇقتىنى چىڭ تۇتقاندا، ھەممە ئىش چۈشىنىشلىك بولۇپ كېتىدۇ. خەلقنى ئاپەت ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ، بەختكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار. ئۇ بولسىمۇ ئاشۇ سىياسىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئوبرازىنى توغرىلاشتۇر. ساۋاتلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەركىن زىنا قىلغان كىشىلەرنى قائىدە سۆزلەپلا توسقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىراق ئاشۇ سىياسىي ھاكىمىيەتلەر قاتتىق چەكلەيدىغان بولسا، خەلق تەبىئىلا بويسۇنىدۇ. پەقەت دىننى سۆزلەشكە تايىنىپلا ھاراقكەشلىكنى جازانىخورلۇقنى، قىمارنى، پارىخورلۇقنى، ئادەتتىن تاشقىرى ئويۇنلارنى، ئوچۇق كىيىملەرنى ۋە ئەخلاقسىزلىق تەربىيىلىرىنى چەكلەپ بولغىلى بولمايدۇ. بىراق ئەگەر سىلەر ھوقۇقنى قولغا ئالساڭلار ۋە ئۇنى يۇرگۈزسەڭلار بارلىق جىنايەت (گۇناھ) ئۆزلىكىدىن توختايدۇ. ناۋادا سىلەر ئىنسانلارنىڭ بايلىقى، ئەمگىكى، ئەقىل – پاراستى ھەمدە قابىلىيىتىنى ئىسراپچىلىق يوللىرىدىن قايتۇرۇشنى ۋە قايتا ھەق يولغا سەرىپ قىلىشنى ئويلىساڭلار، ئەگەر سىلەر دۇنيادا قايتا ئاپەت بولماسلىقنى، ئىزىلگەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان زور كۆپچىلىكنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىنى، بارلىق ئىنسانلارنىڭ شەرەپ، تىنچلىق ۋە ئىلگىرلەشنىڭ ئوخشاش پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلساڭلار، بۇ نۇرغۇن

ئىشنى پەقەت دىننى سۆزلەشكە تايىنىپلا ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، سىلەر سىياسىي ھاكىمىيەتنى كونترول قىلماي تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا بەخت ئېلىپ كېلىدىغان ئىسلاھات پىلانىنى تۈزگىلى بولمايدۇ. ئىنسانىيەتنى ئاپەت، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، دىننى سۆزلەپ قويساقلا ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ، بۇزۇق سىياسىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، توغرا پرىنسىپتىكى، مۇۋاپىق تۈزۈمدىكى سىياسىي ھاكىمىيەتنى ئورنىتىش كېرەك.

## پەسكەش سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى _ ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر

مۇھىم نۇقتىنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەك بولىدۇ، كۆپچىلىك بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى بۇزۇق سىياسى ھوقۇق ئىكەنلىكىنى، ئىسلاھاتتىن سۆزلەش، ئالدى بىلەن جىنايەتنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاشنىڭ لازىملىقىنى بىلدى. بىراق مەسىلە شۇ يەردىكى بۇزۇق سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ جىنايەتلىرىنىڭ مەنبەسى نەدە؟ ئىسلاھاتنى قەيەردىن باشلاش كېرەك؟ جاۋابى شۇكى: «ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، جىنايەتنىڭ يىلتىزىدۇر ». «تەڭرىنىڭ ئادەملەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش» قا ئۆزگەرتىپ بولالماي تۇرۇپ، ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ ھەممىسى قۇرۇق ئاۋارىچىلىقتۇر. سىلەر ھەيران قالساڭلار جاۋاب مانا شۇنداق ئاددىي، سىلەرمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ باقساڭلار، ئەڭ ئاخىرىدا مەن سىلەرگە ئېيتقاندەك جاۋابقا ئىگە بولالايسىلەر.

ئىنچىكە ئويلىنىپ بېقىڭلار! سىلەر ياشاۋاتقان يەر شارىنى الله ياراتقانمۇ ياكى باشقىلار ياراتقانمۇ ؟ ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقى تايىنىدىغان ھەممە نەرسىلەرنى تەڭرى تەمىن ئەتكەنمۇ ياكى باشقىلار تەمىن ئەتكەنمۇ ؟ ئەگەر بۇ سۇئالنىڭ

جاۋابى_ يەر شارى، ئىنسانىيەت ۋە بارلىق ماددىلارنى الله ياراتقان، ھەرگىزمۇ باشقىلار ياراتقان ئەمەس دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بىز بۇنىڭدىن بىلەلەيمىزكى، يەر اللهقا تەۋە، خەلقمۇ اللهقا مەنسۇپ، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قانداقسىگە بەزىلىرى اللهنىڭ مۇشۇ زېمىندا ئۆزلىرىنى ئىگە دەپ بۇيرۇق چىقىرالايدىكەن؟ ئۇلار قانداق قىلىپ اللهنىڭ قانۇنىنى كېرەك قىلماي، ئۆزلىرى ئويلاپ چىقارغان قانۇننى ئىشقا سېلىپ اللهنىڭ خەلقىنى ئىدارە قىلىدىكەن؟ سىلەرنىڭ ۋىجدانىڭلار، يەر- زېمىن A غا تەۋە بولۇپ، بىراق B ئۇستىدە تۇرۇپ بۇيرۇق سالسا، A نىڭ مال- مۈلكىنى B ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، A دۆلىتىنىڭ خەلقىگە B ھۆكۈمرانلىق قىلسا بۇنى كۆتىرەلەمدۇ؟ بۇنداق ئىشلار ھەق يولغا پۈتۈنلەي خىلاپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى مەيلى قايسى ۋاقىت، قەيەردە بولسۇن مۇقەررەر ياخشى بولمايدۇ. بىر ئادەم ناۋادا ھوقۇق تۇتۇپ بىلمەسلىكتىن چىقىپ قانۇن تۈزۈپ، چاتاقنى بولىشىچە تېرىپ مالىمان قىلسا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قەستەن باشقىلارنى ئېزىپ بوزەك قىلسا، زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆزىنىڭ نەپسىنى قاندۇرسا، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ بىلمىسىزلىكىدىن، توغرا قانۇن تۈزۈپ ئاممىنى ئىدارە قىلالمىغانلىقىدىن كۆرۈش كېرەك. تېخىمۇ خەتەرلىكى شۇكى، بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر اللهتىن قورقمىغان تىزگىنسىز ئاتتەك قانۇنىنىمۇ، تەڭرىنىمۇ كېرەك قىلمىغان. ناھايىتى روشەنكى بۇنداق كىشىلەر ھوقۇق تۇتۇپ قالسا، تەبئىيكى قانۇنىنىمۇ، تەڭرىنىمۇ كېرەك قىلمايدۇ.اللهدىن قورقمايدۇ، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەممىدىن ھۆرمەتلىك، ھېچكىم تەڭ كىلەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان كىشىلەر خەلقنىڭ ھاياتى ۋە بايلىقىنى كونترول قىلىۋالغان. پۇقرالار ئۇلارغا جان دىلى بىلەن بويسۇنىۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر ئۇنى ھەق يولغا، ئادالەتكە سادىق بولىدۇ دەپ قارامسىلەر؟ سىلەر ئۇنىڭ دۆلەت غەزىنىسىنى باشقۇرىشىدىن خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ سىلەر ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ھۇجۇم قىلمايدىغانلىقىغا،

ئۇمۇمنىڭ پۇللىرىدىن ئىشلىتىۋالماسلىقىغا، شەخشىي نەپسى- ھەۋىسى ئۈچۈن خەلققە زىيان كەلتۈرمەسلىككە ئۇمۇد باغلىيالامسىلەر؟ سىلەر بۇ كىشىلەرنى ھەقىقەتتە ماڭىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ھەقىقەتتە ماڭدۇرىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ياق ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، نەچچە مىڭ يىللىق تەجرىبە بۇنىڭ بۇنداق بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۈگۈنكى كۈندە سىلەر ﷲتىن ھېيىقمايدىغان، ئەۋلادلارنى ئويلىمايدىغان، كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيىتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، باشقىلارنى ئالداپ، ئەسكىلىك ۋە بۇزۇقچىلىقتا قايسى دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىغا ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن شاھىد بولالايسىلەر.

## ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي _ ﷲنىڭ ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر

قانداق خىلدىكى سىياسىي ھاكىمىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتا بولسۇن مۇھىم نۇقتا ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بولماستىن بەلكى ﷲنىڭ ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بولىشى كېرەك. ھوقۇق تۇتقۇچى يۇقىرى ئورۇنغا چىقىۋالماي، ئۇستىدە يەنە ﷲنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۆزىنىڭ ﷲنىڭ ياردىمىگىلا ئېرىشىدىغانلىقىنى تونۇشى كېرەك. بارلىق ئىشلارنى ھەممىنى بىلگۈچى، كۆرۈپ تۇرغۇچى ﷲقا تاپشۇرۇشى لازىم. قانۇن تۈزۈشتە ھەممىنى بىلگۈچى بۈيۈك ئاللاھنىڭ يېتەكلىشىنى ئاساس قىلىشى كېرەك. ﷲنىڭ قانۇننى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ياكى ئىنساننىڭ ئىدراكسىزلىقىنى، شەخسىيتى ۋە نەپسى- ھەۋىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا ھېچ كىشىنىڭ ھوقۇقى يوق.

مانا بۇ ئىسلامدا ئىسلاھاتقا كىرىشىشنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام ئىنسانلاردىن ئاساسەن ئومومەن «ﷲنى دۇنيادىنىڭ ئىگىسى» ئىكەنلىكىگە، (تەسەۋۋۇرىدىكى ئەمەس بەلكى ھەقىقىي ئىگە) ۋە ﷲقا، ﷲنىڭ كالامىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى قالدۇرغان قانۇنلارغا ھەقىقىي ئىشىنىدىغانلارنىڭ توغرا ئىش كۆرۈپ، ﷲنىڭ ئۆز

زېمىندىكى قانۇننى كۈچەيتىپ، ئاسىيلارنىڭ ھوقۇقىنى تارمار قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ نىگىزىدە سىلەر پەقەت اللهنى ھەقىقىي ئىگىمىز، ئۇنىڭ قانۇنى ھەقىقىي قانۇن دەپ تونىساڭلارلا بولمايدۇ. سىلەرمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، الله ياراتقان ئۆز يېرىڭلارغا مەسئۇل بولىشىڭلار كېرەك. ئاشۇ سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ خاتالىقىنى تىرىشىپ تۈزەپ، قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى ۋە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى، اللهتىن قورقمايدىغان قانۇننى، اللهنى كېرەك قىلمايدىغانلاردىن تارتىۋېلىشىڭلار كېرەك. اللهنىڭ بەندىلەرگە رەھبەرلىكى قىلىشنى ئۆتكۈزىۋېلىپ، اللهنىڭ قانۇننى ئاساس قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئاخىرەتتە ھەممىگە قادىر ۋە بىلگۈچى اللهنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىشىڭلار كېرەك. مانا مۇشۇنداق تىرىشچانلىق جىھاد(كۆرەش) بولىدۇ.

## ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى _ مۇشەققەتلىك بىر يولدۇر

بىراق كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىلىدۇكى، ھۆكۈمرانلىق قورقۇنۇشلۇق بىر ئىش، ئۇ ئادەمنى دىل ۋە يۈرىكىدىن ئاچكۆز قىلىۋېتىدۇ. ناۋادا يەر شارىدىكى بايلىقلار، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بىزنىڭ قولىمىزدا بولۇپ قالسا، نەپسى- ھەپىسىمىز ئىنتايىن ئېشىپ كىتىپ، ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدىغان بولۇپ قالىمىز. بىر سىياسىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس، قىيىن بولغىنى ھوقۇقنى تارتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تەڭرىگە، ئىلاھقا ئۆزگىرىۋالماسلىق ۋە يەنە اللهنىڭ قۇلىدەك سالاھىيەتتە خىزمەت قىلىپ كىتىشتۇر. ئويلاپ بېقىڭلار! سىلەر بىرەر زومىگەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىساڭلار، ئۆزەڭلارمۇ زومىگەر بولۇپ كېتىسلەر، ئۇنداقتا بۇنىڭ نىمىگە پايدىسى بولدى؟ شۇڭا بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشتەك قاتتىق سىناقتىن ئىلگىرى، ئىسلام ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ تەييارلىق سۈپىتىدە تەربىيىلىنىشىڭلارنى تەلەپ قىلىدۇ. سىلەر تېخى قەلبىڭلاردىن نەپسى ۋە

ئاچكۆزلۈكنى يوقاتمىدىغانلار. روھىغانلارنى پاكلاپ، ئۆزلىرىگىلار ۋە باشقا ئىشلىرىگىلار ئۈچۈن كۆرەش قىلماي، اللهنى خۇشال قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ياخشى ياشىشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىغىلار كېرەك، تاكى مۇشۇنداق پەزىلەتنى ھازىرلىغۇچە، سىلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇق تارتىشىشىڭلار ھوقۇقۇڭلار قەتئىي يوق. سىلەر مۇشۇنداق خىسلەتنى ھازىرلاپ ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، نەپس- ھەۋىسىڭلار تەرىپىدىن ئىدرە قىلىنىپ قالمايسىلەر. بەلكى مۇستەھكەم ئېتىقادتا اللهنىڭ قانۇنىغا بويسۇنىسىلەر. سىلەر مۇسۇلمانلىق (پاكلىنىش) كەلىمىسى (كەلىمە تەييىبە) نى ئوقۇپلا ئىسلام دىنىغا كىرگىنىڭلاردا بۇ ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ سىلەرنى كىشلەرگە ھۆجۇم قىلىشقا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن ھەق- ناھەق كۆرىشى قىلىشقا بۇيرۇغىنى ئەمەس، ئىسلام سىلەرنى مۇشۇنداق چوڭ ئىشقا بۇيرۇشتىن بۇرۇن، سىلەرنى مۇستەھكەم ئىرادىدە تاۋلىنىش ۋە ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ.

## «ئىبادەت» _ چېنىقىش دەرسلىكىدۇر

ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج ئەمىلىيەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق ۋە چېنىقىشتۇر. خۇددى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارمىيە، ساقچى، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى ئالدى بىلەن ئالاھىدە تەربىيلەپ، ئاندىن ئىشقا قويغىنىغا ئوخشايدۇ. ئوخشاشلا ئىسلاممۇ خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنى ئالدى بىلەن تەربىيلەپ ئاندىن ئۇلارغا جىھاد قىلىش ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرىدۇ. بىراق ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ھەر قايسى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەتلىرى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ياخشى ئەخلاقى- پەزىلىتى، اللهدىن قورقۇش خىسلەتلىرىگە مۇھتاج ئەمەس.

شۇڭلاشقا ئۇ دۆلەتلەر ئۇ كىشلەرنى خىزمەتكە قويۇپ، ئۇلارنىڭ بۇزۇقچىلىق

قىلىشى، هاراق ئىچىشى، پاھىشە قىلىشى ۋە باشقا پەسكەشلىكلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. بىراق ئىسلام ئۆزى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان خىزمەتچىلەردىن ئەخلاق- پەزىلەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەملەرنى ﷲقا ئىبادەت قىلىشنى باشقا ئىشلاردىن مۇھىم دەپ بىلىدۇ. ئىسلامنىڭ مەقسىدى ئۇلار مۇستەھكەم تەربىيلىنىپ، تاكى يەر شارىدا ھەقىقىي ﷲنىڭ دۆلىتى قۇرۇلغىچە، ئىچى- تېشى بىردەك بولۇشنى ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار كۆرەش قىلسا، ئۆزلىرىنىڭ مەقسىدى ھەرگىزمۇ بايلىق ۋە زېمىن ئەمەس، بەلكى ﷲنىڭ شادلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلىسا، خەلقنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار غەلبە قىلىپ قالسا، ھەرگىزمۇ مەيدىسىنى كېرىپ مەغرۇرلانسا بولمايدۇ، ئەكسىچە ﷲقا تازىم ۋە سەجدە قىلىشى لازىم. ناۋادا ئۇلار ئەمىرلەردىن بولۇپ قالسا، ھەرگىز بۇ خەلقنى قۇل قىلىۋالماسلىقى لازىم. ئەمىلىيەتتە ئۇلارمۇ ﷲنىڭ قۇلى. ئۇلار خەلقنى ﷲتىن باشقا بىرەيلەننىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ناۋادا ئۇلار دۇنيادىكى بايلىقلارنى كونترول قىلغاندىمۇ ھەرگىزمۇ ئۇنى چۆنتىكىگە ، دوست- ياران، تۇغقانلارنىڭ چۆنتىكىگە سالماي، بەلكى ﷲنىڭ شاپائىتى ئۈچۈن دانالىق بىلەن باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىشى كېرەك. گويا سادىق باشقۇرغۇچىغا ئوخشاش، بىر جۈپ كۆزنىڭ ئۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك سېزىمدە بارلىق ھېساباتلىرىنى بىرىنى قالدۇرماي، خۇددى ئالى مەرتىۋىلىككە مەلۇم قىلغاندەك ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىش كۆرۈشى لازىم. «ئىبادەت» تىن باشقا يەنە چېنىقىش ۋە تەربىيلەشنىڭ ئۇسۇلى بولمايدۇ. ئىسلام بۇ كىشلەرنى تەربىيلىگەن ۋاقتتا ئۇلارغا شۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھازىر ﷲنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ سادىق بەندىلىرىگە ئايلاندىڭلار، كۆرەش قىلىڭلار! ﷲنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئاسىيلىرىنى چىقىرىپ تاشلاڭلار! ».

«ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ﷲقا ئىمان ئېيتىدىغان

ئەڭ ياخشى ئۇممەتسلەر.» (سۈرە ئال ئىمران ١١٠- سۈرە)

## اللهقا ئىشەنگۈچىلەر باشقۇرغان ھۆكۈمەتكە شاپائەت بولىدۇ

سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، ئەگەر ھۆكۈمەتنىكى ئارمىيە، ساقچى، قانۇن خادىملىرى، باجگىرلارنىڭ ھەممىسى اللهقا ئىتائەت قىلىدىغان كىشلەردىن بولسا، ھەممىسى قىيامەت كۈنىگە ۋە ئۆزىگە كېلىدىغان سوراققا ئىشىنىدىغانلاردىن بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەمىر - پەرمان، قانۇنلىرىنى اللهنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئاساس قىلىپ تۈزىدۇ. ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ئادالەتسىزلىك ۋە پاراسەتسىزلىك بولمايدۇ، بارلىق رەزىل قىلمىشلار دەل ۋاقتىدا تۈزىتىلىدۇ ۋە ھۆكۈمەتمۇ ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ۋە بايلىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئەخلاقنى ياخشىلايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئاۋام خەلققە كېلىدىغان شاپائەت قانچىلىك چوڭ بولىدۇ _ ھە! سىلەر بىر ئاز ئىنچىكە ئويلاپ باقساڭلار شۇنى چۈشىنەلەيسىلەركى، بۇنداق ھۆكۈمەت سىياسەت يۈرگۈزۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن خەلقنىڭ ناچار ئادەتلىرى تۈزىلىپ كېتىدۇ. بارلىق ئوغرىلىق، قىمار، پاھىشۋازلىق، بۇزۇقچىلىق چەكلىنىدۇ. ناچار تەلىم تەربىيە چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇنداق پاناھلىق ئاستىدا خەلق ئادالەت، تىنچلىق، ياخشىلىق، خوشال- خوراملىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈش پۇرستىگە ئىگە بولالايدۇ. ئۆتكەن دەۋىرلەردە بىر قىسىم دىنسىز، قانۇنسىزلارنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان خەلقلەر ھازىر ھەقنى ئاستا- ئاستا تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ جىنايەت قاپلىغان قەلبى ئەينەكتەك پاكلىنىپ، ھەقىقەتنى كۆرىدۇ ۋە باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا خەلق ناھايىتى ئوڭايلا بىر ئاددىي رېئاللىقنى يەنى پەقەت الله ئۆزلىرىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان باشقا شەيئىنىڭ يوقلىقىنى بىلىۋالىدۇ. الله ئۆزىنىڭ سادىق پەيغەمبىرى ئارقىلىق ئىنسانلارغا بىر بۆلەك مۇۋاپىق ھەقىقىي قانۇنلارنى ئاتا

قىلدى. بۈگۈنكى ئىنتايىن قىيىن بولغان ئىشنى شۇ چاغدا خەلق تەبىئىيلا قوبۇل قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تىل ۋە يېزىق بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمىغان ئىشلارنى شۇ ۋاقىتتا بارغاندا كىشلەر قىلچە جاپاسىزلا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى شۇ چاغدا كىشلەر «ئادەمگە ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى» بىلەن «ئىنسانغا اللهنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى» نىڭ قانچىلىك ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ناھايىتى ئوچۇقلا ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەيدۇ. بىر اللهتىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ۋەھيىلەرنى رەت قىلىش تەس بولۇپ قالىدۇ. بۇ دەل گۈل ئۆزگەنگە ئوخشاش ئىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ تىكەن ئۆزۈش ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئاللىبۇرۇن گۈل بىلەن تىكەننى ئايرىۋەتكەن. ئۇ دەۋىردە يەنە ئىسلام ھەققىتىگە ئىشىنىشنى رەت قىلىپ، كۇفرىدا چىڭ تۇرىدىغانلار، دىللىرى قېتىپ كەتكەن ئادەملەر بولۇپ، بۇنداقلار مىڭنىڭ ئىچىدە ٥-١٠ بولىدۇ ( ناھايىتى ئاز ، يوق دىيەرلىك)

قېرىنداشلار! مەن سىلەرنىڭ ناماز، روزا، زاكات، ھەجلەرنىڭ مەقسىدىنى ئۆزۈل- كېسىل چۈشىنىپ بولىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. سىلەر ئىلگىرى «ئىبادەت» نى باشتىن - ئاخىر fujapa (ھىندى دىنىدىكى تاۋلىنىش) ئوخشايدۇ دەپ قاراپ كەلگەن ئىدىڭلار، سىلەر ئىلگىرى بۇلارنىڭ چوڭ بىر ۋەزىپە ئۈچۈن ئىشلىنىدىغان تەييارلىق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئىدىڭلار.

دەل مۇشۇ سەۋەپتىن سىلەردە بۇ پەرزلەرنى ئادا قىلغان چاغدا قىلچە مەقسەت يوق ئىدى.

چۈنكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردا چوڭ ۋەزىپىگە تەييارلىق قىلىش نىيىتى بولمىغان ئىدى. مەن ھازىر سىلەرگە ئېيتايكى، بۇنداق كىشلەرنىڭ «ئىبادەت» ى قىلچە پايدىسىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە جىھاد ئىرادىسى مەۋجۇد ئەمەس جىھادنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر سىلەر مۇشۇنداق ئەھمىيەتسىز «ئىبادەت» لەرگە تايىنىپ، اللهنىڭ كۆيۈنىشىنى تىلسەڭلار، ئۇنداقتا سىلەر

اللەنى كۆرگەن ۋاقىتلاردا ئەمەلىي نەتىجىلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىلەر.

## ٢- لىكسىيە جىھادنىڭ مۇھىملىقى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

مەن «شەرىئەت»، «دىن»، «ئىبادەت» لەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ ئۆتتۈم. تۆۋەندە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاي:

«دىن» نىڭ مەنىسى ئىتائەت قىلماق، بويسۇنماق دېگەنلىك بولىدۇ.

«شەرىئەت» بولسا قانۇندۇر.

«ئىبادەت» بولسا مەجبۇرىي ئەمگەك دېگەنلىك بولىدۇ.

## «دىن» نىڭ مەنىسى

ناۋادا سىلەر مەلۇم ئادەمنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سىلەرگە رەھبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلساڭلار، مانا بۇ سىلەرنىڭ ئۇنىڭ «دىن» نى قوبۇل قىلغانلىقىڭلار، ئۇنىڭغا بويسۇنغانلىقىڭلار بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ سىلەرنىڭ رەھبىرىڭلار بولۇپ قالىدۇ. سىلەر ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بولۇپ قالىسىلەر. بۇ چۈشۈرگەن بۇيرۇق سىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، قانۇن يەنى «شەرىئەت» دۇر. شۇنداق قىلىپ ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزىگە تامامەن بويسۇنۇشنى بۇيرۇقلىرىنى بىرمۇ - بىر ئىجرا قىلىشنى، ئۇ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلماسلىقنى، سىلەرنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇ بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىكنى، ئۆز - ئارا مۇناسىۋەتلەردە، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، داۋا- ئەرزلەردە ۋە تالاش - تارتىشلاردا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، بەلگىلىمىلەرنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىلەرنىڭ مۇشۇنداق پوزىتسىيەڭلار مەجبۇرى ئەمگەك ياكى «ئىبادەت» دېيىلىدۇ.

يۇقارقى بايانلاردىن مەلۇمكى، «دىن» ئەمىلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ نامى،

«شەرىئەت» بولسا ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنى. «ئىبادەت» بولسا قانۇنغا ئىتائەت قىلىشتۇر. سىلەر كىمنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىكەنسىلەر، سىلەر دەل شۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر، يەنى سىلەر ئۇنىڭ «دىن» غا كىرگەن بولىسىلەر. ناۋادا سىلەرنىڭ رەھبىرىڭلار الله بولسا، سىلەر اللهنىڭ «دىن» غا كىرگەن بولىسىلەر. ئەگەر بۇ رەھبەرلىك مەلۇم دۆلەت بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا سىلەر دەل مۇشۇ دۆلەتنىڭ دىنىغا كىرگەن بولىسىلەر. ئەگەر دۆلىتىڭلاردىكى بىرەر تەشكىلات ۋە بىر دۆلىتىڭلار بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا سىلەر پۇقرالارنىڭ «دىن»ىغا كىرگەن بولىسىلەر. قىسقىسى سىلەرنىڭ بويۇنۇڭلارغا كىمنىڭ زەنجىرى چۈشسە، سىلەر شۇنىڭ «دىن» ى ئىچىدە بولىسىلەر. سىلەر كىمنىڭ قانۇنىغا بويسۇنساڭلار بۇ سىلەرنىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇرىي ئەمگەك قىلغۇچىلىرى بولىسىلەر، ئۇنىڭ «ئىبادەت» نى قىلغۇچىلار بولىدۇ.

## بىر ئادەمدە ئىككى خىل دىن بولمايدۇ

بۇ نۇقتىلارنى چۈشەنگەندىن كېيىن سىلەر بىر ئادەمدە ئىككى خىل «دىن» بولالمايدۇ دېگەننىڭ مەنىسىنى ئوڭايلا بىلىۋالالايسىلەر. چۈنكى نۇرغۇن «دىن» لار ئىچىدىن سىلەر پەقەت بىرنى تاللىۋالالايسىلەر. نۇرغۇن قانۇنلار ئىچىدىن سىلەر پەقەت بىرنى تاللىۋېلىپ ئۇمۇر بويى بويسۇنىسىلەر. نۇرغۇنلىغان چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرى ئىچىدە سىلەر پەقەت بىرىگىلا چوقۇنىسىلەر. سىلەر بەلكى بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئۇسۇللار بار ........ئېتىقاد تەرەپتە مەن بىر رەھبەرنى قوبۇل قىلىپ، ئەمىلىيەتتە باشقا بىرسىگە بويسۇنىمەن. بىرىگە چوقۇنۇپ ئەمىلىيەتتە باشقا بىرسىگە بېقىنىمەن. قەلبىمىز مەلۇم قانۇندا بولۇپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا باشقا بىر قانۇننى ئاساس قىلىمەن دېيىشىڭلار مۇمكىن. مېنىڭ بۇنداق قاراشلارغا بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى: شەكسىزكى ئەمىلىيەتتە سىلەر بۇنداق قىلساڭلار «مۇشرىك» بولۇپ (باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنغان) قالغان بولىسىلەر. بىراق بۇنداق شېرىكلىك پۈتۈنلەي ساختا. ئەمىلىيەتتە سىلەر ئۇنىڭغا بويسۇنىسىلەر، سىلەر ئۇنىڭ« دىن» نىڭ

ئەگەشكۈچىسىلەر. سىلەر ئۇنى رەھبىرىم دەپ قوبۇپ بويسۇنمىساڭلار، بىراق ئۇنىڭ «دىن» نى يەنە ئۆزەڭلارنىڭ «دىن» ى دېسەڭلار ، بۇ جۆيلۈش بولمامدۇ؟ قەلبىڭلار بىلەن تىلىڭلار بىر بولغاندىمۇ بۇ نېمىگە كېرەك. سىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇنىڭ «شەرىئەت»ىدىن كۈندىن- كۈنگە چەتنەپ كېتىسىلەر ھەم باشقا «شەرىئەت» كە بويسۇنۇپ كېتىسىلەر. سىلەر شۇ چاغدا مەن مەلۇم بىر «شەرىئەت» كە بويسۇنىمەن دىگەندىمۇ، بۇ قىلچە پايدىسىز بولىدۇ. سىلەر ئۆزەڭلارنى مەلۇم بىرسىگە چوقۇنىمەن دەپ ھەم ئۇنىڭغا باش ئۇرساڭلار، ھازىرقى دۇنيارىڭلاردا باشقىلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، بۇنداق باش ئۇرۇشلار پۈتۈنلەي ساختا ھەرىكەت خالاس. ئەمىلىيەتتە سىلەرنىڭ چوقۇنغىنىڭلار باشقا بىرى. سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈنلا «ئىبادەت» قىلىۋاتىسىلەر. ئۇنىڭلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىۋاتىسىلەر. ئۇنىڭ بۇيرۇقى سەۋەبىدىن سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلار چەكلىنىدۇ. سىلەر ئۇ بەلگىلەپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە خىزمەت قىلىسىلەر ۋە ئۇنىڭ تۈزۈمى بويىچە ئىش بېجىرىسىلەر. ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلىنىپ، تاۋار سودىسى قىلىسىلەر. سىلەر كەسپى ئىشلىرىڭلاردا ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلايسىلەر. ئۇنىڭ «شەرىئەت» گە ئاساسەن ئۆز- ئارا مۇناسىۋېتىڭلارنى قېلىپلاشتۇرىۋالىسىلەر. ئۆز- ئارا ھوقۇق ئايرىۋالىسىلەر. ئۇنىڭ بۇيرۇقى سەۋەبىدىن سىلەر يۇرەك، كاللا، پۇت، بايلىق ھەتتا ھاياتىڭلارنى ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىسىلەر. شۇڭلاشقا سىلەر نېمىگە ئېتىقاد قىلىڭلار، ئەگەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا، گەپ- سۆز ھەرىكىتىڭلار ئېتىقادىڭلارغا خىلاپ بولسا، ئۇنداقتا بۇ تۇرمۇش سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ يوقالماس رېئاللىقىڭلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئېتىقادسىزلىقلارنى پەيدا قىلغان ماكان سەۋەبىدىن بۇنداق ئېتىقادىنىڭ ھېچقاندىق ئەھمىيتى بولمايدۇ. ئەگەر ئەمىلىيەتتە سىلەر مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ «دىن»ىغا تەۋە بولساڭلار، مەزمۇندا بىر اللەنىڭ دىننى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولىدۇ. مۇبادا سىلەر مەلۇم بىر خەلق (JAMHOOR) نىڭ دىنىغا ياكى گىرمانىيەلىكلەرنىڭ

ياكى ئېنگىلىزلارنىڭ «دىن» ىغا ياكى ئۆز دۆلىتىگلارنىڭ «دىن» ىغا تەۋە بولىساڭلار، باشقا «دىن» غا تەۋە بولىسلەر. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، قانداقلا ئەھۋالدا شېرىك كەلتۈرگۈچى بولىدىكەنسلەر، شۇ ئەھۋالدا يالغان سۆزلىگەن بولىدىغانلىقىڭلارنى ئېنىقلىۋېلىشىڭلار لازىم.

## ھەر بىر دىن ھوقۇقنى تەلەپ قىلىدۇ

سلەر بۇ نۇقتىنى ئېنىقلىۋالساڭلار شۇنداق يەكۈنگە ئېرىشەلەيسلەركى، مەيلى قايسى خىلدىكى «دىن» بولسۇن، ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلماي قالمايدۇ. ئامىمنىڭ «دىن» ىمۇ ياخشى، دۆلەتلەرنىڭ «دىن»ىمۇ، مەلۇم پارتىيە- گوروھلارنىڭ «دىن»ىمۇ ياخشى، اللهنىڭ دىنىمۇ ياخشى. ھەر بىر دىن ئۆزىنىڭ سىياسىي ھوقۇقنى تىكلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ. سىياسىي ھوقۇقى بولمىغان «دىن» خۇددى مەلۇم بىر قۇرۇلۇشنىڭ لاھىيەسىگە ئوخشاش پەقەت سلەرنىڭ مېڭەڭلاردىلا ساقلىنىدۇ.، يەر يۈزىدە بولسا بۇ بىنانى كۆرگىلى بولمايدۇ. سلەر ئەمەلدە پۈتۈن بولغان بىر بىنادا ئولتۇرغان بولىسلەر. ئۇنداقتا بۇ لاھىيەنىڭ نېمە كېرىكى بولىدۇ؟ سلەر بۇ بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ- چىققانسلەر، ئۇستىدە ئۆگزە ئەتراپىدا تام بولغان بۇ بىنادا سلەر بىنانىڭ ئەسلى لاھىيەسىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇرىسلەر، ئۇنداقتا سلەر باشقا لاھىيەلىگەن قۇرۇلۇشتا تۇرۇپ، بۇ مېڭەڭلەردىكى لاھىيە بىلەن ئوخشاش بولمىسا، سلەر ھەم بۇ لاھىيەگە چوڭقۇر ئىشەنچتە بولساڭلار بۇنىڭ نېمە ئەھمىيتى؟ ناۋادا سلەر باشتىن- ئاخىر باشقىلار سېلىپ بەرگەن قۇرۇلۇشتا ئولتۇراقلاشساڭلار، ئۇنداقتا سلەرنىڭ لاھىيەڭلار مەڭگۈ سلەرنىڭ مېڭەڭلەردىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. قۇرۇلۇش پەقەت تام ۋە ئۆگزىلىرى بولغاندىلا ھەم كىشلەر ئولتۇرالايدىغان ئۆيلىرى بولغاندىلا، ئاندىن بىنا دېيىلىدۇ. دىنىڭلارنىمۇ مۇشۇ مىسالغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئەمەلىي تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي باشقا بىر «دىن» غا ئاساسلىنىپ «پەقەت بىر دىنىنىڭ ھەقىقىيلىكىگە ئىشىنىش» نىڭ پايدىسى بولمايدۇ. خۇددى دەل تەسەۋۋۇرۇڭلاردىكى «دىن»

نىمۇ «دىن» دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. كىشلەر تەسەۋۋۇردىكى لاھىيە ئىچگە ئولتۇراقلاشمىغاندەك، ھېچكىم تەسەۋۋۇرۇدىكى «دىن» نى ئاساس قىلىپ ياشيالمايدۇ. بىر دىن پەقەت يەر شارى يۈزىدە ھاكىمىيەت تىكلەپ، قانۇن تۈزۈپ، ئەمىر- پەرمان ئېلان قىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشنى قېلىپلاشتۇرغاندىلا ئاندىن بۇ ھەقىقىي «دىن» بولالايدۇ. شۇڭلاشقا ھەر بىر «دىن» ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيتىنى تىكلەشكە مۇھتاج بولۇپ، پەقەت ئۇنى اللهنىڭ «دىن» ى دېيىش كېرەك.

## مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈش

١. دېموكراتىك «دىن»

ئاممىۋى «دىن» («ئاممىنىڭ دىن»ى) دېگەن نېمە؟ بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالى ھوقۇقنى خەلق قولىدا تۇتقان دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى تۈزۈپ چىققان «شەرىئەت» بىلەن ئۆزلىرىنى باشقۇرىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى ھەممە كىشىنىڭ بويسۇنىشنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيەتكە سادىق بولىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ كۈچلەر ھەقىقەتەن دېموكراتىك كۈچلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلمىسا، دېموكراتىك قانۇن تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلمىسا، بۇ «دىن» قانداقمۇ بەرپا قىلىنىدۇ؟ ناۋادا بۇ دۆلەت باشقا بىر دۆلەت ياكى باشقا بىر مىللەت تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنسا، ئۇنداقتا بۇ ئاممىۋىي «دىن» نى قەيەردىن تېپىش مۇمكىن؟ ئەگەر ئاللىكىملەر ئاممىنىڭ «دىن» غا ئىشەنسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىدىن مەپتۇن بولۇپ كەتسۇن! پەقەت دۆلەتنىڭ دىنى ياكى باشقا مىللەتنىڭ دىنى بىر كۈن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۇ بىر كۈن ئاممىۋىي دىندا بولالمايدۇ.

٢. ھۆكۈمدارلار «دىن»ى

بۇ خىل «دىن» دا دۆلەت خانى( شاھى) ئەڭ يۇقىرى ئورۇن تۇتقان بولۇپ، كۆپچىلىك بۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. بۇنىڭ «شەرىئەت»سىلا يولغا قويۇلىدۇ. ئەگەر

بۇنى قىلالمىسا ھۆكۈمدارلار شۇ دۆلەتنىڭ شاھى بولالمايدۇ ھەم ئۆزىنىمۇ ئەڭ ئالى ھۆكۈمدار دەپ ئېيتالمايدۇ. ناۋادا ئاممىنىڭ «دىن»ى تىكلىنىدىكەن. ھۆكۈمدارلار «دىن» ى تەبئىيلا يوقۇلۇپ كېتىدۇ.

٣. ئەنگىلىيە «دىن» ى

بىز ئەنگىلىيەنىڭ «دىن» ىغا يەنى ھازىرقى ھىندىستان دىنىغا قاراپ باقايلى. بۇ دىن شۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇكى، ھىندىستاندىكى جازا قانۇنلىرى ۋە ھەق- تەلەپ قانۇنلىرى قاتارلىقلارنى ئەنگىلىيە يۈرگۈزىۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ بارلىق تۇرمۇش پائالىيەتلىرىڭىز ئىنگىلىزلار بەلگىلەپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە بولىۋاتىدۇ. سىلەر ھەممىڭلار ئېنگىلىزلارغا باش ئۇرۇۋاتىسىلەر. مانا مۇشۇنداق «دىن قەپەس» ئىچىدە سىلەر ئېھتىمال باشقا بىر دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشىڭلار مۇمكىن. باشقا «دىن» لارنىڭ پائالىيەت زېمىنى ئالللىقاچان يوقالغان. ئەگەر ھىندىستاندىكى قانۇنلار بىر كۈن ئىجرا قىلىنىشدىن توختىسا، ئېنگىلىزلارنىڭ بۇيرۇقىنى ھېچكىم ئاڭلىمىسا، ئۇنداقتا ئەنگىلىيەنىڭ «دىن»ىنىڭ نېمە ئەھمىيتى قالىدۇ؟

٤. ئىسلام دىنى

ئىسلامدىكى «دىن»نىڭ ئاساسى شۇكى، پەقەت الله زېمىنىنىڭ ئىگىسى، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈمدارى، شۇڭا اللهقا بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش، ئىنساننىڭ ھاياتى ئۆلچەملىرى اللهنىڭ «شەرىئەت» سىگە رىئايە قىلىشى كېرەك.ئىسلامدا ئەڭ ئالى ھوقۇق اللهنىڭ ئىلكىدە دېيىلىدۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسى شۇكى، اللهنىڭ ئىرادىسى پۈتۈن ئالەمگە ئۆتىدۇ. سوت مەھكىمىسىدىكى ھۆكۈم چىقارغۇچىلارمۇ اللهنىڭ «شەرىئەت» سىنى ئاساس قىلىش، ساقچىلارمۇ اللهنىڭ ئەمرى بويىچە باج يىغىش ھەم بۇ باجنى كۆرسەتمىدىكى كىشلەرگە قارىتىپ ئېلىش، ھەق- تەلەپ قانۇنى ۋە ئارمىيەنىمۇ اللهنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تەشكىللەش، خەلق بارلىق ئەقىل- پاراسەت ۋە كۈچىنى اللهنىڭ يولىغا سەرپ

قىلىشى كېرەك. يەنە اﷲنىڭ ۋەھيىلىرىگە ئەمىر قىلىش، اﷲتىنلار قورقۇش، پۈتۈن خەلق اﷲقىلا سادىق بولۇش دېگەنلىكتۇر. ناھايىتى روشەنكى بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، اﷲنىڭ ھەقىقىي بىر دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇنداق «دىن» قانداقمۇ باشقا بىر «دىن»لار بىلەن چىقىشالىسۇن. خۇددى باشقا دىنلارغا ئوخشاش اﷲنىڭ دىنى بارلىق ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، مۇناسىپ ھالدا باشقا «دىن»لارنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن خەلقنىڭ بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن خەلقنىڭ بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ «دىن» ناۋادا ئەۋج ئالدۇرۇلىدىكەن، خەلقنىڭ «دىن»ى دەمدۇ، دۆلەت «دىن»ى دەمدۇ، كاپىتالىستىك «دىن» دەمدۇ ھەممىسى مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. قىسقىسى باشقا بىر «دىن»نىڭ مەۋجۇد بولىشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر باشقا بىر «دىن» بولىدىكەن، ئىسلام دىنى مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇ چاغدا سىلەر ئۇنىڭ «دىن» نى ئېتىراپ قىلساڭلارمۇ پايدىسى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق تەكىتلەنگەن: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اﷲقا خاس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اﷲقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلدى، ئەنە شۇلار(ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكات ) توغرا دىندۇر.» (سۈرە بەييىنە ٥-ئايەت)

«ئۇ سىلەرنى پەقەت بىر ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشلەرنىڭ تولىسى( بۇنى) بىلمەيدۇ.» (سۈرە يۈسۈف ٤٠- ئايەت)

«پىتنە تۈگىگەن، دىن پەقەت اﷲ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.»( ئەنفال سۈرىسى ٣٩-ئايەت)

«ئىبادەت ۋە دىن ئارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت اﷲقىلا خاستۇر. ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىغان.» (سۈرە يۈسۈف ٤٠-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

«ساڭا نازىل قىلغان كىتاپقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتاپقا (يەنى تەۋراتقا، ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بارماقچى بولىۋاتىدۇ. ھالبۇكى ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ. بىز ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق. (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق اللهقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ) ... » (سۈرە نىسا ٦٠.٦٤- ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى )

مەن كۆپچىلىككە «ئىبادەت»، «دىن» ۋە «شەرىئەت»لەرنى شەرھىيلەپ بەردىم. كۆپچىلىك يۇقارقى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چوقۇم ناھايىتى ئوڭايلا چۈشىنىۋالالايدۇ:

## جىھادنىڭ ئىسلام دىنىدىكى مۇھىملىقى

ھازىر جىھادنىڭ ئىسلام دىنىدا نېمە ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكى ئايان بولدى. خۇددى باشقا بارلىق تۈزۈملەرگە ئوخشاش اللهنىڭ «دىن»ىنىمۇ سىلەر پەقەت ئۇلارنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئېتىراپ قىلسىلا بولىدىغۇ دەيدىغان، شەكلەن نامازنى ئېتىقادىڭلارنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدىغان، شۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان بولۇپ قالماسلىقىڭلار كېرەك. سىلەر بۇ «دىن»غا ئەگىشىپ تۇرۇپ، باشقا بىر «دىن» ئۈچۈن خىزمەت قىلساڭلار بولمايدۇ. ھەتتا سىلەر بۇ «دىن»غا ئەگىشىپ تۇرۇپ، باشقا بىر خىل شەكىلدە تۇرمۇشمۇ كەچۈرەلمەيسىلەر. شۇڭلاشقا سىلەر بۇ «دىن»نى ھەقىقىي دەپ قارىساڭلار، ئۇنداقتا باشقا «دىن»نى تاللىۋالماسلىقىڭلار كېرەك. بەلكى بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار بىلەن بۇ «دىن»نى تۇرغۇزۇشىڭلار، تىكلىشىڭلار لازىم. سىلەر بەلكىم خوشياقمىغان ھالەتتە بۇ «دىن»نى بەرپا قىلىشىڭلار مۇمكىن ياكى بۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىڭلارنى تەغدىم قىلىشىڭلار مۇمكىن. مانا بۇ سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارنى سىنايدىغان ئۆيۈل تاشتۇر. ناۋادا سىلەرنىڭ

ئېتىقادىڭلار پاك بولۇپ، باشقا بىر تۈزۈم ئاستىدا ياشاۋاتقاندا، ھەرگىز ھاكىمىيەتنى قولغا ئالالماسلىقىڭلار ۋە شۇ تۈزۈم ئۈچۈن كەتمەن چاپماسلىقىڭلار، شۇ تۈزۈمنىڭ نەتىجىسىدىن پەخىرلەنمەسلىكىڭلار كېرەك. سىلەردە بۇ «دىن»غا قارىتا مۇستەھكەم بىر ئېتىقاد تىكلەنگەندىن كېيىن سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار باشقا بىر «دىن»نىڭ ئاستىدا بولسا، گويا تىكەن ئۈستىدە ياتقاندەك، يىگەن نەرسەڭلار زەھەردەك، ئاچچىق مېۋە يىگەندەك، بۇ ھەقىقىي دىننى بەرپا قىلالمىغاندەك ھېس قىلىپ دەقىقە خاتىرجەملىك ئىچىدە بولالمايسىلەر. مۇبادا سىلەر باشقا تۇرمۇش تۈزۈمى ئىچىدە تۇرۇپمۇ، يەنىلا خاتىرجەملىك ۋە شاد - خوراملىق ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلساڭلار، كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، سىلەر ئېتىقادى بار ئادەم ئەمەسسىلەر، مەيلى سىلەر قانچىلىك ئىخلاس بىلەن پەرىزلەرنى ئادا قىلىڭلار ياكى نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ تىلاۋەتتە بولۇڭلار ياكى «قۇرئان» ھەدىسىنى بېرىلىپ ئوقۇپ، ئىسلام پەلسەپەسىنى تەتقىق قىلىڭلار، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. بۇ دەل باشقا «دىن»لار بىلەن مۇرەسسە قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىدۇر. باشقا «دىن»غا ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىدىغان مۇناپىقلار (ساختا ئېتىقادكارلار) ۋە باشقا «دىن» لارغا (مەسىلەن: ئاممىۋىي «دىن») ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارغا مېنىڭ كۆز قارىشىم قانداق؟ ئۇلۇم يىراق قالمىدى، ۋاقتى كەلگەندە الله ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئەتكىنىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. ناۋادا بۇ كىشلەر ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالسا، ئۇلار پۈتۈلەي يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ. ناۋادا ئۇلاردا يەنىلا ئەقىل - پاراسەت بولۇپ، ماھىيەتنى چۈشىنىپ، بىر ھەقىقىي «دىن»نى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ، ئەمەلدە باشقا بىر تەرەپتىن، باشقا بىر تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەرغىپ قىلسا ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، بۇ پۈتۈنلەي ئۆز - ئۆزىگە زىت ئەھۋال بولىدۇ. سۇ بىلەن «ئوت» گەرچە بىللە مەۋجۇد بولۇپ تۇرالىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ اللهقا بولغان ئېتىقاد بىلەن بىللە مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. «قۇرئان»دىكى بۇنىڭغا ئائىت

ۋەھىيلەرنى بىرمۇ - بىر كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە بىر نەچچە ئايەتنى تىلغا ئېلىپ كۆرسىتەيلى:

(١) «ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قۇيۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.» (سۈرە ئەنكەبۇد ٢-،٣- ئايەتلەر)

(٢) بەزى كىشلەر«اللهقا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. اللهنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشلەر تەرىپىدىن كەلگەن كۇلپەتنى اللهنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت كەلسە، «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ. الله جاھان ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلمەمدۇ؟ الله مۆئمىنلەرنى چوقۇم بىلىدۇ. مۇناپىقلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.» (سۈرە ئەنكەبۇت ١٠-.١١- ئايەت)

(٣) «الله يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆئمىندىن) ئايرىمىغىچە مۆئمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران ١٧٩- ئايەت بىر قىسمى)

(٤) «الله سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغانلارنى اللهتىن، اللهنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۆئمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلمىغانلارنى بىلمەي تۇرۇپ (يەنى ئوتتۇرىغا چىقارماي تۇرۇپ) سىلەر ئۆز ھالىڭىزغا قويۇپ بېرىلىمىز (يەنى سىنالمايمىز) دەپ ئويلامسىلەر؟ الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.» (سۈرە تەۋبە ١٦ ئايەت)

(٥) «اللهنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمنى ئۇلارنىڭ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سىلەرگىمۇ، ئۇ قەۋمگىمۇ (يەنى يەھۇدىلارغىمۇ) مەنسۇپ ئەمەس).... ئۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر. بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى زىيان تارتقۇچىلاردۇر. شۈبھىسىزكى، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارىشلاشقۇچىلار

ئەڭ خار ئىنسانلار قاتارىدىدۇر (الله لەۋھۇلمەھپۇزغا): « مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلبە قىلىمىز.» دەپ يازدى. الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.» (سۇرە مۇجادەلە ١٤-.١٩-،٢٠-،٢١- ئايەتلەر)

## ھەقىقىي مۆئمىننى تونۇشنىڭ بەلگىسى جىھاد

يۇقارقى «قۇرئان» ئايەتلىرىدىن ئىش تېخىمۇ ئايان بولىدۇ. دۇنيادا بىر نەچچە خىل ھايات تۈزۈملىرى مەيدانغا چىققاندا، بىر مۆئمىن شۇ تۈرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتقاندا، ئۇنىڭ ھەقىقىي بىر «دىن»نى بەرپا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرستىش دەرىجىسى بىلەن ئىسپاتلاش كېرەك. ئەگەر ئۇ مۇشۇ نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى چىقارغان بولسا، ھەتتا ھاياتىنى تەغدىم قىلىشتىن باش تارتمىغان ۋە بارلىق زىيان - زەخمەتلەرنى قوبۇل قىلالىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ نەتىجە قازانسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ مۆئمىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ. بىراق ناۋادا ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت بىلەن مۇرەسسەچىلىك قىلغان ياكى ئۇ ھاكىمىيەتكە ئىشتىراك قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆزىدە ئىمان بار دەپ ئېيتقان تەغدىردىمۇ ئۇ ھامان بىر ئالدامچىلىقتۇر._ خالاس.

## جىھاد قىلمىغۇچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ

بۇنىڭدىن باشقا يۇقارقى ئايەتلەردە ھەقىقىي دىننى بەرپا قىلىشتا، قىيىنچىلىقى بار كىشلەرگە جاۋاب بېرىلگەن، ناھايىتى ئېنىقكى ھەر قېتىم ھەقىقىي دىننى بەرپا قىلىشقا ئېرىشىش، باشلىنىش بىلەنلا بىر نەچچە ساختا «دىن»لار ھوقۇقىنى ئىگەللەپ تۇرغان بۇ «دىن» بارلىق ئارمىيە ۋە ئىقتىسادى بايلىقنى ئىگەللەپ ئالغان بولىدۇ ۋە پۈتكۈل تۇرمۇشقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولىدۇ. باشقا بىر «دىن»نى تازا ئەۋجگە ئالغان بۇ «دىن»نىڭ ئۇستىگە دەسسىتىش ھەرگىزمۇ

ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئەگەر بىخەستىلىك قىلىنسا، بۇ ۋەزىپىنى بىر ئۆمۈر ئورۇنلاپ بولغىلى بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ساختا «دىن» قەپىزى ئىچىدە راھەت - پاراغەتتە ياشاپ تۇرۇپ، يەنە بىر ھەقىقىي «دىن»نى بەرپا قىلىشنى ئويلىساڭلار، بۇ مەجنۇنلۇق ۋە چۈشكە ئوخشاشلا مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بارلىق پايدا - مەنپەئەت ۋە ھوزۇر - ھالاۋەتتىن ۋاز كېچىپ، باتۇرلۇق بىلەن ھېچ نەرسىنى ئايىماي، بۇ يولغا ئاتلىنىشقا تەييارلىق كۆرستىشى كېرەك. JIHAD-FI-SABILLILLAH ( الله يولىدا جىھاد قىلىش) مۇشۇ جاپالىق ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا بەل باغلىغانلارنىڭ بۇرچىدۇر. لېكىن بۇنداق ئادەملەر ئانچە كۆپ بولمايدۇ. گەرچە ھەقىقىي «دىن»غا ئەگەششمۇ، بىراق پوزىتسىيەدە ئۇزۇل - كېسىل بولمىغان كىشلەر چوڭ گەپ قىلسىمۇ ئۇلار پەقەت راھەت پاراغەتتىلا ياشايدۇ ۋە نەپسى - خائىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. الله يولىدا جاپا مۇشەققەتلىك كۈرەش قىلىپ، ئاخىرى غەلبە - نۇسرەت قازانغۇچىلار ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ھەقىقىي بىر «دىن»نى بەرپا قىلغاندا، بۇ كىشلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىشىپ، شۇنداق دېيىشىدۇ: INNA KUNNA MA`AKUM (مەنىسى: بىز ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ شېرىكىڭلار، ئەمدى بىزنىڭ تېگىشلىك ھەققىمىزنى بۆلۈپ بېرىڭلار!)